# تۇرلۇش قوقوماقلىن

# ماقاللار

ئەزىزوۋ قاسىم

# ئۇرۇش ۋە قوماندان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ۋەلى
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: رىزۋان قادىر


ئۇرۇش ۋە قوماندان
ئەزىزوۋ قاسىم
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850 مىللىمېتر 1/32
باسما تاۋىقى: 8 قىستۇرما ۋارىقى: 4
1993 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
1994 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 2050 — 1
ISBN 7—228—02708—6/K·283
باھاسى: 5.00 يۈەن




## ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

ئەزىزوۋ قاسىم 1926 - يىلى 11 - ئايدا ئاتۇشتىكى بىر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، دۆربىلجىن ناھىيىسىدە باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئاۋۋال ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىندە، كېيىن خۋاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسىدە ئوقۇغان. ئازادلىقتىن كېيىن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى نەنجىڭ ھەربىي شۆيۈەنىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك قوماندانلارنى تەربىيىلەش - يېتىشتۈرۈش فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، ئەزىزوۋ قاسىم گومىنداڭغا قارشى ئىلغار تەشكىلاتقا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، 1945 - يىلى گومىنداڭ تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلانغان. 1946 - يىلى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىگە قاتناشقان.

ئەزىزوۋ قاسىم ئارمىيىدە پەيجاڭ، ليەنجاڭ، گارنىزون باشلىقى، تۇەن شتاب باشلىقى، 5 - جۇن تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مۇئاۋىن تۇەنجاڭ، تۇەنجاڭ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى، قوشۇمچە قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئۈرۈمچى قىسىملىرىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 6 -، 7 - ۋە 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولغان.

ئەزىزوۋ قاسىمنىڭ يېزىقچىلىققا بولغان ھەۋىسى كىچىك ۋاقتىدىن باشلانغان. ئۇ، ئۆتمۈشتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ چىرىكلىكىنى پاش قىلىپ، خەلقنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىدىغان كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغانىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇ كۆپلىگەن شېئىر ۋە ئەسەرلەرنى يېزىپ، كەڭ كىتابخانلارغا تەقدىم قىلدى. ئۇنىڭ شېئىرلار توپلىمى «قىلىچ» 1986 - يىلى 4 - ئايدا مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. «مارشال ئىلھامى» دېگەن ئەسلىمىسى 1984 - يىلى 5 - ئايدا شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئاپتور ھازىر «قىساس خەنجىرى» ناملىق ئەسىرى ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.



## مۇندەرىجە


بىرىنچى باب ئۇرۇش ۋە ھەربىي قوراللارنىڭ تەرەققىياتى ........ 1

1 - بۆلۈم ئۇرۇش توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە ... 3

2 - بۆلۈم قۇلدارلىق تۈزۈمى دەۋرىدىكى ئۇرۇش ۋە ھەربىي قوراللار ........ 8

3 - بۆلۈم فېئوداللىق تۈزۈمى دەۋرىدىكى ئۇرۇش ۋە ھەربىي قوراللار ........ 16

4 - بۆلۈم كاپىتالىزم تۈزۈمى دەۋرىدىكى ئۇرۇش ۋە ھەربىي قوراللار ........ 23

5 - بۆلۈم جاھانگىرلىك دەۋرىدىكى ئۇرۇش ۋە ھەربىي قوراللار ........ 33

ئىككىنچى باب سۇن ۋۇ ۋە «سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇرى» ........ 51

1 - بۆلۈم قەيسەر قوماندان — سۇن ۋۇ ........ 51

2 - بۆلۈم «سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇرى» ... 56

3 - بۆلۈم ھۇجۇم پىلانى مەسىلىسى ........ 58

4 - بۆلۈم يەر تۈزۈلۈشىدىن پايدىلىنىش ........ 60

5 - بۆلۈم ئايغاقچىلارنى ئىشقا سېلىش ........ 62

6 - بۆلۈم ستراتېگىيە ۋە تاكتىكىغا ئەھمىيەت بېرىش ........ 63

7 – بۆلۈم مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا ئۆتكەن ئۈچ مەشھۇر ھەربىي سەركەردىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ........................ 69

ئۈچىنچى باب تارىختىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىي ستراتېگىيىسى ۋە تاكتىكىسى ........................ 74

1 – بۆلۈم قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋەزىيىتى ........................ 75

2 – بۆلۈم قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ھەربىي تەشكىلات ........................ 77

3 – بۆلۈم يۈرۈش ھالىتىدىكى قوشۇننىڭ نامى...... 48

4 – بۆلۈم ھەربىي تەشكىلاتلار، ھەربىي ئۇنۋان – دەرىجىلەر ........................ 96

5 – بۆلۈم ھەربىي قورallar ........................ 102

تۆتىنچى باب ئۇرۇش ھىيلە بىلەن بولىدۇ .............. 112

1 – بۆلۈم غالىب كېلىش ئامالى .................. 112

2 – بۆلۈم قايمۇقتۇرۇش ئامالى .................. 122

3 – بۆلۈم ھۇجۇم قىلىش ئامالى .................. 136

4 – بۆلۈم ئوستاتلىق ئامالى .................. 166

5 – بۆلۈم يېڭىلدۇرۇش ئامالى .................. 180

بەشىنچى باب قوماندان ۋە ئۇرۇشتا قوماندانلىق قىلىش سەنئىتى ........................ 199

1 – بۆلۈم قوماندان ........................ 199

2 – بۆلۈم قوماندان تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ماھىر بولۇشى لازىم ........................ 204

3 – بۆلۈم ھەربىي پەن – تېخنىكىنىڭ زامانىۋىلىشىشى ۋە قوماندان ........................ 213

4 – بۆلۈم قوماندان ئۇرۇشنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشى كېرەك ...... 232



5 – بۆلۈم قوماندان ئۇرۇشتا يېتەكچىلىك قىلىشتا ئومۇمىي ۋەزىيەتكە ئېتىبار بېرىشى كېرەك ......... 238

6 – بۆلۈم قوماندانىنىڭ ئەسكەر ئىشلىتىش سەنئىتى ........................ 244

## بىرىنچى باب

# ئۇرۇش ۋە ھەربىي قوراللارنىڭ تەرەققىياتى

ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئىنسانلار تارىخىدىكى ئەڭ دەسلەپكى ئىجتىمائىي فورماتسىيە، ئۇ ئىپتىدائىي ئادەملەر توپى ۋە ئۇرۇقداشلىق كوممۇنىسىدىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ ھالەت تەخمىنەن 2 مىليون يىل داۋام قىلغان.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ يىمىرىلگەن ۋاقتى قەدىمكى مىسىر ۋە غەربىي - جەنۇبىي ئاسىيادا تەخمىنەن مىلادىدىن 3000 يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. مەملىكىتىمىزدە بولسا، تەخمىنەن مىلادىدىن 2000 يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى ئىنتايىن تۆۋەن بولغانلىقتىن، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئىنتايىن ئاستا بولدى. لېكىن ئىپتىدائىي جەمئىيەت يەنىلا تەدرىجىي ھالدا تەرەققىي قىلىپ، ئىنسانلار كونا تاش قورال دەۋرىدىن يېڭى تاش قورال دەۋرىگە قەدەم قويدى، ئۇلار ئوقيا ۋە ساپال قاچىلارنى ئىشلەپ چىقاردى. ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ ۋە ئالماشتۇرۇشنىڭ تەرەققىياتى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە كېڭىيىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

كىشىلەرنىڭ ئەمگەك مېۋىلىرىنىڭ ئۆز تۇرمۇشىنى تەمىنلەشتىن ئېشىپ قېلىشى كىشىنى ـ كىشى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشنى، مۈلۈكچىلىكنىڭ ۋە ئالماشتۇرۇشنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، مال ـ مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلىشتىكى باراۋەرسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن ھاللىق ئائىلىلەر ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە تۇرمۇش ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، باشقىلارنىڭ ئەمگىكىنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئۇلار ئەڭ دەسلەپتە ئەسىرلەرنى قۇللارغا ئايلاندۇردى. جەمئىيەت تەدرىجىي ھالدا ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپلارغا بۆلۈندى. شۇنىڭ بىلەن ئىپتىدائىي جەمئىيەت يەيدىنپەي يىمىرىلىشكە باشلىدى، ئاخىر ئوخشاش بولمىغان شەكىللەر ئارقىلىق، قۇللۇق جەمئىيەت ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئورنىنى ئالدى.

قۇللۇق جەمئىيەت «قۇل ئىگىلەش تۈزۈمى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ جەمئىيەت قۇلدارلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە ئىگە بولۇشىنى ۋە قۇللارغا بىۋاسىتە ئىگە بولۇشىنى ئاساس قىلغان جەمئىيەت بولۇپ، قۇللۇق تۈزۈم ئىنسانىيەت تارىخىدا كىشىنى ـ كىشى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىدىغان تۇنجى تۈزۈم ئىدى.

قۇلدارلار بىلەن قۇللار قۇللۇق جەمئىيەتتىكى ئىككى ئاساسىي سىنىپ بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت جەمئىيەتتىكى ئاساسىي زىددىيەت ئىدى. قۇللارنىڭ قۇلدارلارغا قارشى كۆرەشلىرى قوراللىق قوزغىلاڭغا ئايلىنىپ، قۇلدارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تەۋرىتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن قۇللارغا ئىگىدارلىق قىلىش تۈزۈمى ھالاكەتكە يۈزلەندى. ئۇنىڭ ئورنىغا فېئوداللىق تۈزۈم دەسسىدى.



## 1 ـ بۆلۈم ئۇرۇش توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە

ئۇرۇش سىياسىيدىن ھالقىپ ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا قوللىنىلىدىغان زوراۋانلىق كۈچىنىڭ داۋاملىشىشى. ئۇ ئىنسانىيەت تارىخىدا خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە سىنىپ شەكىللەنگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. ئۇرۇش — مىللەت بىلەن مىللەت، سىنىپ بىلەن سىنىپ، دۆلەت بىلەن دۆلەت، سىياسىي گۇرۇھ بىلەن سىياسىي گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى كۆرەش شەكلى بولۇپ، سىياسىينىڭ داۋامىدۇر. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇرۇش قان تۆكۈلىدىغان سىياسىيدۇر.

ئىنسانىيەتنىڭ بىرنەچچە مىڭ يىللىق ئۇرۇش تارىخىدا، ئومۇمەن ئۇرۇش دەۋرلەرنىڭ بۆلۈنۈشى بويىچە قەدىمكى زامان ئۇرۇشى ۋە ھازىرقى زامان ئۇرۇشى دەپ ئىككىگە ئايرىلىپ كەلمەكتە. قۇللۇق جەمئىيەت ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتتە يۈز بەرگەن ئۇرۇشلار، مەسىلەن، قۇللار بىلەن قۇلدارلار ئوتتۇرىسىدا، فېئوداللار بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشلار قەدىمكى زامان ئۇرۇشى دەپ ئاتالدى. كاپىتالىزم تەرەققىي قىلىپ جاھانگىرلىك باسقۇچىغا يەتكەن مەزگىلدىكى ئۇرۇشلار ھازىرقى زامان ئۇرۇشى دەپ ئاتالدى. مەيلى قانداق شەكىلدىكى ئۇرۇش ئىكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، ئۇرۇشنىڭ ھەممىسى جاھانگىرلىككە ۋە زومىگەرلىككە ۋاسىتىلىك ياكى بىۋاسىتە باغلىنىشلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، لېنىن: «جاھانگىرلىك ھازىرقى زامان ئۇرۇشىنىڭ مەنبەسى» دېگەنىدى.

ئۇرۇش سىياسىينىڭ داۋامى بولغاچقا، خاراكتېر جەھەتتىن

ئادالەتلىك ئۇرۇش، ئادالەتسىز ئۇرۇش دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ئادالەتسىز ئۇرۇش تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىدۇر، ئادالەتلىك ئۇرۇش تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشتۇر. بىز ئادالەتلىك ئۇرۇشنى ياقلايمىز، ئادالەتسىز ئۇرۇشقا قارشى تۇرىمىز.

مەيلى قانداق ئۇرۇش بولمىسۇن، ئۇ، ئىنسانىيەتكە قىرغىنچىلىق، بالايىئاپەت، ئىقتىسادقا چوڭ ۋەيرانچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. تولۇق بولمىغان ستاتىستىكىغا قارىغاندا، مىلادىيدىن 3200 يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتتىن مىلادى 1964 - يىلىغىچە بولغان 5164 يىل ئىچىدە جەمئىي 14 مىڭ 513 قېتىم چوڭ - كىچىك ئۇرۇش بولغان بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 2.81 قېتىمدىن توغرا كەلگەن. مۇشۇ مەزگىلدە ئاران 329 يىل ئۇرۇش بولماي تىنچ ئۆتكەن. بۇ ئۇرۇشلارنىڭ ئىنسانىيەتكە كەلتۈرگەن زىيىنى ناھايىتى زور بولۇپ، جەمئىي 3 مىليارد 640 مىليون ئادەم ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتكەن. زىيانغا ئۇچرىغان بايلىقنى ئالتۇنغا سۇندۇرغاندا، يەر شارىنى بىر قېتىم ئوراپ چىققىلى بولىدىغان 75 كىلومېتر كەڭلىكتە، 10 مېتر قېلىنلىقتا بىر ئالتۇن يول ياسىغىلى بولىدىكەن. 1740 - يىلدىن 1974 - يىلىغىچە بولغان 234 يىل ئىچىدە 366 قېتىم ئۇرۇش بولغان بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 1.6 قېتىمدىن توغرا كەلگەن، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى 37 يىل ئىچىدە 470 قېتىمدىن كۆپرەك قىسمەن دائىرىلىك ئۇرۇش يۈز بەرگەن بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلىغا 12.7 قېتىمدىن توغرا كەلگەن. بۇ جەرياندا ئاسىيادا 29 قېتىم، ئوتتۇرا شەرقتە ۋە شىمالىي ئافرىقىدا 26 قېتىم، ئوتتۇرا جەنۇبىي ئافرىقىدا 17 قېتىم، ئوتتۇرا جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدە ئون قېتىم، ياۋروپادا بەش قېتىم كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش بولغان.



ھازىرغا قەدەر، دۇنيادا يۈز بەرگەن چوڭ ئۇرۇش 16 قېتىم بولۇپ، بۇ ئۇرۇشلارنىڭ ھەربىرىدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 300 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ قېتىمقى ئۇرۇشتا يارىدار بولغان ۋە ئۆلگەن ئادەم سانى 1 مىليوندىن، يەنە بىر قېتىمقى ئۇرۇشتا 50 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى. يادروسىز ئۇرۇشلار كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيان ئۈستىدە توختالغاندا، يېقىنقى بىرنەچچە ئەسىر ئىچىدە يۈز بەرگەن ئاپەت خاراكتېرلىك ئۇرۇشلارنى ئەسلەپ ئۆتۈش — كىشىلەرنىڭ كەلگۈسىدىكى يادروسىز ئۇرۇشلارنى بىلىۋېلىشى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى يادرو ئۇرۇشىنىڭ ئەھۋالىنى تەسەۋۋۇر قىلىشى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق، بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇش 1618 - يىلدىن 1648 - يىلغىچە بولغان «30 يىللىق ئۇرۇش» بولۇپ، بۇنىڭدا پروسسىيە بىلەن پورتىانس ئارمىيىسى مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ كاتولىك ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قىلىپ ئاخىرى غەلىبە قىلدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا كۆپلىگەن جەڭلەر ئوتتۇرا ياۋروپادا بولدى، ئاز دېگەندىمۇ 6 مىليون ئادەم جېنىدىن جۇدا بولدى. بۇ سان ئەينى ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا ياۋروپا ئاھالىسىنىڭ 40 پىرسەنتىنى، ئۇرۇشقا قاتناشقان دۆلەتلەر ئاھالىسىنىڭ 35 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئىككىنچىسى، 1914 - يىلدىن 1918 - يىلغىچە بولغان 1 - دۇنيا ئۇرۇشى، بۇ ئۇرۇش پۈتۈن دۇنياغا، بولۇپمۇ ياۋروپاغا زور قالايمىقانچىلىق ئېلىپ كەلدى. بۇ قېتىمقى قورقۇنچلۇق ئۇرۇش تەخمىنەن 5 مىليون ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. تېخىمۇ يامىنى شۇكى، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا خىمىيىۋى قوراللار كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلدى. ئىشلىتىلگەن 100 نەچچە مىليون كىلوگرام خىمىيىۋى زەھەرلىك دورىلار 100 مىڭ ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە، 1 مىليوندىن ئارتۇق ئادەمنىڭ مېيىپ بولۇشىغا سەۋەبچى بولدى.

2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئېلىپ كەلگەن بالايىئاپەت 50 مىليون ئادەمنى ھاياتىدىن مەھرۇم قىلدى، سانائەت، يېزا

ئىگىلىك ۋە ئورمانلارغا غايەت زور زىيان كەلتۈردى. ئۇرۇش سەۋەبىدىن ياۋروپانىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچى 40% تۆۋەنلەپ كەتتى، ئۇلار يېزا ئىگىلىكىنى بەش يىل زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش نەتىجىسىدىلا ئاران ئەسلىگە كەلتۈرەلىدى. 1961 - يىلدىن 1975 - يىلغىچە داۋام قىلغان ۋيېتنام ئۇرۇشىدا، ئامېرىكا 14 مىليون توننىدىن ئارتۇق بومبا ۋە كۆيدۈرگۈچ بومبا ئىشلەتتى. پۈتۈن ئۇرۇش جەريانىدا تەخمىنەن 2 مىليون ئادەم ئۆلدى، ئېغىر يارىدار بولغانلار ئۆلگەنلەرنىڭ 12 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. 17 مىليون ئادەم ئۆي - ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ سەرگەردان بولۇپ يۈردى. بۇ ھىندىچىنى ئاھالىسىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ.

بىز يۇقىرىدا ئۇرۇشنىڭ خاراكتېرى جەھەتتىن ئادالەتلىك ئۇرۇش، ئادالەتسىز ئۇرۇش دەپ ئىككىگە ئايرىلىدىغانلىقىنى قەيت قىلغانىدۇق. قۇلدارلىق جەمئىيەت ئىنسانىيەت تارىخىدا تۇنجى سىنىپىي جەمئىيەت بولۇپ، قۇلدارلار بىلەن قۇللاردىن ئىبارەت بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى، ياراشتۇرغىلى بولمايدىغان ئىككى سىنىپ شەكىللەنگەنىدى. قۇللارغا نىسبەتەن قۇلدارلارنىڭ قوللانغان دەھشەتلىك ۋەھشىيلەرچە ئېزىشى، ئىنتايىن قوپال ئېكسپىلاتاتسىيە ئۇسۇللىرى قۇللارنىڭ كەسكىن قارشىلىق كۆرسىتىشى ۋە غەزىپىنى قوزغىدى. قۇلدارلارغا قارشى كۈرەشنىڭ كەڭ دائىرىدە ئەۋج ئېلىۋاتقانلىقىدىن قورققان قۇلدارلار كۆپلىگەن كۈچلۈك قوشۇنلارنى تۇرغۇزۇشقا باشلىدى، قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەردىن مىسىر، جۇڭگو قاتارلىق دۆلەتلەردە قۇلدارلار باشلىغان ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ خاراكتېرى ئادالەتسىز ئۇرۇش بولۇپ، مەقسىتى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، ئۆزىگە مەجبۇرىي بويسۇندۇرۇش ئىدى. ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىكىنى قوغداش يولىدا ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى



بولسا ئادالەتلىك ئۇرۇش ئىدى.

قەدىمكى زاماندا قۇللار قوزغىلىڭى مەلۇم ۋاقىتلاردا تەرەققىي قىلىپ ئىچكى ئۇرۇشقا ئايلىنىپ كېتەتتى. مەسىلەن، مىلادىيىدىن بۇرۇن 71 — 73 - يىللىرى، مەشھۇر سپارتاك رەھبەرلىكىدىكى قۇللار قوزغىلىڭىدا، قۇللار جۇنتۇۋەنلىرى نۇرغۇن قېتىم ئۇرۇش قوزغاپ، رىم سىناتورلىرىنى ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقانىدى.

سپارتاك 78 كىشىنى باشلاپ كاپۇيىدىن ۋەزۋۇۋىي يانار تېغىغا قېچىپ بېرىپ، قوزغىلاڭ بايرىقىنى كۆتۈرگەن، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى تېز كېڭىيىپ بىرنەچچە 10 مىڭ كىشىگە يەتكەن، ئۇلار قورشاشقا كەلگەن رىم قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلغان. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى توسالغۇسىز ئىلگىرىلەپ جەنۇبتا زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 72 - يىلى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى زورىيىپ 120 مىڭ كىشىگە يەتكەن، سپارتاك قوشۇنلىرىنى باشلاپ شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، ئىتالىيە يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگىچە ئۇرۇش قىلىپ بارغان، دېڭىزدىن ئۆتۈش نەتىجە بەرمىگەچكە، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى كىراسسىنىڭ مۇداپىئە سېپىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، شەرقىي دېڭىز قىرغىقىغا قاراپ ئىلگىرىلىگەن. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 71 - يىلى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى رىم قوشۇنى بىلەن بىرىندىزى پورتى ئەتراپلىرىدا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلغان، سپارتاك ۋە 60 مىڭ قوزغىلاڭچى جەڭ مەيدانىدا جەڭ قىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن، 6000 قوزغىلاڭچى ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ، پاجىئەلىك زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان، قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ قالغان قىسمى كۈرەشنى ئون يىل داۋاملاشتۇرغانىدى.

سپارتاك قوزغىلىڭى قەدىمكى زاماندىكى ئېزىلگۈچى سىنىپنىڭ ئەڭ شانلىق ئازادلىق كۈرىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، سپارتاك تەڭداشسىز، قەھرىمانە كۈرەش قىلىش روھىنى ۋە

ئاجايىپ ھەربىي قابىلىيىتىنى كۆرسەتكەن، ماركس ئۇنى «ئالىيجاناب پەزىلەت» كە ئىگە «قەدىمكى زامان پرولېتارىياتىنىڭ ھەقىقىي ۋەكىلى» دەپ ماختىغان. قوزغىلاڭ رىم قۇلدارلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ ئاساسىنى تەۋرىتىپ، ئۆچمەس تارىخىي خىزمەت كۆرسەتكەن. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇرۇش مەنپەئەت توقۇنۇشىدۇر.

## 2 - بۆلۈم قۇلدارلىق تۈزۈمى دەۋرىدىكى ئۇرۇش ۋە ھەربىي قوراللار

قۇلدارلىق تۈزۈمى ئىنسانىيەت تارىخىدا تۇنجى قېتىم سىنىپ پەيدا بولغان ئىجتىمائىي تۈزۈمدۇر. قۇلدارلار بىلەن قۇللاردىن تەركىب تاپقان قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ناچار، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى قالاق، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇش تەرەققىي تاپمىغانىدى، بۇ جەمئىيەتتە ئېزىش - ئېزىلىش ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن ئەھۋالدا بىر - بىرىگە قارشى ئىككى سىنىپ پەيدا بولغان بولۇپ، بۇ ئىككى سىنىپ ئوتتۇرىسىدا، كۆپ ساندىكى ئەركىن ئەمگەكچىلەر قاتلىمى، مەسىلەن، دېھقانلار، قول ھۈنەرۋەن قاتارلىقلارمۇ ئوخشىمىغان شەكىلدىكى ئېكىسپىلاتاتسىيىگە ئۇچراپ تۇراتتى. قۇللۇق تۈزۈمىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئىنتايىن قالاق ۋە ئاددىي بولغانلىقتىن، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ناھايىتى ئاستا بولغان. ئەمما قۇلدارلىق تۈزۈم دېھقانچىلىقنىڭ ئالغا بېسىشى ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى دېھقانچىلىقتىن ئايرىپ چىقىرىپ، قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەپچى-



قىرىشنى بىر قەدەر ئىلگىرى سۈردى.

بۇ ۋاقىتتىكى قوشۇننىڭ مەنبەسى، قوراللىنىشى ۋە شتاتى قەدىمكى زامان دۆلەت قوشۇنلىرىنىڭ سىنىپىي خاراكتېرىنى يەنىلا ئۆزگەرتمىگەن بولۇپ، پۈتۈنلەي قۇل ئىگىلىرىنىڭ قوشۇنى ئىدى. قۇلدارلىق تۈزۈم شەكىللەنگەن دۆلەتلەردىكى قوشۇننىڭ يادروسى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان دائىمىي ئارمىيە بولۇپ، قۇلدارلار جەڭ ۋاقىتلىرىدا يېزا قىشلاق جامائەسىدىكى دېھقانلاردىن خەلق ئەسكەرلىرىنى تەشكىللەيتتى. دۆلەتنىڭ كۈنسايىن مۇستەھكەملىنىشى، دائىمىي ئارمىيىنىڭ ئۈزلۈكسىز زورىيىشى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ رولىنى كۈنسېرى كىچىكلەتتى.

قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ دەسلەپكى ۋاقتىدا قەدىمكى گرېتسىيە، رىم قاتارلىق دۆلەتلەر دەسلەپتە خەلق ئەسكەرلىرى تۈزۈمىنى قوللاندى. بۇ دۆلەتلەردە ئەر گراژدانلارنىڭ ھەممىسى ئەسكىرىي خىزمەت ئۆتەش مەجبۇرىيىتىگە ئىگە ئىدى. ياشلار تەلىم - تەربىيە ھەرىكەتلىرىگە يىغىلىپ قاتتىق ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئالغاندىن كېيىن تاكى 40 ياشقا كىرگەنگە قەدەر ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەيدىغان بولدى. ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا رىم سىناتى دۆلەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، مەلۇم ساندىكى ئادەملەرنى ھەربىي سەپكە چاقىرتىپ ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەتكۈزەتتى. «بۇ، يانچىلىق تۈزۈمنى ئاساس قىلغان خەلق ئەسكەرلىرى تۈزۈمىدىن ئىبارەت»① ئىدى.

قۇلدارلىق تۈزۈم پارچىلىنىپ يوقىلىش باسقۇچىغا يەتكەندە، ئارمىيىنىڭ ئەسكەر مەنبەسىنى تولۇقلاشتا يالانما ئەسكەرلىك تۈزۈمى يۈرگۈزۈلدى. قۇلدارلىق تۈزۈمى ئارمىيە-

① ئېنگېلس: «ھەربىي قوشۇنلار». «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى». خەنزۇچە نەشرى، 14 - توم، 9 - بەت.

نىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىغا ئاساس تۇرغۇزدى. بۇ ۋاقىتتا بىرىنچى قېتىم قۇرۇقلۇق ئارمىيە (پىيادە، ئاتلىق، ساپيور ۋە ئارقا سەپ ئەسكەرلىرى) ھەم دېڭىز ئارمىيىسى بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئارمىيىنىڭ تاكتىكا تەشكىلى بىر تۈرۈپ چىقىشقا باشلىدى. مەسىلەن، دۆلىتىمىزدە ئەڭ بالدۇرقى ئاتلىق ئەسكەرلەر ئەمنىيە - يېغىلىق دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن. جاۋ بەگلىكىنىڭ بېگى ۋۇ لىڭ مىلادىيىدىن 307 يىل ئىلگىرى، شىمالدىكى غۇزلارنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، غۇزلارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر سېپىنى ئۆلگە قىلىپ، كېلەڭسىز ئەنئەنىۋى جەڭ ھارۋىسىنى تاشلاپ، ئاتلىق قىسىم تەشكىللەپ ئۇرۇش مەيدانىدا پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىش ۋە دۇمبالىنىشتەك ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتكەنىدى.

قەدىمكى زامان دۆلەتلىرىنىڭ ئارمىيىسى ئوخشاشلا ئادەم سانى مۇقىم بولمىغان ئەترەتلەردىن تەشكىللىنەتتى. مۇھىم تەرەپكە ئېغىر تىپتىكى قوراللار، قوغدىنىش قوراللىرى بىلەن قوراللانغان ياساۋۇل، پالۋان، باتۇرلار قويۇلاتتى. بۇ خىلدىكى ئەسكەرلەر ئېغىر قوراللانغان پىيادە ئەسكەرلەر دەپ ئاتىلاتتى. بىر مۇھىم قوغدىنىش تەرەپكە قويۇلغان پىيادىلەر 800 دىن 16 مىڭ ئادەمگە يېتەتتى. يېنىك قوراللار بىلەن قوراللانغان پىيادىلەر كىچىك بۆلۈمچىلەرگە بۆلۈنۈپ، ئېغىر پىيادىلەرنى تولۇقلاش، ئۇلارغا ياردەم بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى.

قەدىمكى رىم قوشۇنى نۇرغۇنلىغان جۈنتۈەنلەرگە ئايرىلاتتى. ئادەتتە ھەر بىر جۈنتۈەن ئېغىر قوراللار بىلەن قوراللانغان 3000 ئەسكەر، يېنىك قوراللار بىلەن قوراللانغان 1200 پىيادە ئەسكەر ۋە 300 ئاتلىق ئەسكەردىن تەركىب تاپاتتى. جۈنتۈەن تەشكىلىي جەھەتتە 30 تاكتىكىلىق ئوتتۇرا ئەترەتكە بۆلۈنەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 20 ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ



ھەر بىرى 120 ئادەمدىن تەشكىللىنەتتى. ئون ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ ھەربىرى 60 نەپەر تەجرىبىلىك پالۋان - باتۇرلاردىن تەركىب تاپاتتى. جۈنتۈەننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئون چوڭ ئاتلىق ئەترەت، 30 كىچىك ئەترەتلەردىن تەشكىل قىلىناتتى. ھەر بىر كىچىك ئاتلىق ئەترەت 30 كىشىدىن تەركىب تاپاتتى. مىلادىيىدىن بىر ئەسىر بۇرۇن، جۈنتۈەننىڭ شتاتىدا بىرئاز ئۆزگىرىش بولدى. ھەر بىر چوڭ ئەترەت 360 تىن 600 گىچىلىك ئاتلىق ئەسكەردىن تەركىب تاپىدىغان بولدى.

قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى كۈچەيگەن دۆلەتلەردە پالاقلىق كېمە، يەلكەنلىك كېمىلەردىن تەركىب تاپقان دېڭىز ئارمىيىسى بار ئىدى.

ستراتېگىيە جەھەتتە: قەدىمدىن تارتىپلا ھەربىي تەلىمات ستراتېگىيە ۋە تاكتىكا دەپ ئىككىگە ئايرىلغانىدى. ئۇ ۋاقىتتا ستراتېگىيە ھەربىي تەلىماتنىڭ ئەڭ يۇقىرى قىسمى بولۇپ، ئۇ سىياسىي مەقسەت بىلەن دۆلەتنىڭ بايلىق مەنبەسىنى چىقىش نۇقتا قىلغان ھالدا ئۇرۇشنىڭ تەييارلىقى ۋە ئېلىپ بېرىلىشى قاتارلىق بىر تۈركۈم مەسىلىلەرنى ھەل قىلاتتى. قەدىمكى زامان شەرق دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلار ئۆزگە بويسۇندۇرۇش، ئۇزۇن مۇساپىلىق يۈرۈش قىلىپ، كەڭ يەر - زېمىنلارنى ئىشغال قىلىۋېلىشنى مەقسەت قىلغانلىقتىن، قوماندانلار ئون مىڭلىغان ئەسكەرنى قاتنىشتۇرۇش ئۈچۈن ئەتراپلىق پىلانلارنى تۈزۈيتتى. ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش ئۈچۈن دۈشمەن ئەھۋالى، ئارمىيە تەلىم - تەربىيىسى، ئۇرۇشقا كېرەكلىك لاۋازىمەتلەرنى بەلگىلەنگەن ئورۇنلارغا توپلاش قاتارلىق تەييارلىقلاردىن باشقا، بۆسۈپ كىرىش يۆنىلىشىنى بەلگىلەش، باشقا جەڭ قىلىش ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئەتراپلىق ۋە ئىنچىكە مۇزاكىرىلەرنى ئېلىپ باراتتى. قۇلدارلىق تۈزۈم تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىن، مەسىلەن، ئافىنا، ماكېدونىيە،

كارفاگېن، رىم قاتارلىق دۆلەتلەر كۆپلىگەن ماددىي بايلىقلارنى توپلاشتىن تاشقىرى، 30 مىڭ، 50 مىڭ، 80 مىڭ كىشىلىك قۇرۇقلۇق ئەسكەرلەرنى ھازىرلىغاندىن باشقا يەنە بىرنەچچە يۈز كېمىلەردىن تەركىب تاپقان دېڭىز ئارمىيىسىنىمۇ ئىشقا سالاتتى. گرېتسىيە – پارس ئۇرۇشى ۋە رىم بىلەن كارفاگېن ئۇرۇشى (پونوچىسكى ئۇرۇشى) قاتارلىق ئۇرۇشلار بىرنەچچە يىل، ھەتتا يۈز يىللارغىچە داۋام قىلغانىدى. ئۇرۇش جەريانىدا دۈشمەنلەشكەن دۆلەتلەر ئۆزئارا قىسقا ۋە ياكى ئۇزۇن مۇددەتلىك تاجاۋۇز قىلىش، كېچىلىك جەڭ، شەھەرنى قورشاش، دېڭىز ئۈستىنى قامال قىلىش، دېڭىز ئۇرۇشى، قاتناش لىنىيىلىرىگە ئۇشتۇمتۇت يوشۇرۇن ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق جەڭ ئۇسۇللىرىنى قوللىناتتى. ئەسكەرلەرنى تولۇقلاش، ئۆز دۆلىتىدىن ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتىش ياكى ئانتانتا دۆلەت قۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىناتتى. ئارمىيىنىڭ تەمىناتىنى ئاساسىي جەھەتتىن شۇ يەرنىڭ بايلىقىغا يۆلىنەتتى.

بىرمۇنچىلىغان مىللەتلەر ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلاردا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدىكى پارتىزانلىق ئۇرۇشى ۋە قايتۇرما ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق زەربە بېرىش، ۋەيران قىلىش خاراكتېرىدىكى ئۇرۇشلارنى ئېلىپ باراتتى، بۇ خىل ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇللىرى ۋە قايتۇرما ھۇجۇم قىلىش، ئۇشتۇمتۇت زەربە بېرىش قاتارلىق مۇرەككەپ ئۇرۇش قىلىش تەدبىرلىرى ئارقىلىق قارشى تەرەپكە ئېغىر زەربىلەرنى بېرەتتى.

قۇلدارلىق تۈزۈمدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئارمىيىلىرى سوقۇش قىلىش ئۇسۇللىرىنى ئۆزگەرتىش، قوراللارنى ياخشىلاش، ئارمىيىنىڭ سانىنى كۆپەيتىش، قوشۇنلىرىنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىش ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىق روھىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق تېخىمۇ كۈچەيدى.



قەدىمكى شەرق دۆلەتلىرىنىڭ ئارمىيىلىرى جەڭ قىلغاندا، ئادەتتە داڭلىق نەيزىۋازلارنى چىقىرىپ، دۈشمەننىڭ ئالدىنقى لىنىيىسىگە جەڭ ھارۋىلىرى ئارقىلىق ھۇجۇم قىلاتتى. جەڭنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرىدىغان ئاساسىي كۈچ – پىچاق، خەنجەر، ئۇزۇن نەيزە بىلەن قوراللانغان پىيادە ئەترەتلەر دۈشمەن قوشۇنلىرى بىلەن قۇچاقلاشما جەڭ ئېلىپ باراتتى. يەڭگەن قوشۇننىڭ قوماندانى بەزىدە چېكىنگەن دۈشمەننى قوغلاش ۋە ئۇرۇش غەلىبىسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، سوقۇش ھارۋىلىرىنى ياكى ئاتلىق ئەترەتلەرنى چىقىراتتى. سوقۇش ۋاقىتلىرىدا قوماندانلىق بۇيرۇقى ئادەتتە ئېغىز ئارقىلىق تارقىتىلىپ، تۇرلۇك بەلگىلىمە، دۇمباق – ناغرا قاتارلىقلارنىڭ ئاۋازى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلاتتى.

قەدىمكى گرېتسىيە، رىم قاتارلىق دۆلەتلەردىكى قۇللارنىڭ ئارمىيىسىدە مېتالدىن ياسالغان قوراللارنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىشى ئارقىسىدا، ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، قوماندانلارنىڭ جەڭنى تەشكىللەش ۋە ئۇرۇش مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا چوڭ ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كەلدى. ئافىنا، سپارتا، ماكېدونىيە ۋە باشقا قەدىمكى گرېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئەسكىرىي سەپ تۈزۈلۈشىنىڭ ئاساسى بولسا چاسا سەپ ئىدى. بۇنداق سەپ ئېغىر قوراللار بىلەن قوراللانغان سەككىزدىن 16 قاتار (ھەربىر قاتاردا 800 دىن 1000 غا قەدەر پالۋان – باتۇرلاردىن) ئەسكەرلەردىن تەركىب تاپقان ئەسكىرىي سەپ ئىدى. بۇ خىل سەپ تۈزۈلۈشىنىڭ ياخشىلىق تەرىپى بولسا، ئەسكەرلەر بىر-بىرىگە زىچ ۋە يېقىن بولۇپ، ئەسكىرىي سەپ تۇراقلىق ۋە مۇستەھكەم بولاتتى، بۇ خىل سەپ تۈزۈلۈشىگە ئۇدۇل تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ بۆسۈپ كىرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئوقيادىن ئۆزىنى ساقلاش ئۈچۈن ساۋۇت – قۇياقلارنى

كىيگەن، ئۇزۇن نەيزە قاتارلىق ئېغىر قوراللار بىلەن قورال-
لانغان پىيادىلەر ئۆزلىرىنىڭ زىچلىقى ئارقىلىق ھەتتا شامال
ئۆتمەيدىغان توسۇق تامنى ھاسىل قىلاتتى، بۇ سەپ تۈزۈلۈ-
شى ئارقىلىق دۈشمەنلەرنىڭ ئاتاكىسىغا نەتىجىلىك زەربە بەر-
گىلى بولاتتى. بۇنداق سەپ شەكلى يېنىك پىيادە ئەترەتلەر-
نىڭ ئالدىنى، ئاتلىقلار سېپىنىڭ يان تەرەپلىرىنى دۈشمەننىڭ
زەربىسىدىن ئۈنۈملۈك قوغداپ قالاتتى.

بۇنداق سەپ تۈزۈلۈشىنىڭ ئالاھىدىلىكى مىلادىدىن 400
يىل ئىلگىرى يۈز بەرگەن مارافون ئوپېراتسىيىسىدە ئۆز-
نى تولۇق كۆرسەتكەنىدى. لېكىن، ئېغىر قوراللار بىلەن قو-
راللاندۇرۇلغان 10 مىڭ كىشىلىك ئافىنا قوشۇنى مىتاتەسىيا
قاتارلىقلارنىڭ قوماندانلىقىدا گىرېتسىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ
كىرگەن، سان جەھەتتىن ئۈستۈن بولغان پارس قوشۇنلىرىنى
مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان بولسىمۇ، ئافىنالىقلار جەڭ غەلىبىسىنى
ئاكتىپ كېڭەيتمىگەنلىكتىن پارسلار تەرەپتىن چېكىندۈرۈلگەنىدى.

گىرېتسىيە قوشۇنلىرى كۆپ قېتىم ئېلىپ بېرىلغان ئۇزۇن
مۇددەتلىك جەڭلەردە مول تەجرىبىلەرنى توپلاپ، قورال - يا-
راق ۋە مۇداپىئە جابدۇق - ئەسلىھەلىرىنى ئۈزلۈكسىز ياخشى-
لاپ باردى. ئۇلار بىر خىل ئوتتۇرا دەرىجىلىك قوراللار بى-
لەن قوراللانغان پىيادىلەرنى تەشكىللەپ توغرا سەپ بىلەن
جەڭ قىلىش، تارقاق دۈشمەن سېپى ئىچىدە جەڭ قىلىش، تۈر-
لۈك يەر شەكلىدىن پايدىلىنىپ ھەرىكەت قىلىش قاتارلىق
تاكتىكىلارنى بارلىققا كەلتۈردى. مىلادىدىن 371 يىل ئىلگى-
رى ئېفامىنىندنىڭ 7000 كىشىلىك قوشۇنى بىتۇردىيىگە ھۇجۇم
قىلغان 11 مىڭ كىشىلىك سپارتا قوشۇنى بىلەن جەڭ قى-
لىدۇ. سپارتا ئارمىيىسىنى تارمار قىلىش ئۈچۈن، ئېفامىنىند
دەرھال توغرا سەپ شەكلىنى قوللىنىپ، سول قاناتقا پالۋان،
باتۇرلارنى خىللاپ يىغىپ 50 قاتار باش ئەترەتتىن تۈزۈل-



گەن چوڭقۇر مۇداپىئە توسۇقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردۇ. بۇ باش
ئەترەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەت بىلەن بۆسۈپ كىرىپ زەربە بېرىشى
نەتىجىسىدە سپارتانىڭ توغرا لىنىيىلىك سەپ تۈزۈلۈشىنى
مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتۇ. ئېنگېلس: «ئېفامىنىند بىرىنچى بولۇپ
تا ھازىرقى كۈنگە قەدەر ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى-
دە دېگەندەك قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان ستراتېگىيىلىك پرىنسىپ-
نى: ئەسكىرى كۈچنى لىنىيە بويلاپ تەڭ تەقسىم قىلىۋەتمەس-
تىن، كۈچنى ھەل قىلغۇچ ئۇچاستكىلارغا توپلاپ ئاساسلىق نىشانغا
ھۇجۇم قىلىش تاكتىكىسىنى ياراتتى»① دېگەنىدى. ئۇ چاغ-
لاردا بىر جۈنتۈەن قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرا ئەترەتلىرى ئىككىدىن
لىنىيىگە بۆلۈنۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. سەپنىڭ ئالدىغا يېنىك
قوراللانغان پىيادىلەر چىقىرىلاتتى. قوشۇننىڭ ئوڭ - سول
قاناتلىرىغا ئاتلىقلار تىزىلاتتى. ھەر ئوتتۇرا ئەترەت شاھمات
تاختىسى شەكلىدە تىزىلغان بولۇپ، ھەربىر ئوتتۇرا ئەترەت-
نىڭ يان ئارىلىقى 15 مېتىردىن 20 مېتىرغىچە ئىدى. ھەر
سەپنىڭ ئارىلىقى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولاتتى. بۇ
خىل جەڭ سەپلىرى مۇرەككەپ يەر شەكلى شارائىتىدا لىنىيە
قاتلىمىنى ئەسكەر بىلەن تولۇقلاپ، قاچقان دۈشمەننى
قوغلاشتا ئوڭايلىق تۇغدۇراتتى. «بۇ خىل ئەترەت شەكلى
تۆت چاسا سەپ شەكلىنىڭ چاققان ھەرىكەت قىلالمايدىغان
يېتەرسىزلىكىنى ھەممە جەھەتتىن ئوڭشۇشلۇق تۈردە يېڭەل-
دى»②. XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئەسكەرلەر رېفىل-
لىق مىلتىقلار بىلەن قوراللاندۇرۇلغاندىن كېيىن، توغرا سەپ
تۈزۈلۈشلىرى چوڭ چىقىملارغا ئۇچرايدىغان بولدى. چاررۇسىيە
1881 - يىلىدىلا بۇ تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

① «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 4 - توم، 357 - بەت.

② «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 14 - توم، 21 - بەت.

# 3 - بۆلۈم فېئوداللىق تۈزۈمى دەۋرىدىكى ئۇرۇش ۋە ھەربىي قوراللار

فېئوداللىق جەمئىيەت — فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ھۆكۈمرانلىق ئورۇننى ئىگىلىگەن جەمئىيەت بولۇپ، ئۇ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى قۇللۇق جەمئىيىتىدىن كېيىن پەيدا بولغان سىنىپىي جەمئىيەت ئىدى.

پومېشچىكلار سىنىپى بىلەن دېھقانلار سىنىپى فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ئۆزئارا قارىمۇ قارشى بولغان ئىككى ئاساسىي سىنىپ ئىدى. دېھقانلارنىڭ پومېشچىكلارغا قارشى كۈرىشى راۋاجلىنىپ، ئاخىر دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ئايلاندى. دېھقانلار يېڭى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىگە ۋەكىللىك قىلالمىغاچقا، ئۇلارنىڭ كۈرەشلىرى فېئوداللىق تۈزۈمنى ئۆزگەرتەلمىسىمۇ، لېكىن ھەر قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭى فېئودال پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى تەۋرىتىۋەتتى. XVII، XVIII ئەسىرلەردە ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەردە يېڭى گۈللەنگەن بۇرژۇئازىيە فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى ئۇرۇشنىڭ باشلامچىلىرىغا ئايلاندى، ئۇلار دېھقانلار ۋە باشقا ئەمگەكچىلەرنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، بۇرژۇئا ئىنقىلابى ئارقىلىق كاپىتالىستىك تۈزۈمنى فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. ئېلىمىز XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن باشلاپ چەت ئەل كاپىتالىزمىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى بىلەن يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكە جەمئىيەتكە ئايلاندى.

ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ تارىخى ئۈچ دەۋرگە بۆلۈنەتتى: فېئوداللىق مۇناسىۋەتنىڭ شەكىللىنىش دەۋرى (V ئەسىردىن



XI ئەسىرگىچە)، فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىش دەۋرى (XI ئەسىردىن XV ئەسىرگىچە) ۋە فېئوداللىق تۈزۈم يىمىرىلىپ، كاپىتالىستىك مۇناسىۋەتنىڭ بىخ ئۇرۇپ چىقىشى (XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە).

ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدە ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسى فېئوداللارنىڭ يەرلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى ئىدى. خان - پادىشاھنىسى باش ۋەكىل قىلغان ئاقسۆڭەكلەر، روھانىيلار كەڭ كۆلەمدىكى يەرلەرنىڭ مەھسۇلاتىغا ئىگە بولاتتى. ئۇلار بىر قىسىم يەرلىرىنى ئۆزىنىڭ بېقىندىلىرىغا سۇيۇرغاللىققا بېرەتتى. فېئوداللار دېھقانلار بىلەن قول ھۈنەرۋەنلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش بەدىلىگە ياشايتتى. تەرەققىي قىلغان فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا: ناتۇرال ئىگىلىك ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت بوشىشىپ قالغاندا سىياسىي جەھەتتە تارقاقلىق، بۆلۈنۈش پەيدا بولاتتى. دېھقانلار بىلەن قول ھۈنەرۋەنلەر پەقەت ئازراقلا يەر، ئۆي بىلەن ئاددىي ئەسۋاب ئۈسكۈنىلەرگە ئىگە بولۇپ، فېئوداللارنىڭ قاتتىق ھاشار - سەيسىلىرىگە ئۇچراپ تۇراتتى.

فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شەكلى. قەدىمكى جەمئىيەتكە سېلىشتۇرغاندا ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ تەرەققىياتىنى بىر قەدەر چوڭ ئىمكانىيەتلەر بىلەن تەمىنلىدى. تېرىلغۇ ئۇسۇللىرى كۈنساناپ ئۆزگەردى. سودىگەرچىلىك ۋە سانائەت، قول ھۈنەرۋەنچىلىك تەدرىجىي مۇقىم ھالەتتە ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلدى. V ئەسىردە ئەڭ قەدىمكى تۆمۈر تاۋلاش پېچلىرى بارلىققا كەلدى. مېتال ئېرىتىش - تاۋلاش كەسپى بىر قەدەر تەرەققىي قىلدى. مېتاللارنىڭ سۈپىتى خېلى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. شامال تۈگمىنى، سۇ تۈگمىنى، توقۇمىچىلىق ستانوكلىرى بارلىققا كەلدى. مېتال ئېرىتىش

گەسپىنىڭ تەرەققىي قىلىشى پارتلاتقۇچ دورا ئىشلىتىلمەيدىغان قورالىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى كېڭەيتىشتىن تاشقىرى بىرىنچى قېتىملىق ئوت چاچار ئەسۋابلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۆزگەرتتى.

فېئوداللىزم جەمئىيىتىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ھەربىي ئىشلار تەشكىلىنى بىۋاسىتە بەلگىلىدى. خۇددى ماركس كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «يەرگە ئىگىدارلىق قىلىشتىكى تەبىقە تۈزۈلمىسى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان قوراللىق ياساۋۇل ئىشلىتىش تۈزۈمى ئاقسۆڭەكلەرنى يانچىلارنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە قىلدى.»① فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئاخىرىدا غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ئەسكىرىي تۈزۈمدە ياللانما ئەسكەر تۈزۈمى بىلەن مەجبۇرىي ئەسكەر ئېلىش تۈزۈمىنى بىرلەشتۈرگەنىدى. فېئودالالار قوشۇننى تولۇقلاش ئۈچۈن، ئاقسۆڭەكلەردىن ئاتلىق ئەسكەرلەرنى تەشكىللەپ، خەلق ئەسكىرى قوشۇنلىرىنى قۇراتتى. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا چاررۇسىيە دائىمىي قوشۇن، گۋاردىيە قىسىملىرىنى تەشكىللەپ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئايلىق مۇئاش بېرىش تۈزۈمىنى ئورناتتى.

XIII ئەسىردىن XV ئەسىرگىچە فېئودالالارنىڭ قوشۇنلىرى پىلىتىلىك مىلتىق، قارامىلتىق، كالىبىرى 20 مىللىمېتىردىن يۇقىرى بولغان، ئېغىرلىقى 15 كىلوگراملىق چېقىن مىلتىقلار بىلەن قوراللاندۇرۇلدى. بىراق، ئوت قوراللىرىنىڭ راۋاجى بەك ئاستا بولدى. XV ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ زەمبىرەكلەرنى زەمبىرەك جازىسىغا قويۇپ ئىشلىتىدىغان بولدى. 1521 - يىلى ئېغىرلىقى 10 — 7 كىلوگرام، كالىبىرى 22 مىللىمېتىرلىق، ئېتىش يىراقلىقى 200 دىن

① «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى». ئۇيغۇرچە نەشرى. 1 - توم. 1 - كىتاب، 47 - 48 - بەتلەر.



300 مېتىرغا يېتىدىغان، خاراب قىلىش كۈچى ناھايىتى زور بولغان چېقىن مىلتىقلار ئىشلەپچىقىرىلدى. كېيىن سىگنال ئوقى، ئالدىن تەييارلانغان ھەر خىل پارتلاتقۇچ دورىلاردىن ياسالغان پارتلىتىش ئەسۋابلىرى كەشىپ قىلىندى، ئېتىش تېزلىكى ھەر مىنۇتىغا بىر پايدىن ئاتالايدىغان ھەر خىل زەمبىرەكلەر بارلىققا كەلدى.

فېئوداللىق تۈزۈمدىكى دۆلەتلەر قۇرۇقلۇق، دېڭىز ئارمىيىسىنى ئىشلەتتى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە پىيادىلەر ھەم ئاتلىق ئەسكەرلەردىن تەركىب تاپاتتى. فېئوداللىق مۇناسىۋەت شەكىللەنگەن دەسلەپكى ۋاقىتلاردا قوشۇننىڭ ئاساسىي كۈچى پىيادە ئەسكەرلەر بولۇپ، سان جەھەتتىمۇ كۆپ سانىنى ئىگىلەيتتى. دېھقانلار يانچىلارغا ئايلىنىپ قالغاندىن كېيىن پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ رولىمۇ پەسىيىشكە باشلىدى. «ھەربىي خىزمەت ئۆتەش قول ۋە يانچىلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى دەپ كەمسىتىلەتتى، شۇ سەۋەبتىن، پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ سۈپىتىمۇ مۇقەررەر يوسۇندا ئۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا تۆۋەنلەپ كەتتى. X ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاتلىق ئەسكەرلەر ياۋروپانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بىرلەشمە جەڭلەرنىڭ ئاقىۋىتىنى ھەقىقىي بەلگىلەيدىغان بىردىنبىر ئەسكىرىي تۈرى بولۇپ قالدى.»① 1618 - يىلدىن، 1648 - يىلغىچە بولغان 30 يىللىق ئۇرۇش جەريانىدا، شۋېتسىيە ھەربىي بازا، ھەربىي ئىسكىلاتلارنى قۇرۇپ، ئارمىيىنى تۈرلۈك ئەشيالار بىلەن تەمىنلەش تۈزۈمىنى تۇرغۇزدى.

ستراتېگىيە جەھەتتە: بەزى مىللەتلەر، مەسىلەن، سىلاۋيانلار، ئەرەبلەر، فەرەڭلەر، موڭغۇللار باشلانغۇچ كوممۇنا تۈزۈمىدىن بىۋاسىتە فېئوداللىق تۈزۈمگە ئۆتۈپ، قۇلدارلىق

① «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى». خەنزۇچە نەشرى، 14 - توم، 364 - بەت.

تۈزۈمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرىنى ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇ مىللەتلەر سىنىپلارنىڭ شەكىللىنىشى جەريانىدا ئۆز دائىرىسىنى كېڭەيتىش بىلەن دەسلەپكى فېئوداللىق تۈزۈمدىكى چوڭ دۆلەتلەرنى قۇرۇپ چىققانىدى. مەسىلەن، ئەرەب خەلىپىلىكى، موڭغۇل ئىمپېرىيىسى قاتارلىقلار. دەسلەپكى فېئوداللىق تۈزۈمدىكى دۆلەتلەر ئىشلەتكەن ئەسكەر سانى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، فېئودالارنىڭ دائىملىق ئارمىيىسى مۇھاپىزەتچى ئەتەرەتلەر بىلەن خەلق ئەسكەرلىرىدىن تەشكىللىنەتتى. ھەر قېتىمقى ئەسكەر چىقىرىپ ئاتلىنىشقا 10 مىڭدىن ئەتۇق پالۋان، باتۇرلار قاتنىشتۇرۇلاتتى. سەپەرگە چىقىش ۋاقتى دائىرە ۋە مەقسەتكە قاراپ بەلگىلىنەتتى. ئاز بولغاندا بىرنەچچە ئاي، كۆپ بولغاندا ئىككى ـ ئۈچ يىل بولاتتى. يىراققا سەپەر قىلىش ئارىلىقى دائىم نەچچە يۈز كىلومېتىر، گاھىدا ھەتتا نەچچە مىڭ كىلومېتىر كېلەتتى. فېئوداللىق مۇناسىۋەتنىڭ ئىلگىرىلەپ تەرەققىي قىلىشى سىياسىي جەھەتتىن فېئودالارنىڭ بۆلۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، دائىم ستراتېگىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان نىزا، تالاش ـ تارتىش ۋە ئىچكى ئۇرۇشلارنى پەيدا قىلىپ تۇردى.

XVI ئەسىردىن XVII ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا قوراللىق كۈچلەرنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇللىرىدا تۈپكى ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، ھەربىي ئىشلار تارىخىدا بىرىنچى قېتىملىق ئىسلاھات بولدى. ئېنگېلس «ئوت ئالغۇچ قوراللارنىڭ ئىشلىتىلىشى ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە قۇل قىلىش سىياسىي مۇناسىۋەتلىرى ئۈچۈنمۇ ئۆزگەرتىش رولىنى ئوينىدى»① دېگەنىدى.

① ئېنگېلس: «دىيۇرىڭغا قارشى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 314 ـ بەت.



ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇشى، شتاتى، قوراللىنىشىدا، شۇنىڭدەك جەڭنى تەشكىللەش ۋە جەڭ قىلىش ئۇسۇللىرىدا ئىسلاھاتلار بولدى.

بىرلىككە كەلگەن قوماندانلىق ۋە بىرلىككە كەلگەن تەمىنلەش دائىم ئەسكەرلەرنى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۆزىنى قوغدايدىغان مۇستەقىل ئەترەتكە ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئاتلىق ئەسكەرلەر جەڭ مەيدانلىرىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ھامان، پىيادە ئەسكەرلەر مۇھىم ئارمىيىلىك رولىنى يەنە جارى قىلدۇرۇشقا باشلىدى. بىر يېڭى ئەسكىرىي تۈرى بولغان توپچى ئەسكەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ئوت قوراللىرىنىڭ كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلىشى، ئۇرۇشتا دۈشمەنلەرنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسۇش. جەڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

تاكتىكا جەھەتتە: فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ تەرەققىي تاپقان ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىلا، پىيادە ئەسكەرلەر تۆتلۈك كىچىك ئەترەتلەردىن تەشكىللەنگەن قىسىمنىڭ ئاساسىي كۈچى ھېسابلىناتتى. جەڭ ۋاقىتلىرىدا ئۇلار تۆتلۈك شەكىلدىكى تاكتىكىلىق تۈزۈملەر ئارقىلىق دۈشمەن لىنىيىلىرىگە قاراپ ئىلگىرىلەيتتى، جەڭ قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرغاندا سەپنىڭ ئالدىغا مەرگەنلەردىن تەركىب تاپقان، ئوقيا بىلەن قوراللانغان تۇرشاۋۇل قىسىملار قويۇلاتتى. مەركەز قىسىمغا ئاساسىي كۈچلەر ياكى چوڭ پىيادە قىسىملار ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. بۇ خىلدىكى چوڭ پىيادە قىسىملارنىڭ ئوڭ ـ سول قاناتلىرىغا ئارىلاش تەشكىل قىلىنغان قىسىم ياكى ئاتلىق قىسىملار قويۇلاتتى. ئوڭ ـ سول قاناتلارغا قويۇلغان ئاتلىق قىسىملار بەزىدە دۈشمەننىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپىدىن ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم باشلاپ دۈشمەنگە ئەجەللىك زەربە بېرىش، ئۇنى تارمار قىلىش، ئۇنىڭ جەڭ سەپلىرىنى بۇزۇ-

ۋېتىش ئارقىلىق دۈشمەننىڭ يىتراپ قاچقان ئەسكەرلىرىگە قوغلاپ زەربە بېرەتتى.

قىسىملارنىڭ تاكتىكا تەرەققىياتىدا زاپاس قوشۇن ۋە پىستىرما قوشۇنلارنى تۈزۈش ھەممىدىن مۇھىم بولغان بىر ئىلگىرىلەش بولدى. تاكتىكا تەرەققىياتى تۆرتلۈك ئوت قوراللىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. XIV ئەسىردىن XV ئەسىرگىچە توپچى ئەسكەرلەر قىسىملىرى مۇھىم شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلىش ۋە ئىستىھكاملارنى خاراب قىلىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەشتىن تاشقىرى، كېچىلىك جەڭلەردىمۇ ئۆزىنىڭ رولىنى ئاكتىپ جارى قىلدۇرىدىغان بولدى.

ھەربىي ساپيورلۇق ئوتتۇرا ئەسىرلەردە خېلى تەرەققىي قىلدى، ساپيور قىسىملار ئالدى بىلەن شەھەرلەرنىڭ سېپىل، ئىستىھكاملىرىنى بۇزۇش، شەھەرنىڭ مۇداپىئە ئاكوپلىرىنى ياساش، قورۇش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئاتقۇرىدىغان بولدى.

XIV ئەسىردىن ئىلگىرى دېڭىز ئۈستىدىكى ھەربىي ھەرىكەتنىڭ دائىرىسى چەكلىك بولاتتى. ئۇرۇشتا پالاقلىق كېمە ئىشلىتىلەتتى. ئۇنىڭدا، ئازغىنا ئادەم ئولتۇراتتى. دېڭىز ئۇرۇشىدا دۈشمەن كېمىسىگە ئۆز كېمىسىنى ئۇرۇش، ھەر خىل پارتلايدىغان ئەسۋابلارنى تاشلاپ، بىرنەچچە تىرىك ئەسىرلەرنى قولغا چۈشۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلاتتى. كومپاس ئىجاد قىلىنغاندىن كېيىن كىشىلەر يەلكەنلىك كېمە ياسىيالايدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە تۆرلۈك زەمبىرەكلەرنى كېمىنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىپ، دېڭىز ئۈستىدە جەڭ قىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتتى. شۇنىڭ بىلەن دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ رولى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەلكەنلىك كېمە ھەربىي كېمىلەرنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى، شۇنىڭ بىلەن، زەمبىرەكلەر دېڭىز



ئۇرۇشىدا ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى بەلگىلەيدىغان بولدى.

فېئوداللىق تۈزۈم بارلىققا كېلىپ ئومۇمىيۈزلۈك گۈللەنگەن ۋاقىتلىرىدا، ھەربىي ئىشلار نەزەرىيە جەھەتتىن ناھايىتى تۆۋەن ئورۇندا تۇراتتى. فېئوداللىق تۈزۈم يىمىرىلىش ھارپىسىدا ئەڭ دەسلەپكى ئۇستاپلار بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. قىسىملارنىڭ ھەربىي تەلىم - تەربىيە ۋە جەڭلەردە ئىشلىتىلىدىغان پرىنسىپلار تېخىمۇ مۇنتىزىملاشتى.

## 4 - بۆلۈم كاپىتالىزم تۈزۈمى دەۋرىدىكى ئۇرۇش ۋە ھەربىي قوراللار

كاپىتالىستىك جەمئىيەت ئىنسانىيەت تارىخىدىكى كىشىنى - كىشى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان كاپىتالىستىك خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساس قىلغان ئەڭ ئاخىرقى بىر ئىجتىمائىي فورماتسىيە.

XVII ئەسىردىن XVIII ئەسىرگىچە ياۋروپا دۆلەتلىرى ئارمىيىسىنى تولۇقلاشتا ياللانمىلىق تۈزۈمى بىلەن مەجبۇرىيەت ئۆتىگۈچى ئەسكەرلىك تۈزۈمىنى قوللاندى، ئوفىتسېرلىق خىزمىتىنى پەقەت ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ۋەكىللىرى، مۇھىمى ئاقسۆڭەكلەر زىممىسىگە ئالاتتى. ئەسكەرلىككە بولسا جەمئىيەتتىكى ئەڭ چۈشكۈنلەشكەن ئۇنسۇرلار چاقىرىلغاندىن تاشقىرى يەنە چەت ئەل كىشىلىرىمۇ ئېلىناتتى. ئوفىتسېرلار بولسا ئاقسۆڭەكلەردىن تولۇقلىنىپ تۇراتتى. شۇڭلاشقا غەربىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ مىللىي تەركىبى ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىدى.

XVII ئەسىردە چاررۇسىيە فېئوداللىق تۈزۈمدىكى دۆلەتكە ئايلىنىپ، دەسلەپتە مۇنتىزىملاشقان قۇرۇقلۇق ئارمىيە،

دېڭىز ئارمىيىسىنى قۇرۇپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن چاررۇسسىيە XVII ئەسىر ۋە XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەسكىرىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ، دۆلەت ھەر يىلىدا ئاساسلىقى دېھقانلاردىن مەلۇم ساندىكى كىشىلەرنى ئارمىيىگە قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆمۈرۋايەت ئەسكىرىي خىزمەت ئۆتىشىنى يولغا قويدى.

كاپىتالىزمنىڭ غەلىبىسى ياللانما ئەسكەرلىك تۈزۈمىنى تاشلاپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش تۈزۈمىنى تۇرغۇزدى. غەرب دۆلەتلىرى ئىچىدە ئالدى بىلەن ھەربىي مەجبۇرىيەت تۈزۈمىنى يۈرگۈزگەن ھۆكۈمەت — فرانسىيە ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بولۇپ، ئۇلار 1789 -، 1794 - يىللىرى فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى جەريانىدا بۇ تۈزۈمنى يولغا قويغانىدى. بۇ تۈزۈمگە ئاساسەن يېشى 20 دىن 21 ياشقىچە، سالامەتلىكى ياخشى بولغان ئەرلەر ھەربىي خىزمەت مەجبۇرىيىتى ئۆتەيدىغانلىقى، ۋاقتى بەش يىلدىن يەتتە يىلغىچە بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن زاپاسلىققا ئۆتىدىغانلىقى بەلگىلەنگەنىدى.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا ماشىنىسازلىق سانائىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، كۆپ ساندىكى تۈرلۈك قورال - ياراقلار ئىشلەپچىقىرىلغاچقا، ئارمىيىنىڭ جەڭ قىلىش ئىقتىدارى تېز سۈرئەتتە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئارمىيىنىڭ تەشكىلىي شتاتى، ئارقا سەپ، ساپىيور خىزمەتلىرىدىمۇ يېڭى ئۆزگىرىشلەر بولدى.

سىتراتېگىيە جەھەتتە: XVII ئەسىردىن XVIII ئەسىرگىچە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى بىرقەدەر يېتەرسىز بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسكەر چاقىرىش ۋە تەلىم - تەربىيە ياللانما ئەسكەرلەردىن بولغانلىقتىن، ماددىي جەھەتتە تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئىشلىرىدا



ئوخشاشلا قىيىنچىلىقلار مەۋجۇت ئىدى. مەسىلەن، ياۋروپادىكى يەتتە يىللىق ئۇرۇش (1756 - يىلدىن 1763 - يىلغىچە) باشلىنىش ۋاقتىدا، فرانسىيىنىڭ 212 مىڭ كىشىلىك ئارمىيىسى بار ئىدى. ئاۋستىرىيىنىڭ پەقەت 90 مىڭدىن كۆپرەك ئەسكىرى بار ئىدى. چاررۇسسىيە يېڭى ئەسكىرىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ 330 مىڭ ئەسكەرنى ئىشقا سېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولدى، زۆرۈر تېپىلغاندا، ئۇ 50 مىڭدىن 100 مىڭغىچە ئەسكەر بىلەن نەچچە يۈزلىگەن زەمبىرەكلەرنى تەشكىللەپ جەڭ قىلىۋاتقان قىسىملارنى تولۇقلاش، ياردەم بېرىشكە قادىر ئىدى. بۇ دۆلەتلەرنىڭ قوماندانلىق ئورگانلىرى ئۆز قوشۇنلىرىنىڭ جەڭدە دۈشمەننى يوقىتىش قاتارلىق جىددىي ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشتا يېتەرلىك ئىقتىدارغا ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا سىتراتېگىيىلىك ھەرىكەتنىڭ مەقسىتى، نىشانى دۈشمەنلەرنى يوقىتىشتىن باشقا يەنە، دۈشمەن تۇپرىقىنى ئىگىلەش ئىدى. قوماندانىنىڭ مەقسىتى قەتئىي يوقىتىش جېڭى قىلماستىن بەلكى دۈشمەننىڭ تۇپرىقىنى ئىگىلەش بولغانلىقتىن، تاكتىكا جەھەتتە دۈشمەننىڭ قاتناش لىنىيىلىرىگە، ماددىي ئەشيا بازىلىرىغا، تۈرلۈك ئامبار - ئىسكىلاتلىرىغا ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق تەھدىت سېلىپ، دۈشمەننى چېكىنىشكە مەجبۇرلاش ئۇسۇلى قوللىنىلاتتى. دۈشمەننىڭ يان تەرەپلىرى بىلەن قاتناش لىنىيىسىگە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئەسكەرلەرنى يۆتكەپ، دۈشمەننى قىستاپ چېكىنىشكە مەجبۇرلاش، ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلماي، دۈشمەننىڭ مەلۇم يەرلىرىنى ئاسانلا ئىگىلىۋېلىش ئۇسۇلى شۇ ۋاقىتلاردا ھەرىكەتچان تاكتىكا دەپ ئاتىلاتتى.

XVIII ۋە XIX ئەسىرنىڭ ئارىلىقىدا چوڭ ئارمىيىلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىدى، سىتراتېگىيىلىك ئاساسىي ئالاھىدىلىك بىرقانچە ئاتاقلىق باش قوماندانلارنىڭ ھەرىكىتىدە مە-

سىلەن، سۇۋوروۋ بىلەن كوتوزوۋ، ناپولېئون قاتارلىقلارنىڭ ھەرىكىتىدە ناھايىتى ئوچۇق ئىپادىلىنىشكە باشلىدى. ئۇلار ھۇجۇمنى ھەربىي ھەرىكەتنىڭ ئەڭ مۇھىم تۈرى دەپ ھېسابلىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھەرىكەتچان ئۇرۇشنىڭ مەقسىتى ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇل ۋە يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ دۈشمەن ئارمىيىسىنى تارمار قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ ھەل قىلغۇچ يۆنىلىشكە ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇسۇلى لىنىيىلىك مۇداپىئەدە ئەسكىرىي كۈچنى تارقاق ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى، ئېنگېلس ھۇجۇمچى ئەسكىرىي كۈچنى ۋە قوراللارنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشلىتىش XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XIX ئەسىرنىڭ دەسلەپىدىكى ستراتېگىيىلىك ئالاھىدىلىكتۇر دېگەنىدى.

چوڭ ئارمىيىگە ئىگە دۆلەتلەر ياللانما ئەسكىرىي تۈزۈمدىكى دۆلەتلەر بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا، ئىمكان قەدەر بىر قېتىملىق ئومۇمىي ھەل قىلغۇچ جەڭ بىلەن دۈشمەن ئارمىيىسىنى تارمار كەلتۈرۈشكە تىرىشاتتى. فرانسىيە ئىنقىلابىي ئارمىيىسى ئاۋسترىيە، فرانسىيە قاتارلىق باشقا فېئوداللىق تۈزۈمدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئارمىيىسى بىلەن جەڭ قىلغاندا، بۇ نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرغانىدى. چاررۇسىيە مارشالى كوتوزوۋ 1812 - يىلى دۆلەتنى قوغداش ئۇرۇشىدا يېڭى ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ دۈشمەن ئارمىيىسىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىش، ئاخىرىدا ستراتېگىيىلىك زاپاس كۈچلەرنى كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىپ ئارمىيىنىڭ كۈچىنى تەدرىجىي يوسۇندا ئاشۇرۇش ئارقىلىق ناپولېئونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى تولۇق كەلتۈرگەنىدى. ئۇرۇشتا چوڭ تىپتىكى ئارمىيىنى ئىشقا سېلىش بۇ دەۋردىكى ئالاھىدىلىكتۇر.

مېتاللورگىيە، ماشىنىسازلىق سانائىتى، قاتناش - ترانسپورت ۋە ئالاقىلىشىش ئەسلىھەلىرىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي



قىلىشى ستراتېگىيە سەۋىيىسىنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا سەۋەبچى بولدى. تۆمۈريوللارنىڭ ياسىلىشى قىسىملارنى ھەرىكەتلەندۈرۈش، ستراتېگىيىلىك يېيىلىش، ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۆزگەرتىش، ماددىي تەمىنات، زاپاس قىسىملارنى يۆتكەش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا يېڭى شەرت - شارائىتلار بىلەن تەمىنلىدى. تېلېگرافنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ئالاقە ئاپپاراتلىرىنى تەشكىللەشتە زور ئوڭايلىقلارنى ياراتتى.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى دېڭىز ئارمىيىسى ھەربىي ئىلمىدە چوڭ ئۆزگىرىشلەرگە سەۋەبچى بولدى. دېڭىز ئارمىيە ئۇرۇش پاراخوتلىرىنىڭ تونناژى ئاشقانلىقتىن پاراخوتلارنىڭ دېڭىزدا ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارى ياخشىلاندى، دېڭىز ئارمىيە ئۇرۇش پاراخوتلىرى XVIII ئەسىردىن باشلاپ چوڭ ئوكيانلارغا كىرەلەيدىغان، قاتناش لىنىيىلىرىدە پائال ھەرىكەت قىلىپ، تېگىشلىك ئورۇنلارنى قامال قىلالايدىغان، يىراقتا يۈرۈش قىلىش، مۇستەملىكىلەرنى تالان - تاراج قىلىشنى كاپالەتلەندۈرەلەيدىغان بولدى.

XVIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان ئارىلىقتا كېمىلەرنىڭ ئارتېللېرىيە ئوت كۈچى كۈچەيتىلدى، فلوتنىڭ ھەرىكەتچانلىق ئىقتىدارى كۈنسېرى ئاشتى.

ئارمىيە تۈرلىرى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئەڭ ئالىي قوماندانلىق ھەربىي ھەرىكەتلەرگە پەقەت سىستېما ئارقىلىق قوماندانلىق قىلالايدىغان بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ ۋەزىپىسى بىلەن قۇرۇلمىسى پۈتۈنلەي كېڭەيتىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا باش شتاب تەسىس قىلىندى. باش شتابنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: ستراتېگىيىلىك ئۇرۇش پىلانلىرىنى تۈزۈش، زاپاس كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ ئارمىيىنى تو-

لۇقلاش، قوشۇنلارنىڭ ستراتېگىيىلىك يېيىلىشىنى كاپالەتلەندۇرۇش دەسلەپكى ستراتېگىيىلىك زاپاس قوشۇنلارنى قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت ئىدى.

غەرب دۆلەتلىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەن 30 يىللىق ئۇرۇش (1618 — 1648 - يىلى) جەريانىدا شەكىللەنگەن ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلى تارىختا لىنىيىلىك تاكتىكا دەپ ئاتالدى. بۇنداق تاكتىكا 1789 -، 1794 - يىلىغا قەدەر ياۋروپا ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ھۆكۈمرانلىق ئورۇننى ئىگىلىدى. لىنىيىلىك تاكتىكىنىڭ كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلىشى شۇ ۋاقىتتىكى ئارمىيىنىڭ سۈپىتى بىلەن قورال - ياراق، تېخنىكىسىنىڭ جەڭگىۋارلىقى تەرىپىدىن بەلگىلىنەتتى. ياللانما ئەسكەرلەر مۇستەقىل، تەشەببۇسكارلىق بىلەن جەڭ قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇلار پەقەت مېخانىك ھالدىكى ئىستىروي تەلىم - تەربىيىسى، ئادەتتىكى مەشىق بىلەنلا چەكلىنەتتى.

ئۇ ۋاقىتلاردا جەڭنىڭ ئاقىۋىتىنى ئالدى بىلەن زالىپ ئېتىلغان مىلتىق - زەمبىرەكلەر بەلگىلەيتتى. ئەڭ كۆپ ساندىكى مىلتىقلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، تۈز ۋە ئوچۇق يەرلەر تاللىناتتى. ئۇدۇل تەرەپنى بويلاپ كىچىك ئىككى - ئۈچ لىنىيە تەشكىل قىلىناتتى، ھەر بىر لىنىيە ئۈچ ياكى تۆت قاتاردىن تەركىب تاپاتتى. ھەر بىر لىنىيىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 50 تىن 200 قەدەمگىچە بولاتتى. جەڭ سەپلىرى ئۈچ خىل ئارمىيە تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، يەنى: پىيادىلەر، ئاتلىق ۋە توپچى قىسمىدىن تەركىب تاپاتتى، جەڭ سەپلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا پىيادىلەر، ئاتلىقلار ئۈچ قاتار قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى، قىسىم تەركىبىدىكى توپچى قىسمىنىڭ دالا زەمبىرەكلىرى ئىككى قاناتتىكى تەبىئىي ياكى ئادەم كۈچى بىلەن ياسالغان ئېگىزلىكلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى.



لىنىيىلىك ئۇرۇش سەپلىرىنىڭ ئاجىزلىق نۇقتىسى ئىككى قاناتتۇر. پىيادىلەر پەقەت ئۇدۇل پەرەپكە ئېتىشنىلا ئىشقا ئاشۇرالايتتى. يان تەرەپتىن كەلگەن ئوشتۇمتۇت زەربىگە تاقابىل تۇرالمايتتى.

XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا زور ئارمىيە تۈرلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇداپىئەلىك ستراتېگىيە بىلەن لىنىيىلىك تاكتىكا ئىدىيىسىگە ئۈزۈل - كېسىل خاتىمە بەردى. ئۇرۇشتا كالونىنا بىلەن كۆندىلەڭ سەپ تاكتىكىسى ئىشلىتىلىدىغان بولدى. قىسىملار كۆندىلەڭ سەپ ۋە كالونىنلىق تۈزۈم ئارقىلىق ئاتاكىغا ئۆتۈپ قوچاقلاشما جەڭ قىلىش — بۇ خىل يېڭى ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى. XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا چار روسىيە ئارمىيىسىنىڭ ئىچىدە، شۇنىڭدەك ئامېرىكا خەلقىنىڭ مۇستەقىللىك ئۇرۇشلىرىدا بۇ ئالاھىدىلىك ناھايىتى ئوچۇق ئىپادىلەنگەنىدى. XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا فرانسىيە ئىنقىلابىي ئۇرۇشى ۋاقتىدا كالونىنلىق تۈزۈم بىلەن كۆندىلەڭ سەپ بىرلەشكەن بىر خىل تاكتىكا شەكىللىنىپ چىقتى. ئېنگېلس ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «تارقاق ئەسكەرلەر بىلەن پىيادە ئەسكەرلەر كالونىنىسىنىڭ ماسلىشىشىنى ئاساس قىلغان مۇنداق ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلى شۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈر بولدىكى، ئالدى بىلەن فرانسىيە ئىنقىلابىدا ئەسكەرلەرنىڭ تەركىبىدە ئۆزگىرىش بولدى.»①

بۇ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ جەڭ قىلغاندا، جەڭ قىلىش تۈزۈمى پىيادىلەر، ئاتلىقلار، زەمبىرەكچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. لېكىن ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغىنى يەنىلا پىيادىلەر ئىدى. پىيادىلەر ئاساسىي كۈچ بولۇپ، مەرگەنلەردىن تەركىب تاپاتتى. مۇھىم ئاساسىي كۈچ بولغان پىيادىلەر

① ئېنگېلس: «دىيۈرىڭغا قارشى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 318 - بەت.

سوقۇش سېپىنىڭ مەركىزىدىن ئورۇن ئالاتتى. توپچى قىسىمنىڭ ئوت ئېچىش نۇقتىلىرى ئاساسىي كۈچ بولغان پىيادىلەرنىڭ ئالدى ياكى يان تەرەپلىرىدە بولاتتى. ئاتلىقلار ئاساسىي كۈچنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئورۇنلىشاتتى.

ئاساسىي كۈچ بىلەن توپچى قىسىمنىڭ ئاساسلىق ئوت ئېچىش نۇقتىلىرىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن، ئالدىنقى تەرەپكە بىرنەچچە 100 مېتر ئارىلىقتا يېنىك قوراللانغان پىيادىلەر (مەرگەنلەر) چىقىرىلاتتى. مەرگەنلەر يېيىلما سەپلەرنى قوللىنىپ كۈچىنىڭ بارىچە دۈشمەننىڭ قوماندانلىرى بىلەن توپچى قىسىملىرىنىڭ ئاتقۇچىلىرىنى نىشانغا ئېلىپ يوقىتاتتى.

پىيادىلەر ئاتاكىغا ئۆتۈشتىن بۇرۇن، توپچى قىسىم قاتتىق ئوت كۈچى ھازىرلىقى ئېلىپ باراتتى. پىيادىلەر ئاتاكىغا ئۆتۈۋاتقاندا، ئاتلىقلار يان تەرەپتىن بارلىق كۈچى بىلەن ياردەم قىلىپ، جەڭ نەتىجىسىنى كېڭەيتەتتى.

بۇنداق جەڭ قىلىش بىرخىل يېڭى، قەتئىي، كەسكىن خاراكتېرگە ئىگە ئىدى. ئارمىيە ئېگىز - پەس، ئويمان - چوڭقۇر يەر تۈزۈلۈشلىرىدە جەڭ قىلىپ، كۈچىنى مۇھىم يۆنىلىشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، جانلىق، ھەركەتچان تاكتىكا بىلەن دۈشمەنگە قوغلاپ زەربە بېرەتتى. بۇ چاغدا ئارمىيەنىڭ سەپ تۈزۈلۈشى فرونت چوڭقۇرلۇقىغا قاراپ روشەن ھالدا كېڭىيىپ، زاپاس قىسىملارنىڭ رولى تولۇق جارى قىلىناتتى.

1812 - يىل 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئېلىپ بېرىلغان مەشھۇر پولگىنو ئوپېراتسىيىسىدە، رۇس ئارمىيىسىنىڭ كالوننىلىق يېيىلىش تاكتىكىسىنى قوللانغانلىقى بۇنىڭغا تولۇق مىسال بولالايدۇ. بۇ قېتىملىق ئوپېراتسىيىدە روسىيىنىڭ ئاتاقلىق قوماندانى كوتوزوۋ باشچىلىقىدىكى چارروسىيە قوشۇنلىرى ناپولېئون قوماندانلىقىدىكى فرانسىيە ئارمىيىسى-



نىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ، ئۇلارنى ئېچىنىشلىق ئېغىر زىيانلارغا ئۇچراتقانىدى.

لېكىن، بۇ خىل تاكتىكىدا ئوخشاشلا چوڭ كەمچىلىكلەر مەۋجۇت ئىدى: ئارمىيىنىڭ قاتار كالوننىسى ئاسانلا توپچى قىسىمنىڭ ئوت كۈچىنىڭ ۋە پىيادە قىسىملارنىڭ ئېغىر زەربىسىگە ئۇچرايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا پىيادە ئەسكەرلەر ئاساسىي كۈچىنىڭ ئوت كۈچى بىلەن ئېتىشنى بىرلەشتۈرۈشى تەس ئىدى. توپچى قىسىم ئوت كۈچى ھازىرلىقى ئېلىپ بارسىمۇ، لېكىن قۇچاقلاشما جەڭدە بۇزۇپ زەربە بېرىشكە ياردەم قىلالمايتتى.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا، ئارمىيە كەڭ كۆلەمدە ناردىزلىق قوراللار بىلەن قوراللاندۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇرۇش مەيدانلىرىدا كالوننىلىق جەڭ قىلىشنى قوللىنىشقا ئىمكان قالمىدى. تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، كالوننىلىق تۈزۈم بىلەن دۈشمەنگە يېقىنلاشقاندا، دۈشمەن تەرەپنىڭ توپچى قىسمى پىيادىلەرنىڭ نىشانلاپ ئېتىشىدىن پۈتۈنلەي يوقىتىلىش ئىمكانىيىتىمۇ بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قىرىم ئۇرۇشى، فرانسىيە - چارروسىيە ئۇرۇشى ۋە چارروسىيە - تۈركىيە (1877 - 1879 - يىللاردىكى) ئۇرۇشلىرىنىڭ ھەممىسىدە يېيىلما لىنىيىلىك تاكتىكا قوللىنىلدى.

ئارمىيىنىڭ جەڭ سەپلىرىدە يېڭى - يېڭى تاكتىكىلار قوللىنىلىدىغان بولدى: دۈشمەنگە يېقىنلىشىشتا، پىيادىلەر تارلىپ ھەرىكەتلىنىپ، مۇئەييەن ئېتىش ئارىلىقىغا يەتكەندە، يېيىلغان لىنىيىلەرنى ھاسىل قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئېتىش، بىر تەرەپتىن يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ بۆلۈك ئالغا، بۆلۈك سولغا، بۆلۈك ئوڭغا، بۆلۈك ئارقىغا قاتارلىق سەپ شەكىللىرى بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان بولدى. پىيادىلەرنىڭ ئاساسىي كۈچى دۈشمەن ئىستىھكامىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن،

توپچى قىسىملار ئاتاكىغا ئۆتۈش ئوت كۈچى بىلەن ئۆز قىسىملىرىنىڭ ئۈستىدىن ھالقىپ دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىگە ئوت ئاچاتتى، ئاتلىق قىسىملار بولسا، سوقۇش جەريانىدا دۈشمەننى كۆزىتىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يان تەرىپى بىلەن ئارقا تەرەپلىرىگە ئۇشتۇمتۇت زەربە بېرىش ئارقىلىق پىيادە ئەسكەرلەر قولغا كەلتۈرگەن جەڭ نەتىجىسىنى كېڭەيتەتتى.

يېپىلغان ئەسكىرىي سەپ ھەربىي قوراللارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق ئىدى. تۈرلۈك يەر تۈزۈلۈشى، بۇنداق سەپ شەكلىنى قوللىنىپ ھەر خىل پەسىللەردە جەڭ قىلغاندا ئوت كۈچىنى جارى قىلدۇرۇپ ھەرىكەتچانلىق بىلەن ئۇشتۇمتۇت زەربە بېرىشنى بىرلەشتۈرگىلى بولاتتى. نارېزلىق قوراللارنىڭ ئىشلىتىلىشى يېڭى جەڭ تۈزۈملىرىنى قوللىنىش، ئارمىيىنىڭ تەلىم - تەربىيە، جەڭگە كاپالەتلىك قىلىش جەھەتلەردىكى ھەمكارلىشىش ھەرىكەتلىرىگە بولغان تەلەپنى ھەسسىلەپ ئۆستۈردى.

يېڭى تىپتىكى قوراللارنىڭ تەسىرىدە، مۇداپىئەلىك جەڭ قىلىش تاكتىكىسىدىمۇ ئۆزگىرىشلەر بولدى. كېچىلىك مۇداپىئەلىك جەڭ قىلىش ئۇسۇللىرىدىمۇ بىر قەدەر تەرەققىياتلار بولدى. توپىلاردىن دۆۋىلەپ ياسالغان يالغۇز كىشىلىك ئاكوپ، يانتۇ سوزۇلغان يىلان باغرىلىق قاتناش ئاكوپلىرى، زاپاس ئەترەتلەرنىڭ ئاكوپ ۋە بىلىنداژلىرى ياسىلىپ، تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك پايدىلىنىشقا، تەشكىللەشكە ئەپلىك بولغان مۇداپىئە رايونلىرىنى قۇرۇپ چىقىشقا ئوڭايلىق يارىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ساپيور قىسىملىرىنىڭ جەڭدىكى رولى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

مۇنتىزىملاشقان ئارمىيىنىڭ تەلىم - تەربىيە ئۇسۇللىرى بىلەن جەڭ قىلىش نۇقتىئىنەزەرلىرى بەزى ئۆستاپ، تەلىم - تەربىيە قوللانمىلىرىدا ئەكس ئېتىشكە باشلىدى.



XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا، ھەربىي پەندە ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. ئىلمىي كوممۇنىزمنىڭ ئىجادچىسى ماركس بىلەن ئېنگېلس ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى تاپتى. ئۇلار ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكا ئاساسىدا ھەقىقىي ئىلمىي بولغان ئۇرۇش تەلىماتىنى تۇرغۇزۇپ چىقتى.

ماركسىزم نەزەرىيىسى تارىخىي تەجرىبىلەرنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ھەربىي ئىلىمنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئىلمىي ئۇسۇللار بىلەن تەمىنلىدى. ماركس بىلەن ئېنگېلس دانالىق بىلەن تۈرلۈك ھەربىي - نەزەرىيە ئەسەرلىرىنى يېزىپ چىقتى. ماركسىزمنىڭ ئىجادچىلىرى ئۆتكەن دەۋرلەردىكى ئۇرۇش تارىخى ھەم ھەربىي تەلىمات تارىخىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىش بىلەن بىرگە XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدىكى ئۇرۇشلارنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىنى، بولۇپمۇ 1848 -، 1849 - يىللاردىكى ئىنقىلاب ۋە پارىژ كوممۇنىسى ۋاقتىدىكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى تەپسىلىي تەھلىل قىلىپ چىقتى.

شۇنداق قىلىپ ماركس بىلەن ئېنگېلس ئۆزىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن ئىنقىلاب قىلغان پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ ھەربىي ئىشلار نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزۇپ بەردى.

## 5 - بۆلۈم جاھانگىرلىك دەۋرىدىكى ئۇرۇش ۋە ھەربىي قوراللار

جاھانگىرلىك دەۋرىدىكى ئۇرۇشنىڭ ئالاھىدىلىكى، جەڭ قىلىش ئۇسۇلى XIX ۋە XX ئەسىرلەردىكى ئۇرۇشلاردا مەيدانغا كەلدى. بۇنى ئەركىن رىقابەت جەريانىدىكى كاپى-

تالىزمنىڭ جاھانگىرلىككە قاراپ تەرەققىي قىلغانلىقىدەك تارىخىي شەرت - شارائىت بەلگىلىگەنىدى. لېنىن ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدە جاھانگىرلىكنىڭ ماھىيىتى بىلەن ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە چوڭقۇر ئانالىز ئېلىپ باردى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «جاھانگىرلىك كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىپ شۇنداق بىر دەرىجىگە يەتكەن باسقۇچكى، ئۇنىڭدا مونوپول تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋە پۇل مۇئامىلە كاپىتالىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئورنىتىلغان، چەتكە كاپىتال چىقىرىش گەۋدىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان خەلقئارا تىرەستلار دۇنيانى بۆلۈۋېلىشقا باشلىغان، ئەڭ چوڭ كاپىتالىست دۆلەتلەر دۇنيادىكى ھەممە زېمىننى پۈتۈنلەي بۆلۈشۈپ بولغان بولىدۇ.»①

كاپىتالىزمنىڭ جاھانگىرلىك باسقۇچىغا ئۆتۈشتىكى ئىقتىسادىي ئاساسى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۇچقانداك تېز تەرەققىي تېپىشى بىلەن تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى. يېڭى ئېنېرگىيە مەنبەلىرى تېپىلدى. گېنېراتور ۋە ئىچىدىن ياندىغان دۋىگاتېل كەشىپ قىلىندى. سانائەت بىرلەشمە كارخانىلىرى ۋە يېڭى سانائەت تۈرلىرى — ئېلېكترلەشكەن سانائەت، ماشىنىسازلىق سانائىتى، تراكتور ئىشلەپچىقىرىش سانائىتى، خىمىيە سانائىتى ۋە قاتناش - ترانسپورت تېز تەرەققىي تاپتى. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇھىم ئالاقىلىشىش قورالى بولغان تېلېگراف، تېلېفون ئىجاد قىلىندى.

مۇھىمى، قۇدرەتلىك كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن تەڭ كاپىتال مەركەزلىشىپ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنى يېمىرىپ تاشلاپ، مۇستەملىكىلەرنى

① لېنىن: «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى». 2 - توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 810 - بەت.



تالان - تاراج قىلدى. ئىشچىلار سىنىپىغا قارىتا ئېكسپلاتاتسىيىنى كۈچەيتتى. غايەت چوڭ مونوپول تەشكىلاتلار تىرەست، سىندىكات، كارتېللار قۇرۇلۇپ بىرلىكتە ماسلاشتى. جاھانگىرلىك بىلەن ئەمگەك ۋە كاپىتال ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، ھەرقايسى جاھانگىر دۆلەتلەر بىلەن مۇستەملىكە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە ھەرقايسى كاپىتالىستىك كۈچلۈك دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىنتايىن كەسكىنلەشتى. جاھانگىرلىكنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېغىر ئىقتىسادىي كرىزىسى بىلەن ئىجتىمائىي توقۇنۇش، ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن ھەربىي مىلىتارىزمنىڭ كۈنسايىن ئۆسۈشى قىرغىنچىلىق خاراكتېرىدىكى ئۇرۇشلارغا سەۋەبچى بولدى.

جاھانگىرلىكنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئەھۋال ئۇرۇش ۋە ھەربىي تەلىماتقا ھەل قىلغۇچ خاراكتېردە تەسىرىنى كۆرسەتتى. لېنىن جاھانگىرلىك تۈزۈمى دەۋرىدىكى بارلىق ئۇرۇشلارنى ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن ئانالىز قىلىپ، ئۇرۇشلارنىڭ ئوخشاش ئالامەتلىرى بىلەن چوڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى خۇلاسىلەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان ھەل قىلغۇچ رولىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ياللانما ئەسكەر ياكى خەلقتىن يېرىم - ياتا ئايرىلغان گۇرۇھۋازلارغا تايىنىپ ئۇرۇش قىلغان زامان ئاللىقاچان كەلمەسكە كەتتى. ھازىرقى ئۇرۇشنى خەلق ئېلىپ بارىدۇ.»①

جاھانگىرلىك تۈزۈمى دەۋرىدىكى ھەر قېتىملىق ئۇرۇشلاردا ھەر خىل تېپتىكى تېخنىكىلىق ھەربىي قوراللار كەڭ مىقياستا ئىشلىتىلدى. ئارمىيىنىڭ جابدۇقلىنىشىنىڭ كۈنسايىن ئۆسۈشى كۆپ مىقداردىكى پىلىموت، مىناميوت، مۇھىم جاي، ئەجەللىك يېرىگە زەربە بېرىدىغان ياكى توسۇپ زەربە بېرىدىغان زەمبىرەكلىرى، ئوت پۈركەيدىغان ئېتىش ئەسۋابلىرى،

① لېنىن: «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 8 - توم، 32 - بەت.

بىرونىۋىك ماشىنىلار، تانكا، ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى، سۇ ئاستى پاراخوتلىرى قاتارلىق ھەر خىل تېخنىكىلىق ئەسكىرىي ئەسۋابلارنىڭ ئۇرۇشتا كەڭ ئىشلىتىلىشىگە زېمىن ھازىرلىدى. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئارمىيىلىرى ماتورلىشىش، ماشىنىلىشىش جەريانىنى باشلىدى. لېنىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تارىختا بىرىنچى قېتىم كەڭ، زور تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى كەڭ كۆلەمدىكى ۋەيرانچىلىق، مىليونلىغان خەلقنى ھاياتىدىن ئايرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلدى.»①

جەڭگىۋارلىقى يۇقىرى ۋە كۈچ – قۇۋۋىتى چوڭ بولغان مۇرەككەپ تېخنىكىلىق ھەربىي قوراللار ئارمىيىنىڭ تەلىم – تەربىيە سەۋىيىسى بىلەن جەڭگىۋارلىق روھىي سۈپىتىگە ئىنتايىن يۇقىرى تەلەپلەرنى قويىدى. لېنىن بۇرۇنلا يەنى 1905 – يىلى ئۇرۇش يۇقىرى سۈپەتلىك ئادەملەرنى تەلەپ قىلىدۇ، دەپ كېلىپ مۇنداق كۆرسەتكەنىدى: «تەشەببۇسكارلىق روھىغا، ئاڭلىقلىققا ئىگە بولمىغان ئەسكەر ۋە دېڭىزچىلارنىڭ ھازىرقى زامان ئۇرۇشىدا غەلىبىگە ئېرىشىشى مۇمكىن ئەمەس.»①

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، جاھانگىرلىك تۈزۈمى دەۋرىدىكى ئۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم بولغان مۇنداق بىرنەچچە ئالاھىدىلىكى بار: ئۇرۇشقا كەڭ كۆلەمدىكى خەلق ئاممىسى سۆرەپ كىرىلىدۇ؛ ئىككى تەرەپتىن بىرنەچچە مىليون كىشىلىك ئارمىيە تەشكىل قىلىنىدۇ، ئۇلار زور مىقداردىكى، ھەر خىل تىپتىكى تېخنىكىلىق قورال – جابدۇقلارنى ئىشلىتىدۇ؛ قوراللىق ئۇرۇشنىڭ دائىرىسى، بۇزغۇنچىلىقى ئۇرۇشنىڭ كۈچى بىلەن ئۈزلۈكسىز ئۆسىدۇ، ئىقتىسادىي ئامىل بىلەن روھىي ئامىلنىڭ رولى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدە-

①② لېنىن: «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 27 – توم، 396 – بەت.



لىك بولسا دېئالېكتىكىنىڭ بىرلىكى بولۇپ، ئوخشاش مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلار ئۇرۇش قىلغان ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن ئېيتقاندا ھەممىسىگە بىر مەيدان سىناقتۇر.

جاھانگىرلىك تۈزۈمى دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى بىرنەچچە قېتىملىق ئۇرۇشلار ئامېرىكا بىلەن ئىسپانىيىنىڭ ئۇرۇشى (1898 – يىلى)، ئەنگلىيە بىلەن بورلارنىڭ ئۇرۇشى (1899 –، 1902 – يىلى)، ياپونىيە – چاررۇسىيە ئۇرۇشى (1904 –، 1905 – يىلى) بولۇپ، بۇ ئۇرۇشلار بۇرۇنلا بۆلۈنۈپ بولغان دۇنيانى يېڭىباشتىن بۆلۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلاردۇر.

ئامېرىكا تىنچ ئوكيان، ئاتلانتىك ئوكيان ۋە جەبىلتارىق بوغۇزى قاتارلىق مۇھىم ئىقتىسادىي ۋە ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە جايلار بىلەن ئىسپانىيىگە قاراشلىق ئاراللارنى ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن ئارالدا ئولتۇرۇشلۇق خەلقلەرنىڭ ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى كۈرىشىگە ياردەم بېرىش باھانىسى بىلەن 1898 – يىلى 4 – ئايدا ئىسپانىيە بىلەن سوقۇشۇشقا باشلىدى. 1898 – يىلى 8 – ئايدا ئىسپانىيە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

ئەنگلىيە بىلەن بورلارنىڭ ئۇرۇشى ئەنگلىيىنىڭ ترانسۋائال بىلەن ئورانگې بۇ ئىككى بور جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالتۇن ۋە سىماب ئىشلەپچىقىرىشىنى ئىگىلىۋېلىش مەقسىتىدە ئېلىپ بارغان ئۇرۇش ئىدى. بورلار ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىكىنى قوغداش ئۈچۈن، خەلق ئەسكەرلىرىنى ئاساس قىلىپ، ئومۇمىي سانى 600 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى تەشكىللەپ، شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ ياخشى قوراللار بىلەن قوراللاندۇردى. بورلار ئەپچىللىك بىلەن يېڭى قوراللارنىڭ جەڭگىۋارلىق قۇدرىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، 1890 – يىلى ئەنگلىيىنىڭ تاجاۋۇزچى ئەسكەرلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربىلەرنى بەردى.

1900 - يىلى ئەنگلىيە 200 مىڭدىن ئارتۇق قوشۇن چىقىرىپ بورلار بىلەن ئۇرۇش قىلدى. ترانسۋائال بىلەن ئورانگې ئىككى دۆلەتنى ئىشغال قىلىۋالدى. بورلار ئۇرۇش تاكتىكىسىنى پارتىزانلىق ئۇرۇشقا ئۆزگەرتتى. ئىككى يىل ئىچىدە ئەنگلىيە ئارمىيىسى كۆپىيىپ 450 مىڭغا يەتكەن بولسىمۇ، بورلار قەھرىمانلارچە قەتئىي كۈرەش قىلدى. ئەمما ئەنگلىيىلىكلەر تىنچ ئاھالىلەرگە قارىتا ئېچىنىشلىق تۈردە قاتتىق باستۇرۇش، قىرىش - چېپىش يۈرگۈزگەنلىكتىن، بورلار 1902 - يىلى نائىلاج قارشىلىشىشنى توختاتتى.

1904 - 1905 - يىلدىكى ياپون - چاررۇسىيە ئۇرۇشى جاھانگىرلىك تۈزۈمى دەۋرىدىكى ئۇرۇشنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بەردى. بۇ ئۇرۇشنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەب چاررۇسىيە بىلەن ياپونىيە جاھانگىرلىكىنىڭ چاۋشيەن، جۇڭگونىڭ شەرقىي - شىمالىدىكى ئۈچ ئۆلكىسى ۋە يىراق شەرقتىكى باشقا رايونلارنى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇۋېلىشنى مەقسەت قىلغانلىقى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئۇرۇش ئادالەتسىز تالان - تاراجلىق خاراكتېرىدىكى ئۇرۇش ئىدى.

چاررۇسىيە دۈشمەنىنىڭ كۈچىنى سەل چاغلىدى. بۇ مەزگىلدە دۆلەتنىڭ مەركىزىي رايونلىرى بىلەن سوقۇش رايونلىرىدىكى تۆمۈريوللار تۇتاشتۇرۇلۇپ پۈتمىگەن، چاررۇسىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ مۇھىم بازىسى لۈيشۈن پورتئارتوردىكى مۇداپىئە ئاكوپلىرى ياسىلىپ بولمىغانىدى. سوقۇش باشلىنىش بىلەن چاررۇسىيە يىراق شەرققە جەمئىي 100 مىڭ كىشى ئەتراپىدىكى پىيادە ئەسكەرنى جەڭ پاراخوتلىرىدىن 57 نى ئەۋەتتى. ستراتېگىيىلىك پىلانىغا ئاساسەن، چاررۇسىيە دەسلەپكى بىرنەچچە ئاي ئىچىدە مۇداپىئەدە تۇرۇپ، ئەسكىرىي كۈچ ۋە قوراللارنى يۆتكەپ بولۇپ ئاندىن كېيىن ھۇجۇمغا ئۆتمەكچى



ئىدى. بۇنداق بولغاندا، دۈشمەن ئارمىيىسىنى يېمىرىشكە پايدىلىق بولاتتى.

ياپونىيە 370 مىڭ كىشىلىك قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ۋە كۈچلۈك دېڭىز ئارمىيە (73 دانە سوقۇش پاراخوتى بار ئىدى)سىگە ئىگە ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە برونىلانغان پاراخوت، كرېيسېر، تورپېدا قاتارلىق سوقۇش پاراخوتلىرى يىراق شەرقتىكى چاررۇسىيىنىڭ سوقۇش پاراخوتلىرىدىن ئېشىپ كېتەتتى. ياپونىيە ستراتېگىيىلىك پىلان بويىچە چاررۇسىيىنىڭ لۈيشۈنكۇدا تۇرۇۋاتقان تىنچ ئوكيان فلوتىغا ئۇشتۇمتۇت زەربە بېرىش ئارقىلىق دېڭىز ئۈستۈنلۈكىنى تارتىۋېلىپ، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنى قۇرۇقلۇققا چىقىرىش ئارقىلىق چاررۇسىيىنىڭ چوڭ ئارمىيىسى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلى بىلەن مانجۇرىيىنى بېسىۋالماقچى بولدى.

ئۇرۇش 1904 - يىل 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى يېرىم كېچىدە پارتلىدى. ئۇ ۋاقىتتا چاررۇسىيە تىنچ ئوكيان فلوتى ھېچقانداق جەڭ ھازىرلىقى ئېلىپ بارمىغانىدى. ياپونىيە فلوتىنىڭ ئاساسىي كۈچى ئارقا تەرەپتىن ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، چاررۇسىيىنىڭ ئىككى دانە جەڭ پاراخوتى بىلەن بىر دانە كرېيسېرىنى پاچاقلاپ تاشلىدى.

ياپونىيە دېڭىزدا ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ھېچقانداق توسالغۇسىز ھالدا قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنى قۇرۇقلۇققا چىقاردى. ياپونىيىنىڭ بەش گورۇپپىۋى ئارمىيىسى دەرھال يېيىلىپ پايدىلىق يەر شارائىتىنى ئىگىلىۋالدى.

شۇ ۋاقىتتا يىراق شەرقتە تۇرغان چاررۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەسكەر سانى 300 مىڭغا يېتىپ، 1904 - يىلنىڭ ئاخىرىدا بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى گورۇپپىۋى ئارمىيە قىلىپ تەشكىللىدى.

ئۇرۇش جەريانىدا ياپونىيە دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقتا بولغان

جەڭلەردە باشتىن - ئاخىر تەشەببۇسكارلىقنى قولدىن بەرمىدى. لويشۇنكۇنى تالىشىش جەڭلىرى (1904 - يىلى 5 - ئايدىن 12 - ئايغىچە) دە چاررۇسسىيە، ياپونىيىنىڭ ئاساسىي كۈچلىرى بىرنەچچە قېتىم چوڭ كۆلەمدىكى جەڭلەرنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، چاررۇسسىيىنىڭ بېشى گاڭگىراپ ئەس - ھوشىنى يىغۋالالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قوماندانلىقنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىدىن لويشۇنكۇنى مۇداپىئە قىلىش ئۇرۇشى چاررۇسسىيە ئارمىيىسىنىڭ يېڭىلىشى بىلەن ئاخىرلاشتى.

چاررۇسسىيە ھۆكۈمىتى ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بالتىق دېڭىزى فلوتىنى يىراق شەرققە ئەۋەتتى. ئەمما 1905 - يىلى 5 - ئايدا بۇ دېڭىز فلوتى سوسىماغا كەلگەندە ياپونىيە پاراخوتلىرىنىڭ ئاساسىي كۈچىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، تارمار بولۇش بىلەن پۈتۈن فلوت غەرق بولۇپ كەتتى. ھەربىي جەھەتتىن تەكرار مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەملىكەت ئىچىدىكى ئىنقىلابنىڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشى چاررۇسسىيە ھۆكۈمىتىنى ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان سۈلھ شەرتنامىسىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلدى.

چاررۇسسىيىنى سوقۇشتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان باش جىنايەتچى ئەكسىيەتچى چاررۇسسىيە پادىشاھلىق تۈزۈمى ئىدى. بۇ تۈزۈم ھەممە تەرەپنىڭ (بۇنىڭ ئىچىدە ئارمىيىمۇ بار بولۇپ) مەملىكەتنىڭ ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلغانىدى. لېنىن: «رۇسسىيە خەلقى ئەمەس، بەلكى مۇستەبىتلىك تۈزۈم شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولدى» دېگەنىدى①.

1914 - يىلدىن 1918 - يىلغىچە ئېلىپ بېرىلغان 1 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى جاھانگىرلارنىڭ زىددىيىتىنىڭ كەسكىنلىشىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن 1 - دۇنيا ئۇرۇشى ئادالەتسىز ئۇرۇش ئىدى.

① لېنىن: «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 8 - توم، 35 - بەت.



كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى خېلى بۇرۇنلا ئۇرۇشقا ھازىرلىق قىلغانىدى. ئۇلار ئۇرۇش باشلىنىشتىن خېلى بۇرۇنلا ئىككى چوڭ ھەربىي گورۇھ بولۇپ شەكىللەنگەنىدى. گېرمانىيە، ئاۋسترىيە ۋە ئىتالىيە ئۈچ دۆلەت بىرلىشىپ ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بولدى؛ ئەنگلىيە، فرانسىيە، چاررۇسسىيە ئۇلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ھەربىي بىرلەشمە قۇرۇپ، ئۆزلىرىنى ئانتانتا دۆلەتلىرى دەپ ئاتىدى. ئۇرۇش باشلىنىش ھارپىسىدا، ئۇرۇش جەريانىدا كۆپلىگەن دۆلەتلەر بۆلۈنۈپ بۇ ئىككى ھەربىي بىرلەشمىگە قاتناشتى. ئىتالىيە كېيىن ئۆزگىرىپ ئانتانتا تەرەپكە ئۆتتى. ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر ئۇرۇش تەييارلىقى ۋاقتىدا، چوڭ، كۈچلۈك ئارمىيەلەرنى قۇرۇش بىلەن قالماستىن، ناھايىتى چوڭ ساندىكى زاپاس ئارمىيەلەرنى توپلىدى. مەسىلەن، چاررۇسسىيىنىڭ ئەسكىرى 1 مىليون 360 مىڭغا يېتىپ، تەلىم - تەربىيە ئالغان زاپاس ئەسكىرى 5 مىليون 650 مىڭ ئادەمگە يەتتى؛ گېرمانىيە ئارمىيىسى 788 مىڭ بولۇپ، زاپاس ئەسكىرى 4 مىليون 9000 ئادەم ئىدى.

جەڭ باشلانغان ۋاقىتتا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ قوراللىنىشى مۇنداق بولدى: ئەسكەرلەر نەيزە بېكىتىلگەن بەش ئاتار مىلتىق، پىلىموت ۋە ھەر خىل زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللاندۇرۇلدى. ئەمما قىسىملاردا ئېغىر پىلىموتلار ناھايىتى ئاز ئىدى. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ پولكلىرىدا ئارانلا سەككىزدىن ئېغىر پىلىموت بار ئىدى. دالا زەمبىرەكلىك قىسىملىرى 75 — 77 مىللىمېترلىق كانۇن توپ بىلەن قوراللاندۇرۇلغانىدى. بۇلارنىڭ ئەڭ يىراق ئېتىش ئارىلىقى 7 — 8 كىلومېتر ئىدى، 105 — 155 مىللىمېترلىق كانۇن توپ بىلەن گائوبىتسانىڭ سانى ناھايىتى ئاز ئىدى. مەسىلەن، چاررۇسسىيە ئارمىيىسىدە 7030 دانە زەمبىرەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر تىپتىكى كانۇن توپ بىلەن گائوبىتسا ئاران 240 دانە ئىدى. فرانسىيىنىڭ زەمبىرىكى

4800 دانە بولۇپ، ئېغىر تىپتىكى زەمبىرىكى ئاران 300 دانە ئىدى.

گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ توپچى قىسىملىرى بىرقەدەر كۈچلۈك سانىلاتتى. ئەمما، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ 9388 دانە زەمبىرىكىنىڭ ئىچىدە ئېغىر تىپتىكى زەمبىرىكى 1396 دانىدىن ئاشمايتتى. ئارمىيە دەسلەپتە ئاز ساندىكى بىرونېۋىكلار بىلەن جابدۇقلاندۇرۇلغان بولۇپ، ئادەتتە بۇنداق بىرونېۋىكلار مۇھىم چارلاشقا ئىشلىتىلەتتى. بەزى دۆلەتلەر ئاز ساندىكى ئايروپىلانلارنى ئىشقا سالدى، بۇنىڭ ئىچىدە چاررۇسىيىنىڭ 263 دانە، گېرمانىيىنىڭ 233 دانە ئايروپىلانى بار ئىدى. ئەمما بۇ ئايروپىلانلارغا قورال ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان بولۇپ، پەقەت چارلاش بىلەن ئالاقە ئىشلىرىغىلا ئىشلىتىلەتتى.

چوڭ تىپتىكى ھەربىي كېمىلەر بىلەن ئاۋىئاماتكىلار ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ جەڭگىۋارلىق كۈچىنىڭ ئاساسى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يېنىك تىپلىك قوراللانغان ئاۋىئاماتكا، قوغلىغۇچى پاراخوتلار، تورپېدا قاتارلىقلار بار ئىدى. سۇ ئۈستىدىكى ھەربىي كېمىلەردىن تاشقىرى يەنە ئاز ساندىكى سۇ ئاستى پاراخوتلىرى بىلەن سۇ ئۈستىدىكى ئايروپىلانلارمۇ بار ئىدى.

كۆپ ساندىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي كۈچى قۇرۇقلۇق ئارمىيە بىلەن دېڭىز ئارمىيىسىدىن تەشكىللىنەتتى. قۇرۇقلۇق ئارمىيە پىيادە، ئاتلىق، زەمبىرەكچىلەر، كەسپىي ئەسكەر (ساپيور ئەسكەر)، ئالاقىچى ئەسكەر بىلەن ئارقا سەپ خىزمەتچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئايروپىلان ۋە بىرونېلاشقان قىسىم (بىرونېۋىك ماشىنا قىسمى)، بىرونېلاشقان ئوت چاچار ماشىنىلار ئۇ ۋاقىتلاردا ساپيور ئەسكەرلەر شتاتىغا كىرگۈزۈلەتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا ئارمىيىنىڭ بىرلىككە كەلگەن شتاتى بىرلەشمە ئارمىيە بولۇپ، ھەر بىر بىرلەشمە ئارمىيە تەركىبىدە



بىرنەچچە كورپۇس ۋە دىۋىزىيىلەر بولاتتى. بىر پىيادە دىۋىزىيە تەركىبىدە بىرنەچچە بىرىگادا (ھەر بىر بىرىگادىدا ئىككى پولك)، بىر توپچى قىسىم بىرىگادىسى، بىردىن ئۈچكىچە ئاتلىق ئەسكەرلەر ئەسكادرونى، بىردىن ئىككىگىچە ساپيورلار لىيەنى ۋە باشقا نۇرغۇن ئارقا سەپ خىزمەتچىلىرى بولاتتى. بىر دىۋىزىيىنىڭ ئومۇمىي ئادەم سانى 16 مىڭدىن 21 مىڭ كىشى ئەتراپىدا ئىدى. ئارمىيىنىڭ بۇ خىل شتاتلىق تۈزۈم ئۇقتىسىنەزەرى شۇ چاغدىكى پەقەت كۆپلىگەن پىيادە ئەسكەرلەرنى ئىشلەتكەندىلا جەڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغىلى بولىدۇ دەيدىغان ئۇقتىسىنەزەرنى ئىپادىلەپ بەرگەنىدى. بۇ خىل ئۇقتىسىنەزەردىكىلەر توپچى قىسىم بىلەن پىلىموتلارنىڭ رولىغا سەل قارايتتى.

ھەرقايسى دۆلەتلەر قوراللىق كۈچلىرىنى ئىشقا سېلىش ئۈچۈن، XIX ئەسىردە شەكىللەنگەن نەزەرىيە، ئۇقۇم ۋە ئۇقتىسىنەزەرلەر بويىچە ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشتى. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ باش شتابلىرى ھەرىكەتچان ئۇرۇش قىلىشنىلا ئويلايتتى. ئۇستاب ۋە نەزەرىيە ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىدە ھۇجۇم جېڭى شەرھلىنەتتى. مۇداپىئە مەسىلىسىگە يېتەرلىك ئېتىبار بېرىلمەيتتى. كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان ئوت كۈچى تولۇق تەسەۋۋۇرغا ئېلىنمايتتى. ئارمىيىنىڭ تەلىم - تەربىيىسىدە پەقەت زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان سەپ تۈزۈمى بىلەن جەڭ قىلىش تەكىتلىنىپ، يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق دۈشمەنگە يېقىنلىشىش قاتارلىق مەشغۇلاتلار ئېلىپ بېرىلمايتتى.

بۇرژۇئازىيە ھەربىي ئالىملىرىدا جاھانگىرلىك ئۇرۇشى دەۋرىدىكى دەسلەپكى بىرنەچچە قېتىملىق ئۇرۇشنىڭ تەجرىبىلىرىنى ۋاقتىدا خۇلاسىلەش ئىقتىدارى يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقايسى دۆلەتلەر 1 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ستىرا-

تېگىيىلىك تەييارلىق پىلانىنى تۈزۈش ۋاقتىدا، ھەممىسى يېڭى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئامىللارنى ئەستايىدىل ئويلىمىغانىدى. ئىگىلىكنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش بىلەن ھەربىي ۋەزىيىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ھەربىي بۇيرۇتمىلارنى زاكاز قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھېچ بىرى پىلانغا كىرگۈزۈلمىگەنىدى، ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرغۇچىلار بىر تەرەپلىمە ھالدا گراژدانلارنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈش، ئەسلىھەلەرنى توپلاش بىلەن ئالدىنقى سەپنىڭ ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرغىلى بولىدۇ دەپ ئويلايتتى.

بۇ چاغدا ئانتانتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرسىمۇ، ھەرقايسى دۆلەتلەر ستراتېگىيىلىك پىلانلىرىنى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تۈزۈيتتى؛ ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئۆزئارا مەسلىھەتلەشمەيتتى. ئانتانتىغا ئەزا دۆلەتلەردە بىرلىك يوق ئىدى. ستراتېگىيىلىك ھەمكارلىقنى تەشكىللەشتە جىقراق جەڭ قىلىش ۋەزىپىسى بىلەن ھەربىي ئېغىرچىلىقنى ئانتانتا تەركىبىدىكى باشقا دۆلەتلەرگە ئىتتىرىپ قويۇشقا تىرىشاتتى. ئۇلار دۈشمەننىڭ ئاساسىي كۈچى ئورۇنلاشقان رايونلاردا خورىتىش جېڭى ئېلىپ بېرىپ، دۈشمەننى تارمار كەلتۈرۈش ئارقىلىق قىسقا ۋاقىتنىڭ ئىچىدىلا تېزدىن غەلىبىگە ئېرىشىش مۇمكىن دەپ تونۇشاتتى. ئەمما دۈشمەننىڭ جانلىق كۈچى ھەققىدە، دۈشمەن تەرەپنىڭ بىرنەچچە مىليون زاپاس ئەسكىرىي كۈچىنىڭ بارلىقى ھەققىدە ئويلاشمايتتى. بۇنىڭدىن ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ستراتېگىيىلىك پىلانلىرىدا بىر خىل قارامىلىق ئامىلىنىڭ ساقلانغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

1914 - يىلى 7 - ئايدا ئاۋستىرىيە سېربىيىگە ھۇجۇم قىلدى، 8 - ئايدا گېرمانىيە، فرانسىيە، چارروسىيە، ئىتالىيە ئۇرۇشقا قاتناشتى، شۇنىڭ بىلەن 1 - دۇنيا ئۇرۇشى رەسمىي پارتلىدى.



ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن ياپونىيە گېرمانىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، جوڭگونىڭ شەندۇڭ ئۆلكىسىنى بېسىۋالدى، ئىتالىيە ئانتانتا دۆلەتلەر تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ئامېرىكا بىلەن جۇڭگومۇ ئانتانتا دۆلەتلەر تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇشقا قاتناشتى. تۈركىيە بىلەن بۇلغارىيە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇشقا قاتناشتى. ئۇرۇش ئوتى ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا قىتئەلىرىگە تۇتىشىپ كەتتى، ياۋروپا ئاساسىي ئۇرۇش مەيدانى بولدى.

بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ مەغلۇبىيىتى، ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياغلاشتى. 1918 - يىل 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى گېرمانىيە تەرەپ تەسلىم بولۇش شەرتنامىسىگە ئىمزا قويدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش تۆت يىل ئۈچ ئاي 10 كۈن داۋام قىلدى. جەمئىي 34 دۆلەت بۇ ئۇرۇشقا قاتناشتى. 1 مىليارد 500 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرىلدى. ئۇرۇش جەريانىدا 10 مىليون ئادەم ئۆلدى، 20 مىليون ئادەم يارىدار بولدى. كەتكەن ئومۇمىي راسخوت تەخمىنەن 2 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى.

گېرمانىيە ۋە باشقا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئۇرۇشتا ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن جاھانگىر دۆلەتلەر جاھانگىرلىك شەرتنامىلىرىگە ئىمزا قويدى. مۇشۇ شەرتنامىلەرگە ئاساسەن سوقۇشتا مەغلۇپ بولغان دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكىلىرى ۋە بىر قىسىم زېمىنلىرى ھەرقايسى غەلىبە قىلغان دۆلەتلەر تەرىپىدىن بۆلۈشۈۋېلىندى. ئەمما 1 - دۇنيا ئۇرۇشى جاھانگىرلار ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىن داۋام قىلىپ كەلگەن زىددىيەتلەرنى ھەل قىلالمىدى. ئەكسىچە يېڭى ۋە تېخىمۇ ئېغىر زىددىيەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، كېيىنكى ھەربىي توقۇنۇشلارنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالدى.

ئۇرۇش يىللىرىدا ھەربىي ئىشلار تەلىماتىدىمۇ چوڭ ئىلگىرىلەشلەر بولدى. ھەربىي قورال - ياراقنىلا ئالساق، ئۇرۇش قىلغان ھەرقايسى دۆلەتلەر 70 مىليوندىن ئارتۇق ئادەمنى سەپەرۋەرلىككە كۆتۈردى. بۇ 70 مىليون ئادەمنى قوراللاندۇرۇش ئۈچۈن 3 مىليون 600 مىڭ دانە مىلتىق، 1 مىليون 75 مىڭ پىلىموت، 152 مىڭ دانە تۈرلۈك كالىبىرلىق زەمبىرەك، 182 مىڭ ئايروپىلان، 9200 تانكا ۋە باشقا قوراللار ئىشلەپ چىقىرىلدى.

ستراتېگىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھەربىي ھەرىكەتنىڭ دائىرىسى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا كېڭىيىپ، بۇرژۇئىچىلىق كۈچى زورايغانلىقتىن، ئەسلىدىكى ستراتېگىيىلىك نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلدى. ھەرقايسى دۆلەتلەر ستراتېگىيىلىك پىلان تۈزگەندە، دەسلەپتە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي يوشۇرۇن كۈچى بىلەن ستراتېگىيىلىك زاپاس ئارمىيىسىنىڭ ھەممىسىنى مۆلچەرلەپ پىلانغا كىرگۈزۈپ، قۇرۇقلۇق، دېڭىز ئارمىيە كۈچىنىڭ ئۆز ئالدىغا جەڭ قىلىش ۋە بىرلىشىپ جەڭ قىلىش تەشكىلىنى قۇرغانىدى. بىرنەچچە يىل جەڭ قىلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئارمىيە باش شتابلىرى ستراتېگىيىلىك پىلان تۈزۈشتە ھەر تەرەپلىمىلىك مول تەجرىبىلەرگە ئىگە بولدى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بىلەن ئانتانتا دۆلەتلەر ئىچىدە ھەرقانداق بىر تەرەپ ۋە ياكى ئۇرۇشقا قاتناشقان دۆلەتلەرنىڭ ھەرقاندىقى ئۇرۇش ۋەزىيىتىگە ئاساسەن ھەرقانداق بىر ستراتېگىيىلىك پىلاننى ئىشقا ئاشۇرالمىدى. چۈنكى، ھەرقايسى جاھانگىر دۆلەتلەر ئىچىدىكى ئۆتكۈر زىددىيەتلەر تۈپەيلىدىن، ستراتېگىيىلىك پىلان پرىنسىپلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

گېرمانىيە ئارمىيىسى 1914 - يىلى ياز پەسلىدىكى



جەڭلەردە، شۇنىڭدەك 1918 - يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدىكى جەڭلەردە كۆپ قېتىم غەلىبىلىك جەڭلەرنى قىلسىمۇ، ئەمما ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىشكە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتەلمىدى. ئۇنداق شارائىتتا پەقەت ئۈزلۈكسىز ھالدا بىر قاتار ستراتېگىيىلىك جەڭ ئوپېراتسىيىسى ئېلىپ بارغاندىلا ئاندىن ئومۇمىيۈزلۈك جەڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيتتى.

بۇ قېتىمقى چوڭ ئۇرۇشنىڭ تەجرىبىلىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۇزۇنغا سوزۇلغان قوراللىق توقۇنۇشتا، ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان ستراتېگىيىلىك زاپاس ئارمىيە پاك - پاكىز خورىتىلىپ تۈگىتىۋېتىلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ مىقداردىكى يېڭى ئەسكىرىي كۈچ ۋە ھەربىي قورال - ياراقلارنى ئۈزلۈكسىز ھالدا تەييارلاشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇرۇش بارلىق ئىقتىسادىي مەنبە بىلەن يېتەرلىك ئادەم كۈچىنى زاپاس تەييارلاپ قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

تاكتىكا جەھەتتە: سوقۇشتا زور مىقداردىكى پىلىموت، تېز ئاتىدىغان زەمبىرەك، ئايروپىلان، تانكا، زەھەرلىك گاز ۋە باشقىلار بىلەن يېڭى تىپتىكى قوراللار، ھۇجۇم جېڭى بىلەن مۇداپىئە جەڭلىرىنى ئېلىپ بېرىش ئۇسۇللىرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

ئۇرۇشنىڭ دەسلەپىدە سەپ تەشكىللى ئارقىلىق ھۇجۇم جېڭىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇسۇللىرى قوللىنىلغاندا، كونساناپ كۆچمىۋاتقان ئوت كۈچى قاتارلىق بۇ ئەھۋاللار ئۈستىدە ئەتراپلىق ئانالىز يۈرگۈزۈلمىدى. ھۇجۇمنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسىنى پىيادە ئەسكەرلەر ئىشقا ئاشۇراتتى. ئۇستاب تەلىپى بويىچە پىيادىلەردىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش، ئەسكىرىي كۈچنى توپلاش، جەڭ نەتىجىسىدىن پايدىلىنىش قاتارلىق ئۈچ خىل پرىنسىپ بويىچە جەڭ قىلىش تەلەپ قىلىناتتى. دۈش-

مەنىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان، توغرىسىغا تەشكىللەنگەن مۇداپىئە سىپىدىكى قوشۇنلىرىغا نىسبەتەن پەقەت مانېۋر ئۇرۇشى قىلىش تەلەپ قىلىناتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇدۇل تەرەپتىن بۆسۈپ كىرىش بىلەن دۈشمەننىڭ ئوڭ - سول ئىككى قانىتىدىن ئايلىنىپ ئورۇۋېلىش بولسا ھۇجۇم جېڭىدىكى ئەڭ ياخشى ھەرىكەتچان ئۇرۇش شەكلى دەپ قارىلاتتى.

پىيادە ئەسكەرلەر ھۇجۇمغا ئۆتسە ئاتلىق ئەسكەرلەر بىلەن توپچى قىسىملار ياردەم قىلاتتى. لېكىن ئاتلىقلار ئاتاكىغا ئۆتكەندە، ئاسانلا دۈشمەن پىلىموتلىرىدىن ئېتىلغان ئوققا دۇچ كېلەتتى. ئاندىن پىيادىلەرنىڭ مىلتىقلىرىدىن ئاتقان زالىپ ئوقلىرى ۋە زەمبىرەكلەرنىڭ توپ ئوتى ئاستىدا چېكىنىشكە مەجبۇر بولاتتى. دالا زەمبىرەكلىرى ئوقىنىڭ ماسكىروپكا قىلىنغان ئاكوپ بىلىنداۋلاردا ياتقان پىيادىلەرنى ئۆلتۈرۈش، ياردىلاندۇرۇشى ئانچە زور بولمايتتى. مۇداپىئەدە تۇرغان تەرەپ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئوت كۈچىنى ھۇجۇم قىلغۇچىلارغا نەتىجىلىك زەربە بېرەلەيدىغان جايلارغا تەشكىللەپ ئورۇنلاشتۇراتتى.

ئارمىيىنىڭ قوراللىنىشىدا زەمبىرەك، ئايروپىلان، تانكا ۋە باشقا تېخنىكىلىق ئەسۋابلار داۋاملىق كۆپەيگەنلىكتىن، 1917 - 1918 - يىللىرىدىن باشلاپ شەكىللەنگەن كۆپ خىلدىكى ئارمىيە تۈرىنىڭ بىرلىشىپ جەڭ قىلىش تاكتىكا پرىنسىپلىرىنى يەنى پىيادىلەرنى ئىشلەتكەندە زەمبىرەك، تانكا، ئايروپىلان ۋە ساپيور قىسىملىرىنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىپ بىردەك جەڭ قىلىشتەك جەڭ قىلىش ئۇسۇللىرىنى مەيدانغا كەلتۈردى.

1 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلىشىش ھارپىسىدا ھەرقايسى تەرەپ ئۇرۇشتا كەڭ كۆلەملىك يېيىلغان سەپ شەكلىنى



بىكار قىلغاندىن باشقا، ئۇرۇشتا يېڭى بىر خىل جەڭ قىلىش شەكلىنى تەدرىجىي قوللىنىشقا باشلىدى: يەنى ئادەم سانى ئانچە كۆپ بولمىغان كىچىك پىيادە ئەترەت (بەن - پەي) بىر كىچىك گۇرۇپپا بولۇپ، زەمبىرەك ياكى ئېغىر پىلىموتلارنىڭ ئۈزلۈكسىز دۈشمەن تەرەپنى باستۇرۇپ ئاتقان ئوت كۈچىدىن كېيىن تانكىغا ئەگىشىپ ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. بۇ خىل كىچىك گۇرۇپپىنىڭ ھەرىكەتلىنىشى ئاسان، دۈشمەن چوڭقۇرلۇقىغا قاراپ ئىچكىرىلەپ كىرىپ ھۇجۇم ۋەزىپىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى قولايلىق بولۇپ، تانكىغا ئەگىشىپ جەڭ قىلىدىغان كىچىك تىپتىكى توپچى قىسىم بىلەن زىچ ماسلىشالايتتى. ئەمما بۇنداق ھۇجۇم تاكتىكىسىدا ھۇجۇم جېڭىگە قوماندانلىق قىلىش مۇرەككەپ بولۇپ، ھەر دەرىجىلىك شۆبە ئەترەتلەرنىڭ ئۆزئارا ۋە يۇقىرى بىلەن ئۈزمەي ئالاقىلىشىشىنى تەلەپ قىلاتتى.

توپچى قىسىم ئوت كۈچىنىڭ ئېشىشى بىلەن ئېتىش ئارىلىقىنىڭ ئۇزارغانلىقىغا ئەگىشىپ، ئاۋىئاتسىيىنىڭ تەرەققىياتى ھەم كەڭ كۆلەمدىكى خىمىيىۋى گاز ۋە تانكىلارنىڭ ئۇرۇشتا ئىشلىتىلىشى مۇداپىئەنى تەشكىللەش ۋە جەڭ ئۇسۇللىرىغا ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. قىسىملارنىڭ جەڭگىۋار سەپلىرى دەسلەپتە چوڭقۇرلۇققا قاراپ بىرنەچچە ئېشەلونغا (شوتا شەكلىدە) بولۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، چوڭقۇرلۇقنى بويلاپ چېچىلاڭغۇ لىنىيە بويىچە سەپ تۈزىدىغان بولدى. پىيادىلەرنىڭ ئاپتوماتىك قوراللارنى ئىشلىتىشى دۈشمەن قىسىملىرىنىڭ جانلىق كۈچىنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىتىش بىلەن بىللە ئۆز تەرەپ ئوت كۈچىنىڭ زىچلىقىنى يۇقىرى كۆتۈردى. بۇرۇنقى بىر لىنىيە بىر قاتاردىكى يالغۇز كىشىلىك ئاكوپلار قاتناش ئاكوپلىرى ئارقىلىق باشقا يالغۇز كىشىلىك ئاكوپلار بىلەن تۇتاشتۇرۇلىدىغان بولدى. مۇداپىئە چوڭقۇرلۇ-

قىنىڭ ئۆزلۈكسىز چوڭقىيىشىغا ئەگىشىپ ئىككى ياكى تۆت يوللۇق قاتناش ئاكوپلىرىدىن مۇداپىئە رايونلىرى تەشكىللىنىدىغان بولدى. بۇ يوشۇرۇنۇشقا ئەپلىك جايلارغا ئىككىنچى ئىشلون ۋە زاپاس قوشۇنلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، قايتارما ئاتاكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى ۋە فرونت چوڭقۇرلۇقىغا ئۆزلۈكسىز ئەسكەر يۆتكەپ قارشىلىقنى كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلاتتى.

1 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ قوراللىق كۈچلىرى تەشكىلىدە چوڭ ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىپ، ھەر خىل ئارمىيە خىللىرى ۋە ئەسكىرىي تۈرلىرى مەيدانغا كەلدى ھەر بىر ئارمىيە خىلى كەسپىي ئەسكەرلەرنىڭ نىسبىتى، رولى، ۋەزىپىلىرىدە ئۆزگىرىشلەر بولدى. بىرلىشىپ جەڭ قىلىش تاكتىكىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ھەر بىر ئارمىيە خىللىرىنىڭ تاكتىكىسىمۇ تولۇقلىنىپ يېڭىلىنىشقا يۈزتۇتتى.



# ئىككىنچى باب

# سۇن ۋۇ ۋە «سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇرى»

## 1 - بۆلۈم قەيسەر قوماندان — سۇن ۋۇ

«سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇرى» نى تىلغا ئالغىنىمىزدا، بۇ داڭلىق ھەربىي ئەسەرنىڭ ئاپتورى سۇن ۋۇنى ئەسلىمەي تۇرالمايمىز. XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، پرۇسسىيىلىك كارل.فون.كلاۋسېۋىتىز «ئۇرۇش توغرىسىدا» دېگەن بىر كىتابنى يېزىپ چىققانىدى. بىراق، غەربئەللىرىدىكى ھەربىي ساھەدىكىلەرنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى، ئۇنىڭدىن 2300 نەچچە يىل ئىلگىرىلا جۇڭگودا «ئۇرۇش توغرىسىدا» دېگەن كىتابتىن قىلچە قېلىشمايدىغان داڭلىق ھەربىي ئەسەر — «سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇرى» بارلىققا كەلگەنىدى. بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى جۇڭگونىڭ قەدىمكى زاماندىكى بۈيۈك ھەربىي ئالىمى سۇن ۋۇ ئىدى.

سۇن ۋۇ ئەمىنىيە دەۋرىدىكى چى بەگلىكلىك ئىدى، ئۇ ئەمىنىيە دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، كېيىن قالايمىقانچىلىقتىن قېچىپ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا - تۆۋەن ئېقىنىدىكى ۋۇ بەگلىكىگە كېلىپ قالىدۇ.

سۇن ۋۇ ياشىغان ئەمنىيە دەۋرى — جۇڭگو تارىخىدىكى يېڭى تۈزۈم بىلەن كونا تۈزۈم ئالمىشىۋاتقان مەزگىل ئىدى. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، جۇ سۇلالىسى بارا - بارا زاۋاللىققا يۈزلەندى. ھەرقايسى بەگلىكلەر ئاستا - ئاستا باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، ھاكىمىيەتلىك تالىشىپ، يىغا قوپۇشتى. تارىخ كىتابلىرىدا قەيت قىلىنىشىچە، ئەمنىيە دەۋرى مەزگىلىدە، چوڭ - كىچىك ھەربىي ھەرىكەتلەردىن 480 نەچچە قېتىم سادىر بولغان. جەمئىيەت شىددەتلىك داۋالغۇش ئىچىدە ئىلگىرىلەپ، بىرلىككە كېلىشنىڭ ئالدىدا تۇرماقتا ئىدى. بۇ ئەھۋال ئاستىدا ھەرقايسى سىنىپلار ياكى ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مەزھەپلەرمۇ كەينى - كەينىدىن مەيدانغا كېلىپ، «ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» ۋەزىيىتى شەكىللەندى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى سۇن ۋۇنىڭ ھەربىي ئىشلار جەھەتتە ئەسەر يېزىپ، تەلىمات تىكلىشى ئۈچۈن شەرت - شارائىت يارىتىپ بەردى.

ۋۇ بەگلىكىدە تۇرۇپ قالغان سۇن ۋۇ ئۆتكەنكى ئۇرۇشلارنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، چوڭقۇر مۇتالىئە يۈرگۈزۈپ، باش كۆتۈرمەستىن ئەسەر يېزىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. بەگلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى رېئال ئۇرۇشلار ئۇنى ئۇرۇشنىڭ قانۇنىيىتىنى ئويلاشقا ۋە يەكۈنلەشكە جەلپ قىلىدۇ. زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىسىدا، ئاخىر ئۇ 13 بابلىق «سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇرى» دېگەن مەشھۇر ئەسەرنى يېزىپ چىقىدۇ. لېكىن ئۇ ئەينى چاغدا تېخى نامى چىقمىغان بىر كىشى ئىدى.

سۇن ۋۇ تۇرۇۋاتقان ۋۇ بەگلىكى ئەسلى چۇ بەگلىكىگە بېقىندى دۆلەت ئىدى. ۋۇ بەگلىكى بىرقەدەر ئىلغار بولغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، چۇ



بەگلىكىنىڭ كونتروللۇقىدىن بارا - بارا قۇتۇلۇپ چىقىدۇ. مىلادىدىن 514 يىل بۇرۇن، ۋۇ بېگى خې لۇ (مىلادىدىن بۇرۇن 496 — ؟) ئۆزىنىڭ ئەقىلچىسى ۋۇ زىشۈنىڭ ياردىمىدە، بەگلىك ئورنىغا چىقىپ ھاكىمىيەتلىك جېدىلىگە قاتناشماقچى بولىدۇ. ئەمما ۋۇ بەگلىكى چەت رايونغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، بۇ دۆلەتتە ئەختىساسلىق كىشى ناھايىتى ئاز ئىدى. شۇڭا، ۋۇ زىشۈ چى بەگلىكىدىن كەلگەن بىرەيلەننىڭ ئۇرۇش دەستۇرى يازغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال ۋۇ بېگىگە مەلۇم قىلىدۇ. ۋۇ بېگى بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولىدۇ ۋە دەرھال سۇن ۋۇ يازغان 13 بابلىق «ھەربىي ئىشلار دەستۇرى»نى ئالغۇزۇپ كېلىپ، ئىنچىكىلەپ ئوقۇيدۇ. كىتابتىكى مۇپەسسەل چۈشەنچىلەر ئۇنى جەلپ قىلىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ۋۇ بېگى خې لۇ بۇ تالانتلىق زاتنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمەكچى بولۇپ، سۇنزىنىڭ يېنىغا بارىدۇ.

ۋۇ بېگى سۇن ۋۇ بىلەن كۆرۈشۈپلا: «ئەپەندىنىڭ 13 بابلىق ئۇرۇش دەستۇرىنى كۆرۈپ چىقتىم، مەن ئەسكەر ئىشلىتىشكە ئامراق ئادەم ...» دەيدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سۇن ۋۇ قىلچە تارتىنماستىن: «ئەسكەر ئىشلىتىش چاقچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەس، سىزگە بۇنداق دېگەندىن كېيىن، مەن ھېچنېمە دېيەلمەيدىغان بولدۇم» دەيدۇ. ۋۇ بېگى بۇنى ئاڭلاپ دەرھال ئۇنىڭغا چۈشەنچە بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئەزەلدىن بۇنداق ئېسىل ئۇرۇش دەستۇرىنى كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ ۋە سۇن ۋۇنىڭ كىچىك كۆلەمدە مەشىق ئويۇشتۇرۇپ كۆرسىتىشىنى سورايدۇ. سۇن ۋۇ ۋۇ بېگىگە ئەر - ئاياللارنىڭ ھەممىسىنى مەشىققە ئويۇشتۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

بۇ مۇساپىرنىڭ قابىلىيىتىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن، ۋۇ بېگى خې لۇ سۇن ۋۇنى ئوردىدىكى كېنىزەكلەرنى تەشكىللەپ

مەشىق قىلدۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ.

ۋۇ بەگلىكىنىڭ پايتەختىدىكى بىر باغچىدا، بۇرغا - كاناي، ناغرا - دۇمباق سادالىرى ئىچىدە بايراقلار جەۋلان قىلىپ تۇراتتى. بۇ يەردە بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغانلار باتۇر - ئەزىمەتلەر بولماستىن، بەلكى 180 نەپەر ناتىۋان، لىۋەن قىزلار ئىدى.

ۋۇ بېگى كۆزىتىش سەھنىسىدە ئولتۇراتتى. ئۇ گەرچە سۇن ۋۇنىڭ ئۇرۇش دەستۇرىغا قول قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەمەلىي قوماندانلىق قىلىش ئىقتىدارىنى ئانچە بىلمەيتتى. ئۇ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى تەپسىلىي كۆزىتىپ باقماقچى بولىدۇ.

سۇن ۋۇ كېنىزەكلەرنى ئوڭ - سول ئىككى سەپكە بۆلۈپ، ۋۇ بېگى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىككى كېنىزەكنى بۇ ئىككى سەپكە باشلىق قىلىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن كېنىزەكلەردىن ئوڭ - سول قولنى ۋە ئالدى - كەينىنى بىلىدىغان - بىلمەيدىغانلىقىنى سورىغاندا، كېنىزەكلەر بىردەك بىلىمىز، دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ. سۇن ۋۇ: «سىلەر ئالغا دېگەن بۇيرۇقنى ئاڭلىغاندا ئۇدۇل يۆنىلىشكە قاراپ ئىلگىرىلەيسىلەر؛ سولغا دېگەن بۇيرۇقنى ئاڭلىغاندا، سول قول يۆنىلىشكە، ئوڭغا دېگەن بۇيرۇقنى ئاڭلىغاندا، ئوڭ قول يۆنىلىشكە قاراپ ئىلگىرىلەيسىلەر؛ ئارقىغا دېگەن بۇيرۇقنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كەينىڭلارغا قاراپ چېكىنىسىلەر» دەيدۇ. كېنىزەكلەر «چۈشەندۇق» دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ. سۇن ۋۇ ئۇلارغا ئارمىيە ئىنتىزامىغا قاتتىق رىئايە قىلىشنى تاپىلاپ: «ھەربىي بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بويسۇنمىغانلارنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ» دەپ تەكىتلەيدۇ.

سۇن ۋۇ دىققەت قىلىدىغان ئىشلارنى چۈشەندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، دۇمباق چېلىپ ئوڭ تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەشكە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. كېنىزەكلەر بۇ ناتونۇش مۇساپىرنى كۆزگە ئىلمايدۇ. قىزلارنى مەشىققە سېلىشنىڭ ئۆزى بىر يېڭىلىق، ئۇنىڭ



ئۈستىگە، داقا - دۇمباقلارنىڭ چېلىنىشى، بايراقلارنىڭ جەۋلان قىلىشى ئۇلارنىڭ كۈلكىسىنى تېخىمۇ كەلتۈرىدۇ. كېنىزەكلەر ئۆزىنى تۇتالماي قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىدۇ.

سۇن ۋۇ بۇنىڭغا ئانچە باش قاتۇرۇپ كەتمەي، بۇنى ئۆزىنىڭ چۈشۈرگەن بۇيرۇقىنىڭ تازا ئېنىق بولمىغانلىقىدىن كۆرۈپ، سەۋەنلىكنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇ مەشىق قىلىپ كۆرمىگەن قىزلارنى سەپكە تۇرغۇزۇپ مەشىق قىلدۇرۇشتا ھەممىنى ئالدىن ئېنىق تاپشۇرۇش كېرەك دەپ قاراپ، ئىنتىزامنى قايتا تەكىتلەپ، ئاندىن داقا - دۇمباقلارنى چېلىپ سولغا ئىلگىرىلەشكە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. ئىككى سەپنىڭ باشلىقى ۋۇ بېگىنىڭ ئامراق بانۇلىرى بولغانلىقتىن، بۇيرۇققا يەنىلا پىسەنت قىلمايدۇ. داقا - دۇمباق چېلىنغان ھامان كېنىزەكلەر يەنە بىر قېتىم قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ سەپنى بىردىنلا قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا سۇن ۋۇ: «ئىنتىزام ۋە بۇيرۇق قايتا - قايتا تەكىتلەندى، ئۇنىڭغا بويسۇنمىغانلىق جىنايەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دەپ ھەربىي ئىنتىزامنى چىڭ تۇتۇش ئۈچۈن ئىككى سەپ باشلىقىغا قائىدە بويىچە چارە كۆرۈشنى بۇيرۇق قىلىدۇ.

كۆزىتىش سەھنىسىدە ئولتۇرۇپ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان ۋۇ بېگى بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈپ كېتىدۇ. چۈنكى بۇ ئىككى كېنىزەك ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بانۇلىرى ئىدى. ئەگەر ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالسا ئۇنىڭ گېلىدىن تاماقمۇ ئۆتمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئالمان - تالمان ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ بېشىنى ئالماسلىق ھەققىدە سۇن ۋۇغا بۇيرۇق يەتكۈزىدۇ. لېكىن سۇن ۋۇ كەسكىن ھالدا: «مەن بۇيرۇققا بىنائەن سەركەردىلىككە تەيىنلەندىم. ئارمىيە ئىچىدە بەگنىڭ بەزى بۇيرۇقلىرىنى قوبۇل قىلمىسىمۇ بولىدۇ» دەپ ھېلىقى ئىككى بانۇنى قائىدە بويىچە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدۇ. ئاندىن باشقىدىن ئىككى كېنىزەكنى سەپ باشلىقلىقىغا قويىدۇ.

ئىككى ئادەمنىڭ بېشى ئېلىنغانلىقتىنمۇ ياكى سۇن ۋۇنىڭ ئىنتىزامنى قاتتىق تۇتۇشتەك جاسارىتىدىن بولغانمۇ قانداق، داقا – دۇمباق چېلىنغان هامان كېنىزەكلەر بىر رەتلىك سەپ بولۇپ ئالدىغا، ئوڭ – سولغا ئىلگىرىلەشتە بولسۇن ياكى چېكىنىش – توختاشتا بولسۇن قېلىپلاشتۇرۇپ قويۇلغاندەك قىلچە قالايمىقان بولمايدۇ. بۇرۇنقىدەك كۈلۈشلەرمۇ كۆرۈنمەيدىغان بولىدۇ.

تەلىم – تەربىيە جەريانىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەن هامان ئۇنى قاتتىق ئىجرا قىلىش سۇن ۋۇنىڭ شىجائىتىنى ۋە دادىللىقىنى نامايان قىلىدۇ. ۋۇ بېگى گەرچە ئامراق ئىككى بانۇسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقتىن كۆڭلى بىئارام بولۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا سۇن ۋۇنى مۇھىم ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ. دېمەك، يۇقىرىقى قىسقىغىنا مىسالدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، سۇن ۋۇ ھەربىي نەزەرىيە جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى ھەربىي ئىشلار ئەمەلىيىتىدىمۇ يەنى ئەسكەر باشقۇرۇش ۋە ئارمىيىگە قوماندانلىق قىلىشتىمۇ يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە ئىدى.

## 2 – بۆلۈم «سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇرى»

ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن «سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇرى» — «مۇھارىبىيە تەدبىرلىرى»، «ئۇرۇش قىلىش ھەققىدە»، «ھۇجۇمنى پىلانلاش ھەققىدە»، «ۋەزىيەتنى پەملەش ھەققىدە»، «كۈچ تەييارلاش ھەققىدە»، «ھىيلە – نەيرەڭ ۋە چىنلىق ھەققىدە»، «پايدىلىق شارائىتنى تاللاش ھەققىدە»، «ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرۇش ھەققىدە»، «ھەربىي يۈرۈش ھەققىدە»، «يەر تۈزۈلۈشى ھەققىدە»، «ھەرخىل يەر تۈزۈلۈشى



شارائىتتا ئەسكەر ئىشلىتىش ھەققىدە»، «ئوت ئارقىلىق ھۇجۇم قىلىش ھەققىدە» ۋە «ئايغاقچىلارنى ئىشقا سېلىش ھەققىدە» قاتارلىق 13 بابتىن تۈزۈلگەن. بۇ 13 بابلىق ئۇرۇش دەستۇردا سۇن ۋۇ ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىر يۈرۈش ھەربىي قانۇنىيەتلەرنى مۇجەسسەملەپ كۆرسەتتى. ئۇنىڭ بۇ نەزەرىيىلىرى تا ھازىرغىچە ئىلمىي قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق.

سۇن ۋۇ «مۇھارىبىيە تەدبىرلىرى» دېگەن بابتا ئۇرۇشنى تەتقىق قىلىش ۋە پىلانلاشنىڭ مۇھىملىقىنى، شۇنداقلا ئۇرۇشتىكى غەلىبە قىلىش ۋە مەغلۇپ بولۇشنى بەلگىلەيدىغان ئاساسىي شەرتنى سۆزلەپ كېلىپ، تۆۋەندىكى بەش تەرەپتىن قارىمۇ قارشى ئىككى تەرەپنىڭ ھەرخىل شەرت – شارائىتىنى سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش لازىم دەيدۇ: بىرىنچىدىن، كىشىلەرنىڭ رايى؛ ئىككىنچىدىن، ھاۋا رايى؛ ئۈچىنچىدىن، يەر تۈزۈلۈشى؛ تۆتىنچىدىن، سەركەردە؛ بەشىنچىدىن، قائىدە – تۈزۈم. بۇ بەش تەرەپنى سەركەردىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ. بىراق، ئۇنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ھەقىقىي ئىگىلىۋېلىشقا ماھىر بولغاندىلا ئۇرۇشتا غەلىبە قازانغىلى بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا غەلىبە قازانغىلى بولمايدۇ؛ ئۇ تۆۋەندىكى يەتتە جەھەتتىن تەھلىل قىلىپ سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇرۇشتىكى غەلىبە قىلىش، مەغلۇپ بولۇش ئەھۋالىنى توغرا مۆلچەرلەش كېرەك دەيدۇ: يەنى، قايسى تەرەپنىڭ پۇشتىپاناھى بىر قەدەر دانا؟ قايسى تەرەپنىڭ سەركەردىسى بىر قەدەر قابىلىيەتلىك؟ قايسى تەرەپ پايدىلىق ھاۋا رايى ۋە يەر تۈزۈلۈشىگە ئىگە؟ قايسى تەرەپ قائىدە – تۈزۈملەرنى ھەقىقىي تۈردە يولغا قويالىغان؟ قايسى تەرەپنىڭ ئارمىيىسى كۈچلۈك؟ قايسى تەرەپ خىل قوشۇنغا ئىگە؟ قايسى تەرەپنىڭ مۇكاپاتلاش – جازالاش تۈزۈمى قاتتىق؟ قاتارلىقلار. ئۇ يۇقىرىقى جەھەتلەردىن سېلىشتۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن كىمنىڭ غەلىبە قازىنىدىغانلىقىنى ۋە كىمنىڭ مەغلۇپ بولىدىغان-

لىقنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: ئۇرۇشنىڭ ئۆزى بىر خىل رەڭۋازلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھۇجۇم قىلالايدىغان چاغدا، ھۇجۇم قىلالمايدىغان بولۇۋېلىش، دۈشمەننىڭ قېشىدا ھەرىكەت قىلماقچى بولغاندا، يىراق يەردە ھەرىكەت قىلىدىغان بولۇۋېلىش لازىم. پايدىغا ئامراق دۈشمەنلەرگە قارىتا، ئۇنىڭغا ئازراق نەپ بېرىش؛ قالايمىقان ھالەتتە تۇرغان دۈشمەنگە قارىتا، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا زەربە بېرىش، كۈچلۈك دۈشمەنگە قارىتا، ئۇنىڭدىن قاتتىق مۇداپىئە كۆرۈش ياكى ئۇنىڭدىن قېچىش؛ ئاسان غەزەپلىنىدىغان دۈشمەنگە قارىتا، چىشىغا تېگىپ ئۇنى غەزەپلەندۈرۈش؛ قارشى تەرەپنى كۆزگە ئىلمايدىغان دۈشمەنگە قارىتا، ئۇنى تېخىمۇ مەغرۇرلىنىدىغان قىلىش؛ تولۇق دەم ئالغان دۈشمەنگە قارىتا، ئامال قىلىپ ئۇنى ھالسىرىتىش؛ ئىچكى جەھەتتە ئىتتىپاقلاشقان دۈشمەنگە قارىتا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى بۇزۇش لازىم. كۈتمىگەن يەردىن چىقىپ دۈشمەنگە زەربە بېرىش لازىم. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشتىكى تەدبىرلەردۇر. بىراق، بۇ تەدبىرلەرنى ئىشتىن ئاۋۋال كونكرېت بەلگىلىۋالماسلىق كېرەك.

## 3 - بۆلۈم ھۇجۇمنى پىلانلاش مەسىلىسى ھەققىدە

ھۇجۇمنى پىلانلاش مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا، سۇن ۋۇ دۈشمەن ئۈستىدىن پەم - پاراسەت ئىشلىتىپ غەلىبە قىلىشنى تەكىتلەيتتى. ئۇ ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلغۇچىغا قارىمۇ قارشى ئىككى تەرەپنىڭ ئەھۋالىغا بولغان چۈشەنچىسى بىلەن ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش-



مەغلۇپ بولۇش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىخچام ۋە ئېنىق سۆز بىلەن كۆرسىتىپ، ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بەردى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: ئۇرۇش قىلماي تۇرۇپ دۈشمەننى باش ئەگدۈرگەنلەر، ھۇجۇم قىلماي تۇرۇپ شەھەرنى دۈشمەندىن تارتىۋالغانلار، ئۇزاق ئۇرۇش قىلمايمۇ دۈشمەن دۆلەتنى يوقىتالىغانلار ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر كىشىلەردۇر. بۇنداق بولغاندا، ئارمىيە كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىمايدۇ - يۇ، لېكىن غەلىبىنى قولغا تولۇق كەلتۈرەلەيدۇ. مانا بۇ ھۇجۇمنى پىلانلاشنىڭ قائىدىسى. سۇن ۋۇ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىۋالغان ھالەتتە دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ناچار ھالەتتە تۇرغاندا دۈشمەن بىلەن ئېلىشىشقا قارشى تۇراتتى. بۇ نۇقتىئىنەزەرنى چىقىش قىلىپ ئەسكەرنى ئىشقا سېلىشتا، دۈشمەندىن ئون ھەسسە كۆپ بولغاندا، تۆت تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئۇنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلىش؛ دۈشمەندىن بەش ھەسسە كۆپ بولغاندا، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىش؛ دۈشمەندىن بىر ھەسسە كۆپ بولغاندا، ئۇنى بۆلۈۋېتىش، دۈشمەننىڭ ئەسكىرىي كۈچى بىلەن تەڭ بولغاندا، ئامال قىلىپ دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا ماھىر بولۇش، دۈشمەندىن ئاجىز بولغاندا، ئۇنىڭدىن قېچىش؛ ھەممە جەھەتتە دۈشمەندىن ناچار بولغاندا، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم. ئەگەر ئاجىز ئارمىيە كۈچلۈك دۈشمەن بىلەن ئېلىشسا ئۇ چوقۇم دۈشمەنگە يەم بولىدۇ، دېگەنگە ئوخشاش ئەسكەر ئىشلىتىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى، ئۇ يەنە بەش خىل ئەھۋالنى مىسال قىلىپ، ئۇنى غەلىبە قىلىش-قىلماسلىقنى ئالدىنئالا بىلىشتىكى ئۆلچەم قىلغانىدى. بۇ بەش خىل ئەھۋال: قانداق ئەھۋال ئاستىدا ھۇجۇم قىلىش، قانداق ئەھۋال ئاستىدا ھۇجۇم قىلماسلىقنى بىلىدىغانلار

غەلىبە قىلىدۇ؛ ئەسكىرى كۈچكە ئاساسلىنىپ ئوخشاشمايدىغان ئۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشنى بىلىدىغانلار غەلىبە قىلىدۇ؛ يۇقىرى - تۆۋەن بىر نىيەتتە بولغانلار غەلىبە قىلىدۇ؛ تەييارلىقسىز تۇرغانلارغا تەييارلىق بىلەن ھۇجۇم قىلغانلار غەلىبە قىلىدۇ؛ قوماندانلىق قىلىش قابىلىيىتى يۇقىرى ھەمدە بەگلەر چات كىرىۋالمىغان سەركەردىلەر غەلىبە قىلىدۇ. بۇلار غەلىبىنى ئالدىنئالا پىلانلاشنىڭ يولىدۇر.

## 4 - بۆلۈم يەر تۈزۈلۈشىدىن پايدىلىنىش ھەققىدە

«سۇن زىنىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇرى» دېگەن كىتابتىكى «يەر تۈزۈلۈشى ھەققىدە» دېگەن بابتا يەر تۈزۈلۈشىدىن تولۇق پايدىلىنىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئارمىيىنىڭ ھەرخىل يەر تۈزۈلۈشى شارائىتىدىكى ھەرىكەت قىلىش پرىنسىپىنى شەرھلەپ ئۆتىدۇ. ئۇ، يەر تۈزۈلۈشىنى ئەسكەر ئىشلىتىشنىڭ پايدىلىق شەرتى دەپ قاراپ، نۇرغۇن جەھەتلەردىن يەر تۈزۈلۈشى بىلەن ئۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىپ، سەركەردىلەرنى يەر تۈزۈلۈشىنى تەتقىق قىلىشتا ئەھمىيەت بېرىشكە ئۈندەيدۇ. ئۇ، يەر تۈزۈلۈشىنى ئالتە خىلغا بۆلۈپ مۇنداق بىر - بىرلەپ سۆزلەپ ئۆتىدۇ: بىرىنچىدىن، بىزمۇ بارالايدىغان، دۈشمەنمۇ بارالايدىغان يەر شەكلىگە دۇچ كەلگەندە، چوقۇم ئېگىز يەر ۋە كۈنگەي تەرەپنى ئالدىن ئىگىلىۋېلىش ھەمدە ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەك يولىنىڭ راۋان بولۇشىنى ساقلاش لازىم. شۇنداق قىلغاندا مۇبادا، دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىپ قالغاندا يەر شارائىتى بىز تەرەپ ئۈچۈن پايدىلىق بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن،



بارماق ئاسان، قايتماق تەس بولغانلىقى يەر شەكلىگە دۇچ كەلگەندە، دۈشمەن بىخۇت تۇرغاندىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش لازىم. دۈشمەن ھوشيار تۇرغاندا بىز ھۇجۇم قىلساق، غەلىبە قىلالمايمىز ھەم قايتىپمۇ كېلەلمەيمىز. بۇ بىز ئۈچۈن پايدىسىز؛ ئۈچىنچىدىن، بىز ئۈچۈنمۇ، دۈشمەن ئۈچۈنمۇ پايدىسىز يەر شارائىتىغا دۇچ كەلگەندە، دۈشمەن ئالدىسىمۇ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلماسلىقىمىز لازىم. ئەڭ ياخشىسى، قوشۇنلارنى باشلاپ بۇ يەردىن ئايرىلغان بولۇۋېلىپ، دۈشمەننى ئالداپ چىقىرىپ، ئاندىن تويۇقسىز ھۇجۇم قىلىش لازىم. بۇنداق بولغاندا بىز ئۈچۈن پايدىلىق بولىدۇ؛ تۆتىنچىدىن، تار يولدا يول ئېغىزلىرىنى دۈشمەندىن بۇرۇن ئىگىلىۋېلىشقا تىرىشىش لازىم. يول ئېغىزلىرىنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن ئۇنى كۆپ ئەسكەر بىلەن ساقلاپ دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇرۇش لازىم. ئەگەر دۈشمەن بىزدىن ئاۋۋال يول ئېغىزىنى ئىگىلىۋېلىپ، كۆپ ئەسكەر بىلەن ساقلاپ تۇرغان بولسا، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلماسلىق لازىم. مۇبادا دۈشمەن يول ئېغىزىنى ساقلاشقا كۆپ ئەسكەر قويمىغان بولسا، يول ئېغىزىنى تېز ھۇجۇم بىلەن تارتىۋېلىش لازىم؛ بەشىنچىدىن، يەر شەكلى خەۋپلىك جايلاردا، ئېگىز ھەم كۈنگەي جايلارنى دۈشمەندىن ئاۋۋال ئىگىلىۋېلىش لازىم. مۇبادا، دۈشمەن بىزدىن ئاۋۋال ئىگىلىۋالغان بولسا، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلماي، تەشەببۇسكارلىق بىلەن چېكىنىش لازىم؛ ئالتىنچىدىن، دۈشمەنگە يىراق ھەمدە ئىككى تەرەپنىڭ ئەسكىرى كۈچى تەڭ بولغاندا، جەڭ ئېلان قىلماسلىق كېرەك. زورلۇق بىلەن جەڭ قىلساق، بىز ئۈچۈن پايدىسىز بولىدۇ. يۇقىرىقىلار يەر تۈزۈلۈشىدىن پايدىلىنىشقا ئائىت پرىنسىپلاردۇر؛ بۇ، سەركەردىلەرنىڭ مۇھىم مەسئۇلىيىتى، بۇنى ئەستايىدىل ئويلىماي بولمايدۇ.

## 5 – بۆلۈم ئايغاقچىلارنى ئىشقا سېلىش ھەققىدە

«سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇرى» دېگەن كىتابتىكى «ئايغاقچىلارنى ئىشقا سېلىش ھەققىدە» دېگەن بابتا سۇنزى ئايغاقچىلار (رازۋېتچىكلار) نى ئىشقا سېلىشنى ئۇرۇشتىكى مۇھىم بىر ئىش دەپ قاراپ، پۈتۈن ئارمىيە رازۋېتچىكلار تەمىنلىگەن ئاخبارات بويىچە ھەرىكەت قوللىنىش كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: ئەسكەر چىقىرىپلا دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتىكى مۇھىم سەۋەب شۇكى، ئىشتىن ئاۋۋال دۈشمەن ئەھۋالىنى پۇختا ئىگىلەش لازىم، ئەمما دۈشمەن ئەھۋالىنى ئىگىلەشتە خۇراپىيلىققا ئىشەنمەسلىك، كۆز ئالدىدىكى ئىشلارنى بۇرۇن ئۆتكەن ئىشلارغا ئوخشاتماسلىق لازىم. دۈشمەن ئەھۋالىنى بىلىدىغان ئادەملەردىن ئاخبارات ئېلىش لازىم.

ئايغاقچىلارنى ئىشقا سېلىش مەسىلىسى ئۈستىدە دۈشمەننى گاڭگىرىتىپ، قەيەردىن قول سېلىشنى بىلمەيدىغان قىلىپ قويۇش ئۈچۈن، سۇن ۋۇ مۇنداق بەش خىل ئايغاقچىنى ئىشقا سېلىشنى تەكىتلەيدۇ: بىرىنچىدىن، دۈشمەن دۆلىتىدىكى يۇقىرىلاردىن پايدىلىنىپ، ئاددىي كىشىلەرنى ئايغاقچىلىققا قويۇش؛ ئىككىنچىدىن، دۈشمەن دۆلىتىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى پۇل ۋە ياكى سەتەڭلەر ئارقىلىق ئازدۇرۇپ سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئايغاقچى قىلىش؛ ئۈچىنچىدىن، دۈشمەن تەرەپ بىز تەرەپكە ئەۋەتكەن ئايغاقچىلارنى سېتىۋېلىپ ئۇلاردىن پايدىلىنىش؛ تۆتىنچىدىن، ئارىنى بۇزۇش ئۈچۈن بىز تەرەپ ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق دۈشمەن تەرەپكە قەستەنگە ئەھۋال بىلدۈرۈش، دۈشمەننى



ئالداپ ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزىنىڭ مېيىدا قورۇغۇزۇش؛ بەشىنچىدىن، سادىق ئايغاقچىلارنى دۈشمەن تەرەپكە ئەۋەتىش. ئايغاقچى ئىشلەتكەندە گۇمانلانماسلىق، گۇمانلىق ئادەمنى ھەرگىزمۇ ئايغاقچىلىققا سالماسلىق. ئايغاقچىلارنى تاللىغاندا سەزگۈر، قەيسەر ۋە ئىنچىكە ئىش قىلىدىغان، دۈشمەنگە ئالدانمايدىغان كىشىلەردىن تاللاش ۋەھاكازالار.

## 6 – بۆلۈم ستراتېگىيە ۋە تاكتىكىغا ئەھمىيەت بېرىش

سۇن ۋۇ ئۆزىنىڭ 13 بابلىق بۇ ئەسىرىدە ستراتېگىيە، تاكتىكا توغرىسىدا بىر يۈرۈش مۇپەسسەل قانۇنىيەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

سۇن ۋۇنىڭ قارىشىچە، يۇرتدارچىلىقتا ئادىل قانۇننى يولغا قويغاندىلا ئاندىن ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ. ئۇ، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش – مەغلۇپ بولۇشنى بەلگىلەيدىغان «بەش ئامىل» نى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ مۇئەييەن ماددىي كۈچىگە، پايدىلىق ھاۋارايى ۋە يەر تۈزۈلۈشىگە، قوشۇننى باشقۇرۇش ۋە مەشىق قىلدۇرۇشقا ھەمدە توغرا ھەربىي قوماندانلىققا تايىنىش كېرەك. سۇن ۋۇ «ئۆزگىنىمۇ، ئۆزۈڭنىمۇ بىلسەڭ ھەرقانداق جەڭدە يېڭىلمەيسەن» دېگەن ئىدىيىنى ئۇرۇش يېتەكچىلىكىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈش لازىم دەپ قارايدۇ. ئۇرۇش قىلىش فاكتىنى جەھەتتە، ئۇ «ئۇرۇشتا تېز غەلىبە قىلىش، ئۇزاققا سوزۇلدۇرماسلىق» نى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇرۇش شەكلى جەھەتتە، ئۇ «ھەرىكەتچان ئۇرۇش ئارقىلىق دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش» نى «شەھەرگە ھۇجۇم

قىلىش» تىن ئەلا بىلەتتى، «ئامال بولماي قالغاندا ئاندىن شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش كېرەك» دەپ قارايتتى. ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش مەسىلىسىدە، ئۇ «دۈشمەننى بۇرۇندىن بېتىلەشكە ماھىر بولغانلارلا ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىشقا ئۇستا بولغانلار»، «دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش فاڭجېنىنى دۈشمەن ئەھۋالىغا ئاساسلىنىپ بەلگىلەش لازىم» دەپ قاتتىق تەكىتلەيتتى. ئۇنىڭ قەدىمكى زاماندىلا سىياسىي دىپلوماتىيە، پسىخولوگىيە قاتارلىق ئامىللارنى ئۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرگەنلىكى ھازىرقى زاماندىكى «ئومۇمىي ئۇرۇش» نىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە ئىدى. ھەرخىل تاكتىكا ۋە سەركەردە تاللاش، ئارمىيىنى مەشىق قىلدۇرۇش، يەر تۈزۈلۈشىگە ئۇيغۇنلىشىش، ھەتتا جاسۇس ئىشلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇ كامالەتكە يەتكەنىدى. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، گەرچە جەمئىيەت زور دەرىجىدە ئىلگىرىلەپ، قورال - جابدۇقلار كۈنسايىن يېڭىلىنىپ، ئۇرۇشنىڭ كۆلىمى ۋە ئۇسۇلىمۇ بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالسىمۇ، لېكىن سۇن ۋۇ يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلىغان بۇ ستراتېگىيە، تاكتىكا پرىنسىپلىرى يەنىلا ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە. مانا بۇ «سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇرى» گە تا بۈگۈنگىچە كىشىلەرنىڭ ئېتىبار بېرىشىنىڭ سەۋەبى.

سۇن ۋۇ ئۇرۇشنى بايان قىلغاندا، ھەربىي ساھەسىدىكى نۇرغۇن زىددىيەتلەر كاتېگورىيىسىنى، مەسىلەن: ئۆز بىلەن دۈشمەن، ئاز بىلەن كۆپ، كۈچلۈك بىلەن ئاجىز، ھۇجۇم بىلەن مۇداپىئە، ئىلگىرىلەش بىلەن چېكىنىش، يېڭىش بىلەن يېڭىلىش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇ يەنە ئەسكىرىي كۈچنىڭ راست - يالغانلىقى، جەڭگىۋارلىق روھىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى، قىسىملارنىڭ جىددىي ياكى راھەتپەرەسلىكى، ئۇرۇشنىڭ توغرا - خاتالىقى قاتارلىق مەسىلىلەرگىمۇ ناھايىتى



زور ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ، زىددىيەتنىڭ قارىمۇ قارشى ئىككى تەرەپنىڭ مۇئەييەن شارائىتتا ئۆزئارا ئالمىشىدىغانلىقىغىمۇ كۆزى يەتكەنىدى. ئۇنىڭ «قاتتىق تۈزۈم قالايمىقانچىلىقتىن ھاسىل بولىدۇ؛ كۈچلۈكلىك ئاجىزلىقتىن ھاسىل بولىدۇ» دېگەندەك ئاددىي دىئالېكتىك ئىدىيىلىرى گەرچە مۇكەممەل نەزەرىيە بولۇپ شەكىللەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن سۇن ۋۇنىڭ ھەربىي مەسىلىلەرگە بولغان تونۇشىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىشى ئۈچۈن زور رول ئوينىدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇرى» بىر نادىر ھەربىي نەزەرىيىۋى ئەسەر، شۇنداقلا ئۇ بىر قالتىس پەلسەپىۋى ئەسەر.

«سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇرى» VII ئەسىرلەردە ياپونىيىگە تارقالدى، ياپونلار بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى سۇن ۋۇنى «ھەربىي ئالىملارنىڭ ئۇستازى»، «شەرق مۇھارىبىسىنىڭ پېشىۋاسى»؛ بۇ كىتابنى «دۇنيا بويىچە تۇنجى ھەربىي كىتاب» دەپ تەرىپلىگەن. ياپونىيىدە VIII ئەسىردىن ھازىرغا قەدەر بۇ كىتاب ئۈستىدە يېزىلغان تەتقىقات ئەسەرلىرىلا 100 پارچىدىن ئېشىپ كەتتى.

«سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇرى» XVIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ياۋروپاغا تارقىلىپ، فرانسۇز، نېمىس، رۇس ۋە چېخ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. ناپولېئون ئۇرۇش مەزگىلىدىمۇ بۇ كىتابنى يېنىدىن ئايرىمىغان، گېرمانىيە پادىشاھى ۋىلگېلم II 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن «سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇرى» دىكى «قوماندان خاپا بولغاندا، ئەسكەر چىقارماسلىق، ئوفىتسېرلار غەزەپلەنگەندە جەڭ قىلماسلىق كېرەك» دېگەن سۆزنى كۆرۈپ بۇ كىتابنى بۇرۇنراق كۆرمىگەنلىكىگە كۆپ ئەپسۇسلانغان. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ياۋروپادا «سۇنزىنىڭ ھەربىي

ئىشلار دەستۇرى» ئالاھىدە ئەتىۋارلانغان. 2 ـ دۇنيا
ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئەنگلىيىنىڭ مەشھۇر ستراتېگىيىچىسى
لىددىرخات بۇ كىتابنى قايتىدىن ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغان
ۋە ئۇنىڭ كىرىش سۆزىگە «... بۇ ئەسەر ئۇرۇشنى تەتقىق
قىلىشقا دائىر دەسلەپكى مەشھۇر ھەربىي ئەسەردۇر» دەپ ياز-
غان. ئەنگلىيىنىڭ ھاۋا ئارمىيە مارشالى سلېبى 1963 ـ
يىلى يازغان «سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇرى» غا باھا»
دېگەن ئىلمىي ماقالىسىدە: «سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇ-
رى» نى ھەربىي ئاكادېمىيەلەرنىڭ دەرسلىكى قىلىشنى تەشەب-
بۇس قىلغان. 1978 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر «مېكە
ئىسكىلاتى» ستانفورت تەتقىقات ئورنىنىڭ ستراتېگىيىنى تەت-
قىق قىلىشقا مەسئۇل رەھبىرى ۋە ياپونىيىنىڭ كونئوتو
سانائەت داشۆسىنىڭ پروفېسسورى سانخاۋشۆ «سۇنزىنىڭ
ھەربىي ئىشلار دەستۇرى» دىكى «پەم ـ پاراسەت بىلەن
ھۇجۇم قىلىش» دېگەن ماقالىسىنىڭ روھىغا ئاساسەن، سوۋېت
ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكىنىڭ «كۈچ باراۋەرلىكى» نى ئىشقا
ئاشۇرۇش ستراتېگىيىسىنى «سۇنزىنىڭ يادرو ستراتېگىيىسى»
دەپ ئاتىغان. 1982 ـ يىلى يېڭىدىن نەشر قىلىنغان ئامې-
رىكا ئارمىيىسىنىڭ «ئۇرۇش قىلىش پروگراممىسى» دا «سۇن-
زىنىڭ ئۇرۇش دەستۇرى» دىكى «كۈتۈلمىگەن يەردىن چىقىپ
تەييارلىقسىز تۇرغان يېرىگە ھۇجۇم قىلىش» دېگەن سۆز
ئۇرۇش قىلىشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىنغان. ئامېرىكىنىڭ
ھەربىي ساھەسىدىكىلەر سۇنزىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى
توپلاپ، ئۇنى ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە داشۆلىرىدە ستراتېگى-
يە ئىلمىدە ئوقۇتۇش ماتېرىيالى قىلغان.
«سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇرى» ئېلىمىز-
نىڭ قەدىمكى زامان مۇھارىبىسىدىلا ئەمەس،
بەلكى دۇنياۋى ھەربىي ئىشلار تارىخىدىمۇ



مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.
ئېنگېلس: «يېڭى ھەربىي ئىلىم يېڭى ئىجتىمائىي مۇنا-
سىۋەتلەرنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى»① دېگەنىدى. ئەمىنىيە
دەۋرى بىلەن يېغىلىق دەۋرىنىڭ ئارىلىقى قۇللۇق تۈزۈمىدىن
فېئوداللىق تۈزۈمگە ئۆتۈۋاتقان ئىجتىمائىي چوڭ ئۆزگىرىش
دەۋرى ئىدى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا
ئەگىشىپ، قۇللۇق تۈزۈمىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى
جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە توسالغۇ بولىدىغان ئاسا-
رەتكە ئايلىنىپ قالغانىدى. قۇللارنىڭ قارشىلىقى، قوزغىلاڭ-
لىرى ۋە ئۇرۇشلىرى گاھ كۆتۈرۈلۈپ، گاھ پەسىيىپ ئۈزۈلمەي
داۋام قىلىپ، قۇلدارلار ھۆكۈمرانلىقىغا زەربە بەردى ۋە ئۇنى
تۆپ يىلتىزىدىن تەۋرىتىۋەتتى. بۇ ئەينى ۋاقىتتا تارىخنىڭ
ئىلگىرىلىشىنى ئالغا سۈرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىدى.
قۇللار ئىنقىلابى ياراتقان ۋەزىيەت ئاستىدا، يېڭى فېئوداللىق
تۈزۈمىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان
يېڭىدىن روناق تاپقان پومېشچىكلار سىنىپى قۇلدارلار سىنى-
پىدىن ھوقۇق تارتىۋېلىش كۈرىشىنى قانات يايدۇردى، شۇ-
نىڭ بىلەن ئۇرۇشلار كۆپىيىپ، ئۇنىڭ كۆلىمىمۇ كۈندىن ـ
كۈنگە كېڭىيىپ كەتتى. مانا بۇ «سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار
دەستۇرى» نىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ئىجتىمائىي تا-
رىخىي ئارقا كۆرۈنۈش: شۇندىقلا سۇنزىنىڭ ئىدىيىسىنى بەل-
گىلىگەن ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت ئىدى.
ماۋ زېدۇڭ «سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇرى» ھەققىدە
مۇنداق دېگەنىدى: «جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامانىدىكى چوڭ
ھەربىي ئالىمى سۇن ۋۇنىڭ كىتابىدا ئېيتىلغان ‹ئۆزگىنىمۇ،
ئۆزۈڭنىمۇ بىلسەڭ، ھەرقانداق جەڭدە يېڭىلمەيسەن› دېگەن

①«ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 7 ـ توم،
562 ـ بەت.

سۆز ئۆگىنىش ۋە ئىشلىتىشتىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتتىكى تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى بىلىشنى ھەمدە بۇ قانۇنىيەتلەرگە ئاساسەن ئۆز ھەرىكىتىنى بەلگىلەپ، كۆز ئالدىمىزدىكى دۈشمەننى يېڭىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان؛ بىز بۇ سۆزگە سەل قارىماسلىقىمىز لازىم.»① ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ سۆزى بىزگە «سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇرى» نىڭ ئەڭ ئاساسىي جەۋھىرىنى كۆرسىتىپ بەردى. شۇنداقلا قەدىمكى تارىخىي مىراسلارنى تەنقىدىي ھالدا قوبۇل قىلىش ۋە قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش جەھەتتە ئۈلگە كۆرسىتىپ بەردى.

ئۇرۇشتا يېتەكچىلىك قىلغۇچى ئۇرۇشنىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىنى بەلگىلەيدىغان تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەرنى پىششىق بىلىش بىلەن بىللە تاكتىكا، تېخنىكا، قاتناش، ئالاقە - سىگنال، ماسلىشىش، ئارقا سەپ، ترانسپورت قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تەتقىق - تەھلىل ئېلىپ بېرىپ، دۈشمەن تەرەپ بىلەن ئۆز تەرەپنىڭ ياخشى - يامان شارائىتلىرىنى مۆلچەرلەپ سېلىشتۇرۇشى لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، كىمنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقى، كىمنىڭ مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى ھەم ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ھۇجۇم قىلغىلى ۋە ئۇرۇش قىلىشنىڭ توغرا فاڭجېنىنى تۈزۈپ چىققىلى بولىدۇ.

①«جۇڭگو ئىنقىلابىي ئۇرۇشىنىڭ ستراتېگىيە مەسىلىسى»، «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 - توم، 337 - بەت.



## 7 - بۆلۈم مەملىكىتىمىز تارىخىدا ئۆتكەن ئۈچ مەشھۇر ھەربىي سەركەردىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

جۇگې لياڭ (مىلادى 181 — 234 - يىل) ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدىكى ئاتاقلىق سىياسىئون ۋە ھەربىي مۇتەخەسسىس. ئۇ دەسلەپتە ليۇ بېيگە مەسلىھەتچى بولغان. كېيىن ليۇ بېي پادىشاھ بولغاندا ئۇ ۋەزىر بولغان.

مىلادى 207 - يىلى، جۇگې لياڭ ليۇبېينىڭ ئۈچ قېتىم تەكلىپ قىلىشى ئارقىلىق ليۇ بېي بىلەن كۆرۈشكەندىلا، ئۆزىنىڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى تەشەببۇسلىرىنى بايان قىلىپ، ليۇ بېي ئۈچۈن شىمالدا ساۋ ساۋغا قارشى تۇرۇش؛ شەرقتە سۇن چۇەن بىلەن بىرلىشىپ جىڭجۇ ۋە يىجۇنى بازا قىلىش؛ ئىچكى جەھەتتە ئىسلاھ يۈرگۈزۈپ، ئارمىيىنى تەرتىپكە سېلىش؛ غەربىي جەنۇبتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ جۇڭگونى تەدرىجىي ھالدا بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدا ستراتېگىيىلىك پىلاننى تۈزۈپ چىقتى. كېيىن، ئۇ ئارقا - ئارقىدىن خىزمەت كۆرسىتىپ، ليۇ بېينىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشتى.

جۇگې لياڭ ھەربىي قانۇن - تۈزۈم بويىچە ئارمىيە باشقۇرۇپ، ئىنتىزامنى قاتتىق تۇتاتتى. مەسىلەن، ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا، سەركەردە ماسۇ بۇيرۇق بويىچە ئىش قىلماي مەغلۇپ بولىدۇ. ئۇ ھەربىي قانۇننى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، ماسۇنىڭ كاللىسىنى ئالدۇ، ھەمدە ئادەمنى خاتا ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى ئۈچ

دەرىجە جۇشقۇنلۇقنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ يەنە قوشۇنلارنىڭ بىر رايونغا بارغاندا بۇلاڭچىلىق قىلماسلىقى، زىرائەتلەرنى نابۇت قىلماسلىق ۋە ئوۋ ئوۋلىماسلىقى بەلگىلەپ، ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ. ئۇ ئۇرۇشتا قوماندانلىق قىلىش جەھەتتە، گەرچە ساۋ ساۋغا يېتەلمىسىمۇ، مۇھارىبە ئىشلىرىدا يەنىلا ناھايىتى يۇقىرى ئىقتىدارغا ئىگە ئىدى. ئۇ سۇن ۋۇنىڭ «ئۆزگىنىمۇ، ئۆزۈڭنىمۇ بىلسەڭ ھەرقانداق جەڭدە يېڭىلمەيسەن» دېگەن پرىنسىپى بويىچە، سەركەردىلەر «دۈشمەننىڭ ھېيلىسىگە دىققەت قىلىش، خەتەرلىك يوللارنى بايقاش، ئەۋزەللىك جايلاردىن چەتلەپ مېڭىش، ئىككى تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش لازىم». بۇنىڭدىن باشقا يەنە، «دۈشمەننىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن چىقىپ ھۇجۇم قىلىش، ئۇياقتىن شەپە بېرىپ قويۇپ، بۇياقتىن ھۇجۇم قىلىش، دۈشمەننىڭ ئاساسىي كۈچىدىن ئاجىز يېرىگە ھۇجۇم قىلىش» قاتارلىق تاكتىكىلارنى ماھىرلىق بىلەن ئىشلىتەلەيدىغان بولۇشى كېرەك دەپ قارايتتى. ئۇ يەنە روھىي ھۇجۇم قىلىشقا، ئەسىرلەرگە كەڭچىلىك قىلىشقا ئەھمىيەت بېرەتتى. كۆپچىلىك بىلىدىغان «مىڭ خۇنى يەتتە قېتىم تۇتۇپ يەتتە قېتىم قويۇپ بېرىش» ھېكايىسى بۇنىڭ كۈچلۈك مىسالىدۇر. ۋېي پادىشاھلىقى بىلەن ۋۇ پادىشاھلىقىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلغاندا، ئۇ، پايدا - زىيانىنى مۆلچەرلەپ، زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، بىرلىشىشكە بولىدىغان كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ، شۇ پادىشاھلىقى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت ياراتقانىدى.

**ساۋ ساۋ** (مىلادى 155 — 220 - يىل) ئۈچ پادىشاھلىق مەزگىلىدىكى ئاتاقلىق سىياسىئون ۋە ھەربىي مۇتەخەسسىس. ئۇ، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى زالىملار ئۆز ئالدىغا يەر ئىگىلىۋېلىشتەك تارىخىي شارائىتتا تەپرىقىچىلىققا قارشى تۇرۇپ، پۈتۈن جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈش



لۇشىيەنىدە چىڭ تۇرغانىدى. ئۇ ئەسكەر چىقىرىپ دوڭ جۇ توپىلىڭىغا قارشى تۇرغانىدى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تاۋ چيەن، لۈ بۇ، يۈەن شۇ، يۈەن شاۋ، لىيۇ بياۋ ۋە جياڭ شۇ قاتارلىقلارنى يوقىتىپ، ئوتتۇرا ۋە شىمالىي جۇڭگودىكى كەڭ رايونلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ تارىختا ئىلغار رول ئوينىغانىدى.

ساۋ ساۋ «ئەسكەرلەر يەر ئىگىلەپ تېرىقچىلىق قىلىش بىلەن ئۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تېرىقچىلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن. كېيىن ھەربىي ئوزۇق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن. ئارمىيە ئىچىدىمۇ تېرىقچىلىقنى قانات يايدۇرغان. بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئىلغار رول ئوينىغانىدى.

ساۋساۋ جۇگې لياڭدىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغان ھەربىي مۇتەخەسسىس ئىدى. ئۇ قاتتىق ھەربىي تۈزۈم بويىچە ئەسكەر باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاز بىلەن كۆپنى يېڭىپ، ئاجىز بىلەن كۈچلۈكنى يېڭىپ، بىرقەدەر مول ئۇرۇش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ چىققانىدى. ئۇ دوڭ جۇغا دەسلەپكى جازا يۈرۈشى قىلغاندا، ئەسكىرى ناھايىتى ئاز ئىدى. كېيىن بىرنەچچە يۈز مىڭغا كۆپەيگەن. كۆپەيگەن بۇ ئەسكەرلەر ئاساسەن ئۇرۇش ئەسىرلىرىدىن قوبۇل قىلىنغانىدى. بۇنىڭدىن ساۋ ساۋنىڭ ئەسىرلەرنى بىر تەرەپ قىلىش سىياسىتىنىڭ ئۈنۈملۈك بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ، ئۆز قولى بىلەن مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش تۈزۈمىنى تۈزۈپ ۋە ئۇنى قاتتىق ئىجرا قىلاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ئىنتىزامدا ياخشى، ئۇرۇشتا كۈچلۈك بولاتتى. ساۋ ساۋ «سۈنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇرى»نى پىششىق بىلەتتى. يۈكسەك ھەربىي ئىنتىزامغا ئىگە ئىدى، ھەربىي دىئالېكتىكىنى بىلەتتى. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنى ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر دەيتتى. گۇەندۇ ئۇرۇشىدا، ساۋ ساۋ گۇەندۇغا چېكىنىپ بارغاندا، ئەسكىرى ئون مىڭغا يەتمەيتتى ۋە ئوزۇق - تۈلۈكى تۈگەپ قالغانىدى. مۇشۇ خىل

ئەھۋال ئاستىدا، ئۇ، يۈەن شاۋ قوشۇنلىرىنىڭ تەييارلىقسىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئاز ساندىكى يېنىك قوراللانغان ئەسكەر بىلەن يۈەن شاۋ قوشۇنىنىڭ لاۋازىمەتلىكلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، ئۇنىڭ يۈز مىڭدىن ئارتۇق كۈچلۈك ئارمىيىسى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانىدى. ماۋ زېدۇڭ: «جۇڭگو ئىنقىلابىي ئۇرۇشىنىڭ ستراتېگىيە مەسىلىسى» دېگەن ئەسىرىدە، ئۇنى «ئاجىزلار ئالدىدا بىر قەدەم چېكىنىپ، ئارقىدىن تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ غەلىبە قىلغان» دېگەنىدى. شۇنداقلا بۇمۇ جۇڭگو ئۇرۇش تارىخىدا ئاجىز ئارمىيە كۈچلۈك ئارمىيە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنىڭ داڭلىق ئۇرۇش مىساللىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

سىما راڭجۇ ئەمىنىيە مەزگىلىدىكى چى بەگلىكىنىڭ ئاتاقلىق سەركەردىسى بولۇپ، فامىلىسى تيەن، ئىسمى راڭجۇ، چى جىڭگۇڭ مەزگىلىدە يەن يىڭنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن سەركەردە بولۇپ، ھەربىي ۋە سىياسىي ھوقۇقنى قولىدا تۇتقانىدى.

سىما راڭجۇ جەمئىيەت قۇللۇق تۈزۈمىدىن فېئوداللىق تۈزۈمگە ئۆتۈۋاتقان مەزگىلدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، سەركەردە بولۇش مەزگىلىدە ئارمىيىنى ھەربىي قانۇن بويىچە باشقۇرۇش، ئىنتىزامنى قاتتىق تۇتۇش، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاشتا ئېنىق بولۇشقا ماھىر ئىدى. ئۇ: «سەركەردە بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالغان كۈنى ئۆيىنى، ئارمىيىدە تۇرغاندا بالا - چاقىسىنى، ئۇرۇش ۋاقتىدا ئۆزىنى ئۇنتۇپ كېتىش كېرەك» دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلىكى كىشىنى، مەيلى كىم بولمىسۇن، ھەربىي تۈزۈم بويىچە بىر تەرەپ قىلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. جۇاڭ جا دېگەن بىرى پادىشاھنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىپ، ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ھەربىي ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، قىسىم بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئۆز جايىغا يېتىپ بارالمىغان. سىما راڭجۇ



قانۇن بويىچە جۇاڭ جانىڭ كاللىسىنى ئېلىۋەتكەن.

سىما راڭجۇ ئارمىيە باشقۇرۇش ۋە ئۇرۇش قىلىش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ «ئەسكەرنى قانچىلىك ئىشلىتىشتە ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراش؛ قىسىمنىڭ ئىلگىرىلەش ياكى چېكىنىشىدە، مۇداپىئە ۋە پورتسىيىلىرىنىڭ مۇستەھكەم بولۇش - بولماسلىقىغا قاراش؛ قىسىم جىددىي ھالەتكە چۈشۈپ قالغاندا ھولۇققان، ھولۇقمىغانلىقىغا قاراش؛ قىسىم بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغاندا ئىرادىسى بوشاپ كەتكەن، كەتمىگەنلىكىگە قاراش كېرەك؛ قىسىم ھەرىكەت قوللانغاندا ئاجىزلىقلارنى ئالدىنئالا كۆرۈش، ھۇجۇمغا ئۆتكەندە تەييارلىقنى تولۇق ئىشلەش كېرەك» دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ يەنە «ئۇرۇش ئارقىلىق ئۇرۇشنى توختىتىش»، «دۇنيا تىنچ بولغان بىلەن ئۇرۇش ئۇنتۇلسا يەنە خەتەرلىك يۈز بېرىدۇ» دېگەنىدى. ئەينى ۋاقىتتا گەرچە ئۇ ئۇرۇشنىڭ مەنبەسى ۋە خاراكتېرىدە تولۇق چۈشىنىپ يېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يۇقىرىقى كۆز قاراشلىرىدىن ئاددىي ھەربىي دىئالېكتىك ئىدىيىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

## ئۈچىنچى باب

# تارىختىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىي ستراتېگىيىسى ۋە تاكتىكىسى

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تەشكىلاتلىرى ھەربىي خاراكتېرگە ئىگە ئىدى. بۇنداق خاراكتېر كېيىنكى چاغلاردا قۇرۇلغان، بەش ئەسىرگە يېقىن داۋاملاشقان ئۇيغۇر قارا خانىيلار سۇلالىسى مەزگىلىدە ۋە پۈتۈن تېمۇرىيلەر دەۋرىدە ھەم 160 يىل داۋام قىلغان يەركەن سەئىدىيە خانلىقى مەزگىلىدە بارغانسېرى روشەن ئىپادىلىنىشكە باشلىدى.

IX ئەسىرنىڭ 40 – يىللىرى، موڭغۇل دالاسىدا يۈز بەرگەن ئېغىر تەبىئىي ئاپەت تەۋسىدىكى قىرغىزلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشى ئىچكى نىزا تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇر ئورقۇن خانلىقى مۇنقەرز بولدى. مۇشۇ قېتىمقى تەبىئىي ۋە سۈنئىي ئاپەتتىن ئامان قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ 15 قەبىلىسى پان تېكىننىڭ رەھبەرلىكىدە، غەربتىكى قېرىنداشلىرىدىن پاناھلىق ئىزدەپ جۇڭغارىيە ۋە تارىم ۋادىسىغا يۆتكەلدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇيغۇرلار بالا ساغۇن بىلەن قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا يەنە بىر قۇدرەتلىك فېئوداللىق سۇلالە — قارا خانىيلار سۇلالىسىنى قۇرۇپ چىقتى.



بۇ باپتا قاراخانىيلارنىڭ ھەربىي ستراتېگىيە — تاكتىكىسى ئۈستىدە ئوقتىلىق توختىلىپ، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇش ستراتېگىيىسى ۋە تاكتىكىسى ھەققىدىكى ئوقتىئىنەزەرلىرى ئۈستىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىمىز.

## 1 – بۆلۈم قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋەزىيىتى

مەلۇمكى، كۆك تۈركلەردىن كېيىن بارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، كەڭ موڭغۇل دالاسىدا زور خاقانلىق قۇرغان ئۇيغۇرلار 840 – يىلى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي سالاھىيىتىنى يوقىتىپ قويغانلىقتىن، قېرىنداش ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىر مەركەزىي ھاكىمىيەتكە تەۋە بولماستىن، مۇستەقىل بەگلىكلەر ھالىتىدە ياشاشقا باشلىدى. مىلادى 845 – يىلى كول بىلگە قادىرخان شىمالدا بالقاشتىن، جەنۇبتا كەشمىرگىچە، شەرقتە كۇچادىن، غەربتە خارازىمگىچە بولغان. 3 مىليون كۋادرات كىلومېتىر قۇرۇقلۇق تېررىتورىيە ئۈستىدە ئۇيغۇرلار تەركىبىدىكى قارلۇق، ياغما، چىگىل، توخسى ۋە باشقا ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، قۇدرەتلىك قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇرۇپ چىقتى.

مىلادى 962 – يىلى ئالىپ تېكىن شىمالدا پەرغانە، ماۋرا ئۇننەھىردىن جەنۇبتا بەلۇجىستانغىچە، شەرقتە ئاگىرادىن غەربتە رەي ھەم دانىشغىچە بولغان 3 مىليون (كېڭەيگەن ۋاقتىدا 4 مىليون 900 مىڭ) كۋادرات كىلومېتىر زېمىندا غەزنەۋىيلەر دۆلىتىنى قۇردى. بۇ خاقانلىق 225 يىل سەلتەنەت سۈرۈپ ئاندىن يىقىلدى؛ ئورنىغا گۇرلۇقلار (قارا خىتايلار) ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى.

مىلادى 1040 - يىلى كاسپىي دېڭىزى بىلەن ئارال كۆلى ئارىسىدىكى «ئۈستۈن يۇرت» دەپ ئاتالغان رايوندا ياشاۋاتقان ئوغۇزلارنىڭ قىنىق قەبىلىسىنىڭ بېگى سەلچۇق ئوغۇللىرى ئوغۇزلارنىڭ «سۇ باشى» (باش قوماندان) ئىرى ئىدى. سەلچۇق بەگنىڭ نەۋرىسى چاغرى تېكىن 1037 - يىلى مەرۋىنى ئېلىپ، ئۆزىنى «مەلىكۇل مۇلك» (ھۆكۈمدارلارنىڭ ھۆكۈمدارى) دەپ ئاتىدى، ئارقىدىنلا بەلخنى ئالدى. بىر يىلدىن كېيىن ھىرات ئۇنىڭدىن كېيىن نىشاپۇر ئېلىندى. چاغرى تېكىننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىنىسى تۇغرۇل تېكىن نىشاپۇردا ئۆزىنى «سۇلتان» دەپ ئېلان قىلدى. دەندانىكان ئۇرۇشىدا غەلىبە قازانغان سەلچۇقلار پۈتۈن خوراساننى غەزنەۋىلەردىن تارتىۋالدى. شۇنىڭدەك سەلچۇقلار غەربكە سىلجىپ، كىچىك ئاسىيادىمۇ ئۆز ھاكىمىيەتلىرىنى قۇرۇشقا باشلىدى. سەلچۇقلار 117 يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1154 - يىلى سۇلتان سەنجەرنىڭ ئۆلۈمى بىلەن بۇ ئىمپېراتورلۇق ئاخىر قارا خىتايلار تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىندى.

دېمەك، ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركىي قوۋملار تەرىپىدىن قۇرۇلغان بۇ ئۈچ ئىمپېراتورلۇقنىڭ سىياسىتى كېڭىيىش سىياسىتى بولغاچقا، داۋاملىق ئۇرۇش ئىچىدە ياشىدى. قاراخانىيلار يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر بۇددىست قېرىنداشلىرى بولغان خوتەن تاتلىرى ۋە تۇرپان تاتلىرى بىلەنمۇ كۆپ ئۇرۇشلارنى قىلدى.

مۇشۇنداق مۇرەككەپ بىر خەلقئارا ۋەزىيەت ئىچىدە ياشىغان قاراخانىيلار سىرتقا نىسبەتەن كېڭىيىش ۋە مۇداپىئەلىنىش، ئىچكى جەھەتتە يۈز بېرىپ تۇرغان ئىسيانلارنى باستۇرۇپ، ئىمپېراتورلۇقنىڭ تېررىتورىيىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەربىي كۈچنى كۈچەيتىشكە مەجبۇر ئىدى. قارا خانىيلار كۈچەيگەن دەۋردە سامانىلار دۆلىتىنى يىقىتتى (مىلادى999-يىلى)،



ئاجىزلاشقان دەۋردە قارا خىتايلار تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىندى (مىلادى 1212 - يىلى).

## 2 – بۆلۈم قارا خانىيلار دەۋرىدىكى ھەربىي تەشكىلات

پۈتۈن مىللەت قوشۇن بولۇشتىن ئىبارەت خۇسۇسىيەتنى ئۇيغۇر - تۈركىي قەبىلىلىرى پۈتكۈل تارىخىدا داۋام قىلدۇرۇپ كەلگەن. قەدىمكى قەبىلىلەردە سىياسىي قۇرۇلۇشلارنىڭ ئەسلى خاراكتېرى ھەربىي بولغاچقا، قارا خانىيلار دەۋرىدىمۇ ۋە ئۇلارغا زامانداش بولغان ياكى كېيىنكى دەۋردە ياشىغان ئۇيغۇرلار قۇرغان خانلىقلاردىمۇ بۇنداق ھالەت داۋاملاشقان.

قارا خانىيلارنىڭ ھەربىي تەشكىلاتى ھەققىدە مەنبەلىرىمىزنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان مەلۇماتلىرى يالغۇز قارا خانىيلار دەۋرى ھەربىي تەشكىلاتىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىش جەھەتتىنلا ئەمەس، باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ بەزى ھەربىي ئاتالغۇلىرىنىڭ مەنىسىنى ۋە مەنبەلىرىنى بىلىش جەھەتتىنمۇ پايدىلىقتۇر.

### قوشۇننىڭ تەركىبى

قارا خانىيلار قوشۇنىنىڭ تەركىبى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) ساراي مۇھاپىزەتچىلىرى؛
2) خاس قوشۇن؛
3) خاندان ئەزالىرى بىلەن ۋالىيلارنىڭ ۋە باشقا دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ئەسكەرلىرى؛
4) چىگىل، قارلۇق، ئوغراق ۋە باشقا قەبىلە تەشكىل-

لەرگە تەۋە ئەسكەرلەر.

1. ساراي مۇھاپىزەتچىلىرى (ياتىغاق ۋە تۇرغاقلار)

ساراي مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ ۋەزىپىسى ھۆكۈمدارنى ھەم سارايىنى قوغدايتتى. سەلچۇقىلاردا ساراي مۇھاپىزەتچىلىرى «غولامانى ساراي» دېيىلەتتى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بايانىچە قارا خانىيلاردا بۇ ساراي مۇھاپىزەتچىلىرى قەلئە مۇھاپىزەتچىلىرىگە ئوخشاش «ياتىغاق» دەپ ئاتىلاتتى. بۇلار ھۆكۈمدارنى، سارايىنى ۋە ھەر قانداق بىر قەلئەنى كېچىسى ساقلايتتى يەنى. ياتىغاقلار ساراي مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ كېچىدە نۆۋەتچىلىك قىلىدىغان بىر قىسمىنى تەشكىل قىلاتتى. بۇ مەسىلىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ: «كونۇن تۇردى تۇرغاق تۈنۈن ياتىغاقىن» (كۈندۈزى تۇرغاق، كېچىسى ياتىغاق نۆۋەتچىلىك قىلدى) دېگەن بېيىتى بىلەن ناھايىتى ئوبدان سۈرەتلىگىلى بولىدۇ. ياتىغاقلارنىڭ ۋەزىپىسى ھۆكۈمدارلارنى يالغۇز سارايدىلا ئەمەس، ساراي تېشىدىمۇ مۇھاپىزەت قىلىش ئىدى.

تۇرغاقلارغا كەلسەك، بىردىنبىر مەنبە بولغان «قۇتادغۇبىلىك» تىكى مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرگە قارىغاندا، بۇلارمۇ سارايىنى ۋە ھۆكۈمدارنى كۈندۈزى قوغدايدىغان مۇھاپىزەتچىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭمۇ سارايدا ۋە ساراي تېشىدا ھۆكۈمدارنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋەزىپىسى بارلىقى ئېنىق بۇ ئىككى ئاتالمىنىڭ ئۇيغۇرچە ئىكەنلىكى تونۇپەيلىدىن، بۇ ئەسكىرىي تەشكىلات قاراخانىيلاردىن بۇرۇنقى تۈركىي قەبىلىلەردە ئىشلىتىلگەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

2. خاس قوشۇن

قارا خانىيلاردا خاس قوشۇنىمۇ ساراي مۇھاپىزەتچىلىرىگە ئوخشاش، ھۆكۈمدارغا قاراشلىق ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەردىن تەشكىل قىلىنغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. لېكىن بۇقوشۇننىڭ سانى ھەققىدە ئېنىق بىر نەرسە



دېگۈدەك ئەھۋالدا ئەمەسمىز. بىر خاتىرىدە: «غەربىي قارا خانىيلار ھۆكۈمدارلىرىدىن مۇھەممەت ئارسلانخاننىڭ (1103 — 1182) خاس قوشۇنى 12 مىڭ تۈرك قۇللىرىدىن تەشكىل قىلىنغانىدى»① دېيىلگەن.

مۇھەممەت ئارسلانخاننىڭ سەلچۇقىلار ھاكىمىيىتىگە كىرگەن بىر دەۋرگە ئائىت بۇ رەقەم بىز تىلغا ئېلىۋاتقان دەۋردە، بولۇپمۇ دۆلەتنىڭ ئىككىگە ئايرىلىشىدىن بۇرۇن قارا خانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ خاس قوشۇنى تېخىمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ قوشۇننىڭ 12 مىڭ كىشىلىك چوڭ بىر قوشۇن ئىكەنلىكىگە ئائىت بىر قەئىدىگە قارىساق، بۇ ساننىڭ خاس قوشۇننى ئاساس قىلغان ھالدا، تۈرلۈك قوماندانلار قارىمىقىدىكى ئەسكىرىي بىرلىكلەر ئۈچۈن ئادەتتە بىر ئۆلچەمنى ئىپادىلىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. ئەينى ۋاقىتتا، دۆلەت قوشۇننى ئېھتىياجلىق نەرسىلەر بىلەن تەمىنلەيتتى، مائاشلىرىنى بېرەتتى، مۇناسىۋەتلىك دەپتەرلەرنى تۇتاتتى، ئەسكەرلەرنى يوقلىما قىلىپ تۇراتتى.

قاراخانىيلاردا مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىدىغان مەخسۇس بىر دىۋاننىڭ بارلىقى مەلۇم. مەھمۇد قەشقەرى: ئەسكەرلەرنىڭ نامىنى ۋە كۆرسەتكەن خىزمىتىنى خاتىرىلەيدىغان دەپتەر «ئاي بىتىك» دېيىلەتتى، دەپ قاراخىيلاردا بۇ ئىشلارنى باشقۇرىدىغان بىر ئورگان بارلىقىنى قەيت قىلىدۇ. «ئۇنىڭ ئاتى ئايدىن ئۆچۈرۈلدى» دېگەن جۈملىسىگە قارىغاندا، بۇ دەۋردە ئەسكەرلەرگە ئايدا بىر مائاش بېرىلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. شۇنىڭدەك «بۇ ئات (ئىسىم) دائىم ئەسكەرلىككە يېزىلىدىغان ئادەمدۇر» دېگەن جۈملىسىدىن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان دىۋاننىڭ مۇئەييەن ۋاقىتتا ئەسكەرلەرنى يوقلىما

① قىۋامەددىنى بۇرسلان: «ئىراق ۋە خوراسان سەلچۇقىلىرى تارىخى» ئىستانبۇل 1943، 239 - بەت.

قىلىپ، ئۆلۈم ياكى تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن خىزمەتتىن ئايرىلغانلارنىڭ ئاتلىرىنى ئۆچۈرىدىغانلىقىنى، كەم سانلارنى يېڭىدىن تولدۇرىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. قاراخانىيلار بىلەن راماندىش ياشىغان سەلجۇقىلاردا «غۇلامانى ساراي» دەپ ئاتىلىدىغان ساراي مۇھاپىزەتچىلىرى ۋە باشقا مائاشلىق خاس ئەسكەرلەر بولاتتى. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، قاراخانىيلاردا ساراي مۇھاپىزەتچىلىرى، خاس قوشۇنلارغا ھەر ئايدا ياكى مۇئەييەن ۋاقىتلاردا مائاش بېرىلەتتى. كېيىن غەربىي قاراخانىيلاردىكى خاس قوشۇنلار سۈيۈرغال ئىگىلىرى بولۇپ كەتكەندى.

3. خاندان ئەزالىرى بىلەن ۋالىيلارنىڭ ۋە باشقا دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ئەسكەرلىرى.

قاراخانىيلار دەۋرىدە دۆلەتنىڭ مەلۇم رايون ياكى ۋىلايەتلىرىنى ئىدارە قىلىشقا مەسئۇل بولغان خاندان ئەزالىرىنىڭمۇ ئايرىم قوشۇنلىرىنىڭ بولغانلىقى مەلۇمدۇر. قاراخانىيلارنىڭ سىياسىي تارىخىدىكى ۋەقەلەر بۇ جەھەتنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

(1) دۆلەتنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشىگە سەۋەب بولغان ۋەقەلەر مەزگىلىدە غەربىي قىسمىنى ئىدارە قىلىۋاتقان ئىلىگ ناسىرنىڭ ئوغۇللىرى شەرقىي قىسمىنى ئىدارە قىلىۋاتقان يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئوغۇللىرىغا قارشى جەڭ قىلدى.

(2) كېيىنچىرەك ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى شاش، ئىلاق، تۇنھاس ۋە پەرغانىنى ھەربىي كۈچ بىلەن ئالغانىدى.

(3) شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ چوڭ خاقانى سۇلايمان ئارسلانخان ئۆزىنىڭ قېرىندىشى، تىرازئىسپىجاب ھاكىمى مۇھەممەت خان بىلەن ئۇرۇشتى، نەتىجىدە سۇلايمان



ئارسلانخان يېڭىلدى.

(4) ئىبراھىم بىن مۇھەممەت خان (1057 — 1059)، بارسخان ھاكىمى ئىنال تېكىن بىلەن ئۇرۇشتى، نەتىجىدە ھاياتىدىن ئايرىلدى. بۇ ئىچكى ئۇرۇشلاردا قاراخانىيلارنىڭ خاندان ئەزالىرى بىر - بىرىگە قارشى ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي قوشۇنلىرىنى ئىشقا سېلىشقانىدى.

(5) 1990 - يىلى سەمەرقەندنى ئىگىلىگەن ئاتباشى ھاكىمى ياقۇپ تېكىننىڭ، يەنە شۇ يىللاردا قەشقەر خانىنى ئەسىر ئالغان كانتا ئەلئەسىنىڭ قوماندانى تۇغرۇل ئىنال تېكىننىڭ ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن ھەرىكەت قىلغانلىقى مەلۇمدۇر.

(6) ئىبنۇل ئەسىر: «پادىشاھ بولغان ئىبراھىم تامغاچ بۇغراخان سەلتەنىتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى تەختىنى ئوغلى شەمسۇلمۇلككە ئۆتكۈزۈپ بەرگەنىدە، باشقا ئوغۇللىرى تۇغان خاننىڭ دادىسى بىلەن قېرىندىشىنى سەمەرقەندىدە مۇھاسىرىگە ئالغانلىقىنى، 500 نەپەر غۇلامى بىلەن شەھەردىن تۇيدۇرماي چىققان شەمسۇلمۇلۇك ناسىرنىڭ شەبىخۇن (تۈن ھۇجۇمى) قىلىپ، غاپىل ياتقان قېرىندىشى تۇغان خانىنى تۇتقۇن قىلغانلىقىنى...» نەقىل كەلتۈرىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، شەمسۇلمۇلكنىڭ دادىسى ساق ۋاقتىدىلا شەخسىي غۇلاملىرى بارلىقىنى، قېرىندىشى تۇغان خاننىڭمۇ ئۇلارنى مۇھاسىرە قىلغۇدەك خۇسۇسىي ھەربىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا خاندان ئەزالىرىنىڭ ئىدارە قىلىۋاتقان رايونىنىڭ چوڭ كىچىكلىكىگە قاراپ ھەربىي كۈچ ئىشلەتكەنلىكى مەلۇمدۇر. دۆلەتنىڭ سىياسىي تارىخىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە قارىغاندا، مەركىزىي ئىدارە كۈچلۈك ۋاقىتلاردا، خاندان ئەزالىرى ئۇرۇشلارغا ئۆز قوشۇنى بىلەن كېلىپ قاتنىشىپ، قاراخانىي-

لارنىڭ چوڭ قوشۇننى مەيدانغا كەلتۈرەتتى. مەركىزىي ئىدارە زەئىپ يىللاردا بولسا، ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلىشاتتى.

يەنە بىر تەرەپتىن، خانىدان ئەزالىرىدىن باشقا ۋالىيلارنىڭ ۋە باشقا دۆلەت ئەربابلىرىنىڭمۇ ھەربىي كۈچلىرى بولاتتى. مەنبەلىرىمىزدە ھۆكۈمدار ھوزۇرىغا ئاتلىق ۋە پىيادە مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلىرى بىلەن كەلگەن كىشىلەرنىڭ دەرىجىسى بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ «ئەسھابى ـ ئەتراپ، ئەزىزانى دەرگاھ ۋە نەۋبەتسالاران» (ئەتراپ جايلارنىڭ باشلىقى، ساراي ئەزالىرى، نەۋبەتچىلار باشلىقى) دەپ كۆرسىتىلىشى ھۆكۈمداردىن باشقا يەنە كىشىلەرنىڭ ئەسكەرگە ئىگە ئىكەنلىكلىرىنى كۆرسىتىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ۋەزىر، ھاجىپ ۋە قوۋۇقچىباشىغا ئوخشاش دۆلەت ئادەملىرىنىڭ قول ئاستىدا غۇلاملار بولغانلىقىغا دائىر خاتىرىلىرى خانىدان ئەزالىرى بىلەن دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ قول ئاستىدا مائاشلىق قىسىملارنىڭ بولغانلىقىغا قىلىنغان ئىشارەتتۇر.

4. چىگىل، قارلىق، ئوغراق ۋە باشقا قەبىلە تەشكىلاتلارغا تەۋە ئەسكەرلەر

قاراخانىيلار دۆلىتى تېررىتورىيىسى ئىچىدە ياشىغۇچى بەزى قەبىلىلەر تەشكىلاتىغا قاراشلىق ھەربىي قوشۇنلار ئۇزۇندىن بېرى قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەلگەنىدى. قاراخانىيلار قوشۇنىدا چىگىللەر مۇھىم كۈچ ھېسابلىناتتى. مەسىلەن: 1089 — 1090 - يىللاردا غەربىي قاراخانىيلار قوشۇنىدىكى چىگىللەرنىڭ قوماندانى ئەييۇد دۆلەتنىڭ قاراخانىيلار بىلەن سەلجۇقىلارنىڭ سىياسىي مۇناسىۋەتلىرىدە رول ئوينىغانلىقىنى



بىلىمىز①، چۈنكى مەنبەيىمىزدە چىگىللەرنىڭ قوماندانىنى ساھىبۇل جەيش (قوشۇن قوماندانى) دېمەستىن، «مۇقەددەمۇل چىگىلىيە» (چىگىللەرنىڭ ئالدىنقى قىسىم قوماندانى) دەپ ئاتىغانلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.②

ئىسسىقكۆلدىن ئىسپىجابىنىڭ جەنۇبىغىچە ۋە ئۆيەردىن چۇ ۋە ئىلى دەرياسى بويلىرىغىچە سوزۇلغان كەڭ رايوندا ياشىغان قارلۇقلارنىڭمۇ ئۇزۇندىن بېرى قاراخانىيلار قوشۇنىدا بولغانلىقى مەلۇمدۇر. چۈنكى قاراخانىيلارنىڭ قوشۇنىدا قارلۇقلار مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. مەسىلەن، ئەلى تېكىننىڭ ئەسلى مەركىزى بولغان بۇخارا ئەتراپىدىكى «خارلۇخ — ئوردۇ» نامىدىكى بىر ئەسكىرى قارارگاھ بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.③ XII ئەسىردە ماۋرائۇننەھرگە كۆچكەن نۇرغۇن قارلۇقلار بۇ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىغا قارشى سىياسىي كۈرەشكە كىرىشىدۇ.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، قاراخانىيلار بىلەن تات ئۇيغۇرلىرى (بۇددىست ئىدىقۇتلۇقلار) نىڭ چېگرا رايونلىرىدا ياشىغان ئوغراقلار بۇددىست ئۇيغۇرلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلارغا قاراخانىيلار تەرەپدارلىرى بولۇپ قاتناشقاندى.

1041 - يىللاردا قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ شەرقىي شىمالىدا ياشىغۇچى ياباقۇلارنىڭ تەھلىكىسىگە قارشى ۋاقىتلىق بولسىمۇ، قاراخانىيلار تەۋەلىكىگە كىرگەن باسمىل ۋە چۇمۇللارمۇ ياباقۇلارنىڭ مەشھۇر قوماندانى بۆكە-

① پىرتساك: «قاراخانىيلار»، 263 - بەت.
② «ئەل كامىل»، 173 - بەت.
③ پىرتساك: «قاراخانلار»، 259 - بەت.

بۇدراچىنىڭ يېتىلىپ ئەسىر ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇرۇشلاردا، قاراخانىيلار قوشۇنىدا تۇرۇپ جەڭ قىلىشقانىدى. ياباقۇلار تەھلىكىسى بىر تەرەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار قاراخانىيلار تەۋەلىكىدىن چىققان بولسىمۇ، يېتىلىپ قايتىدىن قاراخانىيلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغانىدى.

## 3 - بۆلۈم يۈرۈش ھالىتىدىكى قوشۇنىڭ نامى

يۈرۈشلەرنىڭ ماھىيىتىگە قاراپ، قوماندانلىق ئىشىنى شەخسەن ھۆكۈمدار ياكى خانىدان ئەزالىرى بولغان شاھزادىلەر بىلەن سۇ باشىلار (قوماندان) ۋە باشقا بەگلەر ئۈستىگە ئالاتتى. قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىكىگە ئوخشاشلا، قاراخانىيلاردىمۇ قوشۇننى باشقۇرۇش ئىشى «سۇ باشلىماق» دېيىلەتتى. قوماندان مەنىسىدىكى سۇ باشىمۇ بۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك. «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئۇچرايدىغان «سۇ باشلار ئەر»، «سۇ باشلار كىشى» ۋە «سۇ باشچىسى» قاتارلىق ئاتالمىلارنىڭ توغرىدىن - توغرا «سۇ باشى» مەنىسىدە ئىكەنلىكى شۈبھىسىز.

يۈرۈش قارارىنى بەرگەن ھۆكۈمدار مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە ئەسكەرلەرنى توپلاپ كېلىشلىرى ئۈچۈن بۇيرۇقلار ئەۋەتەتتى. مەھمۇد قەشقەرى ئەسىرىدىكى «خان بەگكە ئەسكەرلىرىنى توپلاشقا بۇيرۇق بەردى» دېگەن جۈملە دەل مۇشۇ ئەھۋال بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەينى مەنبەدە ئەسكەرلەرنىڭ تەرەپ - تەرەپتىن ئېقىپ كېلىپ توپلانغانلىقىنى ئىپادىلىگەن خاتىرىلەر، يۈرۈش مەقسىتى بىلەن ئەسكىرىي كۈچلەرنىڭ بىر يەرگە يىغىلغانلىقىنى ئىپادىلىگەن خاتىرىلەر، يۈرۈش مەقسىتى



بىلەن ئەسكىرىي كۈچلەرنىڭ بىر يەرگە يىغىلغانلىقلىرىنى بىلدۈرىدۇ. يۈرۈش ئۈچۈن ئەسكەرلەر يىغىلغان يەر «تىرىلگۈ يەر» دېيىلەتتى. دېمەك، ئەسكەر ۋە قوشۇن ئورنىغا «سۇ» ئاتالمىسىنى قوللانغان تۈركىي خەلقلەر ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپلىكىنى سۇغا ئوخشىتاتتى، تۈرغۈنلىغان قوشۇننىڭ سۇ ئاققاندەك يۈرۈشىنى «سۇ ئاقتى» دەيتتى.

قەيتلەرگە ئاساسەن، قاراخانىيلار قوشۇنىنىڭ سانى ھەققىدە كەسكىن بىرنەرسە دېگىلى بولمايدۇ. 1041 — 1042 - يىللاردا بېكەچ ئارسلان تېكىن قوماندىسىدا ئەۋەتىلگەن بىر قوشۇننىڭ سانىنى مەھمۇد قەشقەرى 40 مىڭ دەپ يازىدۇ. XI ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ 4000 ئەسكەرلەرنى بىر قوشۇن دەپ يازىدۇ. قاراخانىيلار بىلەن زامانداش ياشىغان سەلچۇقلار قوشۇنىدىمۇ ئەسكىرىي قىسىملارنىڭ سانىدا كۆپ پەرق يوق ئىدى.

### 1. قوشۇننىڭ تەرتىپى ۋە قۇرۇلۇشى

يۈرۈشكە چىققان قوشۇن مەلۇم تەرتىپ ۋە نىزام ئىچىدە ھەرىكەت قىلاتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قوشۇن قوماندانىغا «ئوڭغا - سولغا ۋە ئالدىغا - ئارقىغا ئىشەنچلىك كىشىلەرنى قوي» دەپ قىلغان تەۋسىيىسى شۈبھىسىزكى، بۇ تەرتىپ ئىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇ دەۋردە ھەرىكەت ھالىتىدىكى قوشۇننىڭ بىر بۆلۈمى ئالدىنقى قىسىملىققا ئايرىلاتتى. بۇلار يول ئۈستىدە ئەسكەر ۋە پىستورما قويۇلغان ئەسكەرلەرنىڭ بار - يوقلۇقىنى چارلايتتى؛ بۇلار «يەزەك» دېيىلەتتى. بۇ يەزەكلەردىن چىقىرىلغان ئاتلىق چارلىغۇچى گۇرۇپپا ھەممىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ چارلاش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، تىل تۇتقاچقا «تۇتغاق» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ:

«قوماندان يەزەك ۋە تۇتغاقلارنى تاللاپ چىقىرىشى لازىم، بۇلار ئېھتىيات بىلەن كۆز - قۇلاقلىرىنى يىراقلارغا قارىتىشى كېرەك» دەيدۇ. دېمەك، قاراخانىيلارنىڭ قوشۇنىدا ئالدىنقى قىسىملارغا ئەھمىيەت بېرىلەتتى. يەزەكلەر بىلەن تۇتغاقلار ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ، ئوڭۇشلۇق شارائىتتا دۈشمەنگە ھۇجۇمۇ قىلاتتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالدىنقى قىسىملاردىن كېيىن «يورتۇغلار» نى تىلغا ئالىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئالدىنقى قىسىملىرىدىن كېيىن مۇھاپىزەتچى قوشۇن، دۆلەت ئەربابلىرى، ھۆكۈمدار ماڭاتتى. مەھمۇد قەشقەرى يۈرۈشكە ياكى ئادەتتىكى سەپەرگە خاقان بىلەن بىرگە چىققان دۆلەت ئەربابلىرى مۇھاپىزەتچى قىسىملارنى «يۇرتۇغ» دەيدۇ. بۇ يۇرتۇغلار سارايى مۇھاپىزەتچىلىرى ۋە باشقا مۇھاپىزەتچى قوشۇنلاردىن تەشكىل قىلىناتتى. سەپەر ئۈستىدە ھېچكىم ئارقىدا قالمايتتى، تۆۋەن دەرىجىلىكلەر چوڭلارغا ئارىلاشمايتتى، يىراقتا تۇرۇشقا تېگىشلىكلەر يېقىن كەلمەيتتى، كىشىلەرنىڭ سارايدىكى ئورنى قانداق بولسا سەپەردىمۇ شۇنداق بولاتتى. سەپەردە ھۆكۈمدارنىڭ ئالدىدا بايراق - تۇغچىلار، گۈرزە (چوماق) لىق ئەسكەرلەر ۋە باشقا قوراللىقلار ماڭاتتى. ھۆكۈمدارلار سەپەردە بىردىن يېتىلەك ئات ئالاتتى. بۇ «قوش ئات» دېيىلەتتى. ھۆكۈمدارلارنىڭ ئارقىسىدىن خاس قوشۇنلار بىلەن ئۇرۇشقا قاتناشقان باشقا بەگلەرنىڭ ئەسكەرلىرى ماڭاتتى. قوشۇننىڭ ئاتچىسى، ئوڭ ۋە سولدا ئامانلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل قىسىملار بولاتتى.

### 2. قونالغۇ ۋە ئوردوگاھ

مەھمۇد قەشقەرى قاراخانىيلار دەۋرىدە، ھەرىكەت ئۈستىدىكى قوشۇننىڭ سەپەردە قونالغۇ قىلغان ئوردوگاھلىرىنى



«توي»، خاقاننىڭ ئوردوگاھ قىلغان يېرىنى «خان توي» دەپ يازىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوردوگاھ قۇرۇش ھەققىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار توغرىلۇق تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ: قوماندان ئوردوگاھ قۇرۇشتا قوغدىنىشقا ئەپلىك يەر تاللىشى، ئەسكەرلەرنى بىر يەرگە توپلىيالىشى، تارقاقلىشىشنى توسۇشى، ئوردوگاھنى سۈيى ۋە ئوتى قولاي يەرنى تاللاپ قۇرۇشقا دىققەت قىلىشى لازىم.

ئوردوگاھلاردا، بولۇپمۇ كېچىلىرى ئامانلىق تەدبىرلىرى بەك مۇھىم بولغاچقا، پارول قوللىناتتى. پارول ئۇ زامانلاردا «ئىم» دېيىلەتتى. قوماندانلار ئەسكەرلەر ئارىسىغا قورال ياكى قۇش ئىسىملىرىنى ئىم قىلىپ بېرەتتى. مەھمۇد قەشقەرى ئۆز ئەسىرىدە بىر - بىرىگە ئۇچرىشىپ قالغان ئىككى قىسىمنىڭ تونۇشۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىم قوللىنىلغانلىقتىن ئىشارەت بېرىپ «ئىم بىلسە ئەر ئۆلمەس» دېگەن ماقالىنى مىسال كەلتۈرىدۇ. ئەسلىدە ئىم تۈركىي خەلقلەردە قەدىمدىن بار ئادەت ئىدى. كۆپىنچە كېچە نۆۋەتچىلىرى «ئىم» قوللىناتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ: «ئەسكەرلەردىن ساقچىلار (نۆۋەتچىلەر) قويۇلۇشى، بۇلار ئويغاق، ھوشيار تۇرۇشى لازىم» دەپ يېزىشلىرى بۇنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئوردوگاھلاردا قىلىنغان بۇ ئامانلىق تەدبىرلىرىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئالدى بىلەن دۈشمەن ھۇجۇمىدىن (كېچە باسقىنىدىن) قوغدىنىش ۋە تىل تۇتۇشتىن ئىبارەت ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، ياخشى بىر قوماندان دۈشمەن ھۇجۇمىغا قارشى ھەر ۋاقىت ھوشيار ۋە تەدبىرلىك بولغىنىدەك، دۈشمەندىن بۇرۇنراق ھەرىكەتلىنىپ تىل تۇتۇپ، قارشى تەرەپنىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات ئىگىسى بولۇپ تۇرۇشى كېرەكتۇر. ئۇ زامانلاردا تىل تۇتۇش «تىل ئىنچىگىنىماق» دېيىلەتتى.

## 3. كىچە ۋە كۈندۈز ھەرىكەتلىرى

(1) كىچە ھەرىكەتلىرى:

ئۇيغۇرلار ئۇرۇش ۋاقتىدا كىچىلىك ھەرىكەتلىرىگە بەك ئەھمىيەت بېرەتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «دۈشمەننى تىنىچ قويماسقا تىرىشقىن، مۇمكىن بولسا كىچىدە باس، چۈنكى تۈن قاراڭغۇسىدا ئەسكەرلەرنىڭ ئاز - كۆپلۈكىنى كىم بىلەتتى» دەيدۇ. ئۇيغۇرلاردا، شۇنىڭدەك قاراخانىيلاردىمۇ كىچىسى دۈشمەن ئوردوگاھىنى باسقان ئەسكەرلەر «ئاقىنچى» دېيىلەتتى. ئاقىن سۆزىنى سەل (كەلكۈن) مەنىسىدە ئىزاھلىغان مەھمۇد قەشقەرى كىچىدە تۇيۇقسىز سەلگە ئوخشاش باستۇرۇپ كەلگەن ئەسكەرلەرنى «ئاقىنچى كەلدى» دەپ ئىشارەت بەرگەنىدى: ھەش - پەش - دېگۈچە ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىشنى خالايدىغان قوماندان، بەگلەر مۇشۇ مەقسەتتە ئاقىنچى ئاتتۇراتتى، يەنى كىچە باسقۇنى ئۈچۈن قىسىملىرىنى ئەۋەتەتتى. ئەۋەتىلگەن ئاقىنچىلارنىڭ كىچە باسقۇنى قىلىپ، دۈشمەننى تۇيۇقسىز تۇتۇش ئۈچۈن نىشانلانغان جاي «باسىغ»، دۈشمەن ئوردوگاھىغا ئۇشتۇمتۇت كىچە باسقۇنى قىلىدىغان ئەسكەرلەر «باسىمچى» دېيىلەتتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «ياغ ئوت كۆتۈرۈشتە ئوت يىلدىرادى» (دۈشمەن ئوت ياققاندەك ئوتقاشلار ۋالىلداپ يورىدى) دېگىنىگە قارىغاندا، كىچە ئۇرۇشلىرىدا مەيداننى يورۇتۇش ئۈچۈن گۈلخانلار ۋە ئوتقاشلار يېقىلغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «چىۋى» سۆزى ھەققىدىكى ئىزاھاتىدىن قارىغاندا «چىۋى» جىنلاردىن بىر قىسىمىنىڭ نامى ئىدى. ئەينى چاغدىكى ئۇرۇشۇۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ جىنلىرىمۇ ئۆز ئەسكەرلىرى تەرىپىنى ئېلىپ كېچىسى ئۇرۇشىدۇ،



قايسى تەرەپنىڭ جىنلىرى يەڭسە، شۇ تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرى يېڭىدۇ. بىر تەرەپنىڭ جىنلىرى قاچسا، شۇ تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرىمۇ قاچىدۇ. ئەسكەرلەر كېچىسى جىنلارنىڭ ئاتقان ئوقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن چېدىرلاردا ياتىدۇ، دەيدىغان بۇ رىۋايەت ئۇيغۇرلاردا كەڭ تارقالغانىدى.

كىچە ئۇرۇشىنىڭ تارىخى ئۇيغۇرلاردا ئەڭ ئەدىمكى زامانلارغىچە بېرىپ تاقىلىدۇ. ھونلار دەۋرىدىمۇ كىچە يۈرۈشلىرى بولاتتى. كېچىلىك ئۇرۇشلاردا يامغۇر يېغىپ، يايى كىرىچلىرى ھۆل بولۇپ كېتىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئايدىڭ كېچىلەردە يۈرۈش قىلغانلىقى تارىخىي قەيتلەردىن مەلۇمدۇر.

(2) كۈندۈز ھەرىكەتلىرى

ئۇيغۇرلار بىر قوشۇننى ئۇرۇش ھالىتىگە كەلتۈرۈش ئىشىنى «چەرىك تۈزمەك»، ئۇرۇشقۇچى ئىككى قوشۇننىڭ بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى ھالەتتە سەپ بولۇپ تىزىلىشىنى «چەركەشمەك» دەيتتى. بۇ سۆز ئۇرۇش سەۋەبلىرىگە يەنى ئەسكەرلەر قاتارىغا بېرىلگەن «چەرىك» ياكى «چەرىگ» نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەسكەر مەنىسىدىكى «چېرىك» دېگەن سۆزنىڭمۇ بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى بىلىنمەكتە.

ئۇرۇش مەزگىلىدە بۇ سەپلەرنىڭ بېشىدا تۇرۇپ ئەسكەرلەرنى باشقۇرىدىغان، تىنىچ شارائىتتا ئۇلارنى تەرتىپ - ئىنتىزام ئىشلىرىغا باشلايدىغىنى «چاۋۇش»، ئۇرۇش مەيدانىغا بېرىپ، تېخى سەپلەرگە كىرىپ كۆرمىگەن باشقۇرغۇچىلار «چۇاچ» دېيىلەتتى.

جەڭ مەيدانلىرىنىڭ مۇۋاپىق يېرىگە خاقانلىق چېدىرى قۇرۇلاتتى. كېيىن تۇغلار ۋە باشقا ئۇرۇش ئالامەتلىرى تىكىلەتتى. ئاخىرىدا سەپلەر تىزىلىپ، تەييار بولغاندىن كېيىن، داۋۇللار (ناغرا - دۇمباقلار)، بۇرغۇلار چېلىناتتى. ئاندىن رەسمىي جەڭ سەپلىرى تۈزۈلەتتى.

يەنە، ئۇرۇش باشلىماستىن ئىلگىرى يىگىتلەر ئاتلىرىنىڭ قۇيرۇقىنى يىپەك بىلەن باغلايتتى. ئۇلار بۇنى يىگىتلىك ئالامىتى ھېسابلىشاتتى. بۇ ئادەتنى قۇيرۇق تۇگمەك، «ئات چەرمەتمەك» دېيىشەتتى.

1071 - يىلى 26 - ئاۋغۇست جۈمە كۈنى، ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى، مەغرۇر رومانىس دىئوگىنىس بىلەن مالا گىرتتا جەڭ قىلىپ غەلىبە قازانغان ئوغۇزلار سۇلتانى ئالىپ ئارسلان جەڭگە كىرمەستىن بۇرۇن ئېتىنىڭ قۇيرۇقىنى تۈگكەنىدى. بۇ ئادەت پۈتۈن ئۇيغۇرلاردا كەڭ تارقالغان بولۇپ، ھازىرمۇ ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز خەلقىنىڭ ئوغلاق تارتىش، بەيگە، قىزقۇۋار ... ھەرىكەتلىرىدە ئاتنىڭ قۇيرۇقى تۈگۈلىدۇ.

يىگىتلىك ئالامەتلىرىدىن يەنە بىرى «باتراك» دەپ ئاتىلىدىغان، ئۇچىغا يىپەك لېنتا باغلىنىدىغان نەيزە ئىدى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ كۆرسىتىشىگە قارىغاندا، يىگىتلەر جەڭ كۈنلىرى ئۆزلىرىنى مۇشۇنىڭ بىلەن تونۇتاتتى. نەيزە ۋە بايراقلارنىڭ ئۇچىغا تاقىلىدىغان بۇ يىپەك پارچىلىرى «تاڭغۇق» دېيىلەتتى. بۇ «تاڭغۇق» سۆزى «تونۇتماق» سۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. بۇنى چوڭقۇرراق ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، جەڭ كۈنلىرىدە يىگىتلەر ئۆزلىرىگە ۋە ئاتلىرىغا يىپەك لېنتىلارنى چىگەتتى ياكى ياۋا كالىلارنىڭ (قوتازلارنىڭ) قۇيرۇقلىرىنى بەلگە قىلىۋالاتتى. قاراخانىيلار دەۋرىدە بۇلار «بەچكەم» دېيىلەتتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ رەقىپ قوشۇنلار قارىمۇقارشى كەلگەن ۋاقىتتا دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئۆز قوشۇنىدىن كۆپلۈكىنى كۆرۈپ، غەلىبە قىلىشقا كۆزى يەتمەي ئەندىشىگە چۈشكەن قوماندانلارغا مۇمكىن بولسا كېچىسى ھۇجۇم قىلىشنى،



بولمىسا مۇجمەل تەكلىپنى بېرىپ، دۈشمەننى ئويلاشقا مەجبۇر قىلىش كېرەكلىكىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. يەنە سۈلھ مۇمكىن بولماي، دۈشمەن ئۇرۇش قىلىمىز دەپ تۇرۇۋالسا، قوماندان ئىشنى سوزماي، زىھرلىق (زەنجىر قۇياق) كىيىمىنى كىيىپ، ئەسكەرلىرىنى توپلاپ جەڭگە كىرىشى كېرەك، بولمىسا قارشى تەرەپ ئەھۋالنى بىلىپ قالىدۇ، يېڭىشكە توغرا كېلىدۇ، دۈشمەنگە يەڭگىل ھالەتتە ھۇجۇم قىل، ئېغىر نەرسىلىرىڭ دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمىسۇن... دەيدۇ.

قاراخانىيلار دەۋرىدە، دۈشمەن بىلەن دەسلەپ ئۇچرىشىدىغان قىسىملارغا دەرىجىسى يۇقىرى، ئۆزىنى تۇتقان تەجرىبىلىك قوماندانلار قويۇلاتتى. دەرىجىسى كىچىكرەك ياش يىگىتلەر ھەرقانچە غەيرەتلىك بولسىمۇ، بىرەر قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان ھامان غەيرەتلىرى بوشاپ كېتەتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىدىغان، ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئوبدان تەتقىق قىلالايدىغان ئەلەمدارلار (ئەلەم باشلار) بولاتتى، سەپلەر بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭاتتى.

ئۇرۇش باشلىنىشتىن ئىلگىرى قوماندانلار ئەسكەرلەرگە سەپەرۋەرلىك نۇتقى سۆزلەيتتى. جەڭچىلەرنىڭ روھىي كەيپىياتىنى يۈكسەك يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرەتتى. ئۆزلىرى سەپنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. جەڭگە بىۋاستە قاتنىشىپ قوماندانلىق قىلاتتى. مەسىلەن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان 1071 - يىلى بولغان مالازگىرت جېڭىدە 200 مىڭ كىشىلىك ۋىزانتىيە قوشۇنىغا قارشى 50 مىڭ ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەر بىلەن جەڭگە چىققان سۇلتان ئالىپ ئارسلان ئۈستىدىكى كىيىمىنى سېلىۋېتىپ ئاق كىيىم كىيدى، ئېتىنىڭ قۇيرۇقىنى تۈگدى، ياي ۋە ئوقىنى قالدۇرۇپ، قىلىچ ۋە قالقانىنى ئالدى. بۇ ھەرىكىتى بىلەن ئالدىنقى سەپلەردە جەڭ قىلىدىغان

لىقىنى، شىبھەت بولسا ئاق كىيىم بىلەن كۆمۈلۈشنى ئىشارەت قىلاتتى. كېيىن قوماندانلىرى بىلەن رازىلىق ئېلىشىپ، شاھادەتكە ئېرىشسە ئوغلى مەلىكشاھقا بەيئەت قىلىشلىرىنى ۋەسىيەت قىلدى ۋە مۇنۇلارنى سۆزلىدى.

— بىز ئاز، دۈشمەن كۆپ بولسىمۇ، پۈتۈن مۇسۇلمانلار غەلىبىمىز ئۈچۈن دۇئا قىلىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، ئۆزۈمنى دۈشمەن ئۈستىگە ئاتىمەن، يا غەلىبە قىلىمەن، يا جەننەتكە كېتىمەن. خالىغانلار مېنىڭ بىلەن كەتسۇن، خالىمىغانلار قايتسۇن، بۈگۈن بۇ يەردە بىرمۇ سۇلتان يوق، مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا بىر ئەسكەرمەن. ۋەتەن ئۈچۈن ئۆلۈمگە رازىمەن...

بۇ خىتاب ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋار روھىنى تېخىمۇ جۇشقۇنلاتتى، مالازگىرت تۈزلەڭلىكى شۇ كۈنى تەنتەنىلىك جۇمە نامىزىغا سەھنە بولدى. ئۇرۇشتىن بۇرۇن پۈتۈن قوشۇن غەلىبە ئۈچۈن دۇئا قىلىشتى...

بىز توختىلىۋاتقان قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ جەڭلىرىدە ئۇزاقتىن ئوق ئېتىپ جەڭ قىلىش ئادەت ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىنىڭ قوماندانلارغا دائىر بۆلۈمىدىكى: «ئالدىغا ۋە ئارقىغا ئىشەنچلىك كىشىلەرنى قوي، بىر قىسمىنى ئوڭغا ۋە سولغا يەرلەشتۈر، كېيىن پىيادە ئوقچىلارنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزۈڭ ئالدىدا يۈگۈر، ئالدى بىلەن يىراقتىن ئوق ئېتىپ ئۇرۇشۇش لازىم، سەپلەر يېقىنلاشقاندا نەيزە بىلەن ئۇرۇشۇش كېرەك» دېگەن مەزمۇندىكى ئىبارىلىرى بۇ جەھەتنى شەرھلەيدۇ ھەم ئۇرۇش تاكتىكىسى ۋە قوراللارنىڭ قوللىنىلىشى جەھەتتىنمۇ مەلۇمات بېرىدۇ. ئۇرۇشتا ئوقچىلار ئومۇمەن پىيادە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار پىيادە ئەسكەر دېگەن مەنىدە «ياداغ» دېيىلەتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ جەڭنىڭ نەيزىلىشىش باسقۇچى ئۈچۈن: «سەپلەر يېقىنلىشىپ، ئەرلەر بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشقاندا، ھەممە ئۆز قارشىسىدىكى



بىلەن ئۇرۇش قىلىش ۋە نەيزە سانجىش كېرەك. سەپلەر ئارقىلىپ كەتكەندە، قىلىچ ۋە پالتا بىلەن جەڭ قىل، چىش - تىرناقلىرىڭنى ئىشقا سال، ياقىدىن ئال، يېپىش، تىركەش، دۈشمەنگە ھەرگىز ئامان بەرمە، ئۇنى ئۆلتۈر ياكى ئۇرۇشۇپ شۇ يەردە ئۆل» دەيدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىمۇ جەڭگە كىرىشىپ كەتكەن ئىككى قوشۇننى تەسۋىرلەيدىغان بىر رۇبائىدا: «يىگىتلەر بىر - بىرىگە ھومىيىشىپ، ئۆچ ۋە ئىنتىقامنى ئالماقنى ئىزدەيدۇ، ئۇرۇش قىزىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بىر - بىرىنىڭ ساقاللىرىغا ئېسىلىدۇ، ئىنتىقام ئوتلىرى كۆزلىرىدە ياندۇ» دېيىلگەن.

يەنە ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇرۇشلاردىن، ئۇرۇش باشلانغاندا، قوشۇنلاردىن بىر قىسمىنىڭ ئېھتىيات قىسىملىرى قىلىپ ئايرىلغانلىقى بىلىنىدۇ. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۇرۇشتا كۆزلىگەن زورۇر يەرگە ئەۋەتىلىدىغان ياردەم قىسىملىرى ۋە كۈچەيتىش قىسىملىرىنى «يەتوت» دەپ يازغىنىدىن زاپاس قىسىملار بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

قاراخانىيلار قوشۇنىدا تەتبىق قىلىنغان ئاساسىي ئۇرۇش تاكتىكىلىرى ھەققىدە ئارتۇق مەلۇماتلىرىمىز يوق. مەھمۇد قەشقەرى ئۇرۇشتا «ئۇلكارچەرگ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر جەڭ ھىيلىسىنى تىلغا ئالىدۇ. بۇنىڭدا ئەسكەرلەر قىسىم - قىسىملارغا ئايرىپ ماڭدۇرۇلۇپ، يەنە ئۆز جايىغا كەلتۈرۈلەتتى. بۇ خىل ھىيلە بىلەن كۆپرەك غەلىبە قازىنىلاتتى. بۇنداق ئۇسۇل كۆپ قوشۇن قاتناشقان جەڭلەرگە ئۇيغۇن كېلەتتى. ئومۇمەن تۈركىي خەلقلەردە تارىختىن بېرى «بۆرە ئويۇنى» دېيىلىدىغان ساختا چېكىنىپ، دۈشمەننى پىستىرما چەمبىرىكى ئىچىگە ئالغاندىن كېيىن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ يوقىتىش تاكتىكىسى قوللىنىلاتتى. بۇ ئۇسۇل «تۇران تاكتىكىسى» دەپ ئاتىلاتتى.

يەنە ئۇرۇش مەيدانلىرىنىڭ ئەتەپلىرىگە قاراپ قىسىملاردا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىش ئەركىنلىكى بولاتتى. قىسىملار ئاي شەكلىدە تىزىلاتتى. قارا خىتايلارنىڭمۇ بۇ ئۇسۇلدىن پايدىلانغانلىقىنى پەخرى مۇدەببىر ئۆز ئەسىرىدە يازغانىدى. ئىبنول ئەسىر ئۆز ئەسىرىدە: «1006 - يىلى ئىلىگ ناسىرخان بىلەن يۈسۈپ قادىرخان خۇراسانىنى ئېلىش ئۈچۈن سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى بىلەن قىلغان ئۇرۇشتا سۇلتان مەھمۇدنىڭ قوشۇنلىرى پىللىرى بىلەن قارا خانىلار قوشۇنىنىڭ مەركىزىگە ھۇجۇم قىلدى. ئالدى بىلەن ئىلىگ ناسىرخان ئىدارىسىدىكى مەركەز (قەلب) نى بۇزۇپ غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلدى...» دەپ يازىدۇ. بۇنىڭدىن قاراخانىيلار قوشۇنىنىڭ تۈزۈلۈشى «مەيمەنە» (ئوڭ تەرەپ)، «قەلب» (مەركەز)، «مەيسەرە» (سول تەرەپ) شەكلىدە تىزىلغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ جەڭدىكى نەيرەڭلەر ئۈستىدە توختالغاندا: بىر قوماندان «قىزىل تۈلكىدەك ھىيلىگەر بولۇشى كېرەك» ھەم «ھەر نەرسىدىن بۇرۇن ھىيلە - نەيرەڭگە باش ئۇرۇشى كېرەك» دەيدۇ. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ دۈشمەننىڭ ئالدىدىن چىقماي، ئوڭ تەرەپتىن قىلغان ھۇجۇمىنى «بۆگۈرلەمەك» دېگىنىگە قارىغاندا، بۇمۇ بىر ھىيلە بولسا كېرەك.

قارا خانىلاردا دۈشمەن سەپلىرىنى بۇزۇش «چەرىگ سۆلمەك»، دۈشمەننى تارمار قىلىش «ياغى تارماق» ياكى «ياغى سىماق» دېيىلەتتى. بۇ ئاتالغۇلار ئۇيغۇرلاردىن باشقا تۈركى خەلقلەردە، بولۇپمۇ سەلجۇقىلاردا قوللىنىلاتتى. ئۇلار «سۆكمەك»، «ياغى سىمان» — دەپ ئىشلىتەتتى.

مەغلۇپ بولغان قوشۇن «سۇ سانچىلدى» ياكى «سۇ سىندى» دېيىلەتتى، غالىب قوشۇننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى



قاچقان مەغلۇبلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلايتتى. بۇنى «ياغى سوقداماق» دەيتتى، ئېلىنغان ئەسىرلەرنى «ئەر ياغا ئېلىندى» دەيتتى، ئەسىرلەر ئومۇمەن «بولۇك» ياكى «توتغۇن» دېيىلەتتى. ئەسىرلەر قۇتۇلۇش پۇلى تۆلەپ ئازادلىققا ئېرىشەتتى. بۇ «يولۇگ» دېيىلەتتى.

ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە دەرھال مۇكاپات بېرىلىپ كۆلدۈرۈلەتتى، ئەسىر ئالغانلار تەقدىرلىنەتتى. مەجرۇھلارنى بېقىپ داۋالىتاتتى. ئەسىرگە چۈشكەنلەر بولسا قۇتقۇزۇلاتتى. ئۆلگەنلەر ھۆرمەت بىلەن دەپنە قىلىنىپ، بالا - چاقىلىرىغا پېنسىيە بېرىلەتتى، شۇڭا ئەسكەرلەر جەڭدە پىداكارلىق بىلەن جەڭ قىلاتتى.

بۇ دەۋردە زور كۆلەملىك مەيدان ئۇرۇشلىرىدىن باشقا، كۆپىنچە شەھەرلەرنى ئېلىش ئۈچۈن مۇھاسىرە ئۇرۇشلىرى بولاتتى. مەسىلەن: غەربىي قاراخانىيلاردىن شەمسۇلمۇلئۇلك ناسىرخان تەخت دەۋاسى قىلىپ چىققان قېرىندىشى شۇ ئەيىبكە قارشى بۇخارانى قورشىغانلىقىنى بىلىمىز.

قاراخانىيلار مۇھاسىرە قىلغان يەرنى «ئەگىرمەك»، شەھەرنى مۇھاسىرە قىلىشنى «كەنت ئەگىرمەك» دەيتتى. شەھەرنى قامال قىلغان ۋاقىتلاردا، قوماندانلارنىڭ ۋە بەگلەرنىڭ ناتونۇش كىشىلەرنى شەھەرگە كىرگۈزمەسلىكى ئۈچۈن ھەم دۈشمەننى كۆزىتىش ئۈچۈن مۇھىم يوللارغا، سېپىل بۇرجەكلىرىگە كۆزەتچىلەر قويۇلاتتى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ كىتابىدا تىلغا ئېلىنىشىچە بۇ تەدبىر «يول كەرمەك» (يول ئەتمەك) دېيىلەتتى. سېپىل بۇرجىكى «ئوكەك»، سېپىل قورغانلىرى «ئۆگەكلىك تام» دېيىلەتتى.

ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان ھۆكۈمدار ياكى بەگلەر ئۇرۇشتىن قايتىشىدا خاس ئەسكەرلەردىن باشقىسىنى يۇرتلىرىغا قايتۇراتتى. بۇنىڭغا «بەگ سۈسىن ياسىدى» ياكى «بەگ

ئۈستىن تاردى» (بەگ ئەسكەرلىرىنى تارقاتتى) دېيىلەتتى، يالغۇز قەلئە – قورغانلارنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئەسكەرلەر، قوماندانلىرىنىڭ ئەمرىدە قالاتتى. بۇلارمۇ «ياتاقلار» قاتارىغا كىرەتتى

### 4. خەۋەرلەشمەك

قارا خانىيلار دەۋرىدە ھۆكۈمدارلارنىڭ پەرمان ۋە مەكتۇبلىرىنى چەت جايلارغا تېز يەتكۈزۈپ بېرىدىغان «ئەشكىنچى» لەر ۋە يوللارغا مۇناسىۋەتلىك پوچتا تەشكىلاتلىرى ھەربىي مەقسەتلەر ئۈچۈنمۇ قوللىنىلاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ھەربىي ئورۇنلار قەبىلە بىلەن ئايماقلارنىڭ دۈشمەننىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇملىرىدىن تېز خەۋەردار بولۇپ، قارشى تەدبىر كۆرۈشلىرى ئۈچۈن باشقا بىر خەۋەرلىشىش ئۇسۇلىنىمۇ تەتبىق قىلىدىغانلىقى مەلۇمدۇر. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ بايان قىلىشىچە، ئالاقە ۋە خەۋەرلىشىش مەقسىتىدە، تاغ چوققىلىرىغا ۋە باشقا ئېگىز يەرلەرگە «قارگۇچى» ياكى «قارگۇ» دەپ ئاتىلىدىغان تۇرغا ئوخشاش ئېگىز قۇرۇلمىلار ياسىلاتتى. دۈشمەن كەلگەنلىكىنى بۇ تۇرلاردا يېقىلغان سىگنال ئوتلىرى بىلەن خەۋەر قىلىشاتتى.

## 4 – بۆلۈم ھەربىي تەشكىلاتلار ۋە ھەربىي ئۇنۋان – دەرىجىلەر

### 1. ھەربىي بىرلىكلەر ۋە قوماندانلارنىڭ ئۇنۋان – دەرىجىلىرى

(1) ئوتاغ.

قاراخانىيلار قوشۇنىدا، ھونلار دەۋرىدىن بېرى ئۇيغۇرلاردا ئومۇمىيلىشىپ كەلگەن ئونلۇق سىستېمىنىڭ ئاددىي مۆلچەرلىگەندىمۇ تۆۋەن پەللىدىكى بىرلىكلەردە تەتبىق قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە يازما خاتىرىلەر بار. بۇ خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئەڭ تۆۋەن ئەسكىرىي بىرلىك «ئوتاغ» بولۇپ، باشلىقى «ئوتاغ باشى» دېيىلەتتى. بۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئۇنۋان غەزنەۋىيلەر، سەلجۇقىيلار، ئېلخانىيلار، قارا قويلۇقلار ۋە مەملۇكلەر تەشكىلاتىدىمۇ بار بولۇپ، كېيىنكى ئۈچ ئەلدە باشقىچىرەك تەلەپپۇزدا ئېيتىلاتتى. ئىسمىغا قارىغاندا، بۇ دەرىجىدىكى ئوفىتسېرنى تولۇق بىر چېدىر (ئوتاغ) ئەسكەرگە يەنى 8 — 10 كىشىگە قوماندانلىق قىلاتتى دېيىش مۇمكىن. بۇنداق بولغاندا، ئۇ بۈگۈنكى «بەنجاڭ» غا ئوخشايتتى. قاراخانىيلار قوشۇنىدا دەسلەپكى دەرىجىدە ھېسابلانغان «ئوتاغ باشى» مەملۇكلەردىكى «ئونلار ئەمىرى» گە ئوخشايتتى. بىرىدە «ئونبېشى» دېيىلسە، يەنە بىرىدە «ئونلار ئەمىرى» دېيىلەتتى.

(2) ھايىل

ئوتاغدىن كېيىن ھايىل بولۇپ، كوماندىرى «ھايىل باشى» دېيىلەتتى. ھايىلنىڭ قانچە كىشىلىك بىرلىك ئىكەنلىكىدە مەنبەلىرىمىزدە ئېنىق بىر مەلۇمات بولمىسىمۇ، زامانىداش بولغان سەلجۇقىيلارنىڭ ئەسكىرىي تەشكىلاتىغا قارىغاندا، ھايىل تەشكىلىدە 40 — 50 كىشىنىڭ بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىندۇر. قاراخانىيلار قوشۇنىدىكى ئەسكىرىي تەشكىلاتنىڭ سەلجۇقىيلارنىڭ ئەسكىرىي تەشكىلاتىدىن پەرقلىق ئىكەنلىكى ئېنىق. چۈنكى سەلجۇقىيلاردا «ئوتاغ باشى»، «ھايىل باشى» ۋە «ھاجىب» دەپ ئاتىلىدىغان تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلاردىن ھاجىبنىڭ 50 كىشىلىك بىر ئەسكىرىي بىرلىككە كوماندىرلىق قىلغانلىقى مەلۇمدۇر. بۇلارغا قاراپ قاراخانىيلاردىكى ھايىل باشى 40 — 50 كىشىگە كوماندىر-

لىق قىلالتتى، دېيىشكە بولىدۇ.

(3) ئون ئوتاغ

قاراخانىلارنىڭ ئەسكىرىي تەشكىلات تۈزۈلۈشىدە «ئوتاغ»، «ھايىل» دىن كېيىن «ئون ئوتاغ» تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «ئەگەر ئەرسە ھايىل ياساڭا ئون ئوتاغ، ئەلىگە تارگومالىن قىلىچ توتگۇياغ» (ساڭا ھايىن ياكى ئون ئوتاغ دەرىجىسى تەگسە، ئېلىڭنى تارقىتىپ، قىلىچ ۋە ئوقيانى قولۇڭغا ئېلىشىڭ كېرەك) دەيدۇ. قاراخانىيلاردا تۆۋەندىن ساناپ ئۈچىنچى دەرىجىدە ھېسابلانغان ئون ئوتاغ تەشكىلاتىدا 80 — 100 ئەسكەر بولغانلىقى، كوماندىرنىڭ «ئون ئوتاغ باشى» دېيىلگەنلىكىمۇ مەلۇمدۇر. بۇلارنى زامانداش مەملۇكلەر قوشۇنىدىكى «يۈزلەر ئەمىرى»گە ئوخشىتىش مۇمكىن. بۇ ئون ئوتاغمۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسكىرىي تەشكىلاتىنىڭ ئاساسىي بولغان ئونلۇق سىستېمىنىڭ قاراخانىيلار قوشۇنىدا داۋاملاشتۇرۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

(4) سۇ باشى

«ئون ئوتاغ» كوماندىرلىرىدىن كېيىن «سۇ باشى» كېلىدۇ. بۇ ئۇنۋان ئەمىر مەنىسىدە بولۇپ، قاراخانىيلارنىڭ ئەسكىرىي تۈزۈمىدە «پۈتۈن قوشۇننىڭ قوماندانى» مەنىسىدە كېلىدۇ. XI ۋە XII ئەسىرلەردە ياركەنت رايونىدىن تېپىلغان بىر پارچە يەر خېتىدە بىرقانچە سۇ باشى تىلغا ئېلىنغان. دېمەك، پۈتكۈل قوشۇنغا ھۆكۈمدار قوماندانلىق قىلىۋاتقان بىر دەۋردە باشقىلارنىڭ باش قوماندان بولۇشىمۇ ئەقىلغا سىغمايدۇ. ئەمما ئېلىپ بېرىلغان ھەربىي ھەرىكەتنىڭ ماھىيىتىگە قاراپ ھەرقانداق بىر يەرگە ئەۋەتىلگەن قوشۇنغا ھۆكۈمداردىن باشقا خاندان ئەزاسى بولغان بىر شاھزادىنىڭ ياكى سۇ باشىنىڭ قوماندانلىق قىلغانلىقى مەلۇمدۇر. بۇنى



داق ئەھۋالدا سۇ باشىنى دۆلەتنىڭ باش قوماندانى دېگىلى بولمايدىغانلىقى ئوچۇقتۇر.

سۇ باشىلارنىڭ قوماندىسى ئاستىدىكى ئەسكىرىي قوۋۋەتنىڭ سانى ھەققىدە ئېنىق بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىدە: «قوشۇنلارنى مەغلۇپ قىلغان قەھرىمان 4000 ئەسكەر دەل بىر قوشۇن ئىدى» ۋە «...1200 كىشىلىك قوشۇن چوڭ قوشۇندۇر» دەپ، سۇ باشىلارنىڭ قوماندىسىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ مىنىمۇم ۋە ماكسىمۇم چېگرىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. غەربىي قاراخانىلاردىن ئارسلانخاننىڭ مەملۇكلەردىن تەشكىل قىلىنغان 1200 كىشىلىك بىر قوشۇنى بارلىقىنى يۇقىرىدا تىلغا ئالغانىدۇق. شۇنىڭدىن قارىغاندا، قاراخانىيلارغا زامانداش سەلچۇقىلارنىڭ سۇ باشىلىرى بولغان ئەمىرلەر قوماندانلىق قىلغان ئەسكىرىي بىرلىكلەردە ئەڭ ئاز دېگەندە 4000، ئەڭ كۆپ دېگەندە 10 مىڭ كىشى بولغانلىقى بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىمىزگە ياردەم بېرەلەيدۇ.

كۆرۈلدىكى 80 — 100 كىشى بىر ئەسكىرىي بىرلىك بولغان ئون ئوتاغدىن كېيىن، 4 — 10 — 12 مىڭ كىشىلىك ئەسكىرىي بىرلىكلەر يەنى 1000 ياكى بىرقانچە 1000 كىشىلىك ئەسكىرىي بىرلىكلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلگەن. لېكىن ئون ئوتاغ قوماندانى بولغان ئوفىتسېرنى مەملۇكلەردىكى يۈزلەر ئەمىرىگە ئوخشاش، يەنى 1000 كىشىلىك بىر قوشۇننىڭ قوماندانى دەپ چۈشەنسەك، بىرلىكلەر تىزىمىدىكى بۇ بوشلۇق تولدۇرۇلغان بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ زامانىدىكى قوشۇنلاردا ھازىرقى زامان قوشۇنلىرىغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان تۆۋەنكى بىرلىكلەر ئورنىغا ئاددىي بىر تەشكىلاتنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى ئېنىقتۇر. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئون ئوتاغلاردىن ھايىللار، ھايىل ۋە ئون ئوتاغلاردىن قوشۇنلارنىڭ تەشكىل بولغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

## 2. سۇ باشىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ۋەزىپىلىرى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىدىغان سۇ باشىنىڭ قانداق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇشى، ۋەزىپىلىرىنىڭ نېمىلەر ئىكەنلىكى ھەققىدە بەزى مەلۇماتلارنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ توغرىدىكى پىكىرلىرى، شۈبھىسىزكى، دەۋرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى چۈشەنچىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە پايدىلىق.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىش، ھەربىي تەلىم بېرىش، دۈشمەننى يېڭىش ناھايىتى چوڭ ئىش ھېسابلىناتتى. شۇڭا مۇنداق مۇھىم ئىشنى ئۈستىگە ئالىدىغان كىشىنىڭ مۇستەھكەم ئىرادىلىك، تەجرىبىلىك، يۈرەكلىك كىشىلەردىن تاللىنىشى، يەنە ياخشى بىر قوماندان مەرت، جەسۇر، ماھىر مەرگەن، رەھىمدىل، مېھماندوست بولۇشى كېرەك ئىدى. بولۇپمۇ مەردلىك ئۆز ئەتراپىغا مۇنەۋۋەر كىشىلەرنى توپلاش ئۈچۈن زۆرۈر. شۇنىڭ ئۈچۈن، سۇ باشىنىڭ پۈتۈن مېلىنى ئەسكەرلەرگە تارقىتىپ بېرىشى، شۇ يول بىلەن ئەتراپىغا نۇرغۇن دوستلارنى، ئەردەشلەر (قوراللىق يولداش) نى توپلىشى زۆرۈر. ئۆزى بىر ئات، بىر نەچچە قۇر كىيىم، بىر نەچچە دانە قورالغا قانائەت قىلىشى، بالا - چاقىلىرى ئۈچۈن مال - دۇنيا توپلىماسلىقى، يەر - زېمىن، باغ - ۋاران قىلىپ پۇل توپلىماسلىقى، پۈتۈن ئارزۇسىنى قىلىچ بىلەن تېپىشى، ئېلىشى ۋە ئالغانلىرىنى يەنە بېرىپ، بەگلىكى بىلەن شۆھرەت قازىنىشى لازىم. يەنە ئۆزىنى سۆيدۈرۈش ئۈچۈن مەردلىك بىلەن ئەتراپىغا ئادەم توپلاپ، يولداشلارغا يېگۈزۈپ - ئىچكۈزۈپ، كىيدۈرۈشى. ئۇلارغا ئات، ئېگەر - جابدۇق، ئوغلان (قۇل)، دېدەك ھەدىيە قىلىشلىرى



كېرەك. چۈنكى، مال ئېلىشنىلا ئادەت قىلىۋالغان خەسىس كىشىلەردىن ئادەملەر قاچىدۇ.

يەنە قوماندانىدىن تەلەپ قىلىنىدىغان بىر خۇسۇسىيەت ئۇ، غۇرۇر ئىگىسى بولۇشى لازىم. چۈنكى، غۇرۇرلۇق قوماندان شەرەپ ئۈچۈن دۈشمەنگە قارشى تۇرىدۇ، ئىنتىقامنى ئالماي قالمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ياخشى بىر قوماندان ئېھتىياتلىق ۋە ھوشيار بولۇپ، مەغرۇرلانماسلىقى كېرەك. ياخشى تەبىئەتلىك، كەمتەر بولۇش ئۆزىنى خەلققە سۆيدۈرۈش نۇقتىسىدىن زۆرۈردۇر. چۈنكى، قوشۇن قوماندانى كەمتەر بولماي، مەغرۇر بولسا، شۈبھىسىزكى، بۇ غۇرۇر تۈپەيلى ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ قويىدۇ - دە، دۈشمەندىن قامچا يەيدۇ. قوماندانىنىڭ ناملىق ۋە شۆھرەتلىك بولۇشى ئۈچۈنمۇ ئالدى بىلەن جەسۇر، مەرد بولۇش بىلەن ھەيۋەتلىك، چاچ - ساقىلى كېلىشكەن بولۇشى لازىم. شۇنىڭدەك قوماندان ھەربىي مەقسەتلەرگە يېتىش ئۈچۈن سىياسەت بىلەنمۇ كەڭ تۈردە شۇغۇللىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇلارنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، دۈشمەنگە قارشى يۈرۈشكە چىقىپ، قوشۇننى ئاتلىق ئىدارە قىلالايدىغان بىر سۇ باشىدىن مۇنۇ بەش - ئالتە خۇسۇسىيەتنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ.

— ئۇرۇشتا ئارسلان يۈرەكلىك، جەڭدە قاپلان بىلەكلىك بولۇشى كېرەك.

— تۆگىگۈزدەك كاج، بۆرىدەك كۈچلۈك، ئېيىقتەك قورقۇنچلۇق، ياۋا قوتازدەك ئىنتىقامچى بولۇشى كېرەك؛

— ئەينى ۋاقىتتا قىزىل تۈلكىدەك ھىيلىگەر بولۇشى، نار تۆگىدەك ئۆچ ئالغۇچى، ھىيلە - نەيرەڭ يوللىرىنى بىلىشى لازىم. چارىسىنى تاپقان كىشىگە ئارسلانمۇ باش ئېگىدۇ؛

ئۆزىنى سېغىزخاندىمۇ ھوشيار تۇتۇشى، قىيا - قۇزغۇندەك دائىم يىراقنى كۆزىتىشى كېرەك.

— ئارسلاندەك ئەخلاقنى يۈكسەك تۇتۇشى، ھۇقۇشتەك كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈشلىرى لازىم. سۆزلىگەنلىرى توغرا بولۇشى، سۆزلىرىگە كاپالەت قىلىشى لازىم. ئىنسان بۇ سۇپەتلىرى بىلەن جەڭچى ۋە ئىشنىڭ ئەھلى بولىدۇ. جەڭچى ھەرۋاقىت قوراللىق كىشىلەر بولۇپ، ئۆز دۈشمىنىنى ئۇرىدۇ ھەم غەلىبە قىلىدۇ.

## 5 - بۆلۈم ھەربىي قوراللار

مەھمۇد قەشقەرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەپسىلاتلىرىغا قارىغاندا، قاراخانىيلار قوشۇنىنىڭ ئاساسىي ھۇجۇم قوراللىرى ئوقيا، قىلىچ، پالتا، نەيزە ۋە خەنجەر بولۇپ، مۇداپىئە قوراللىرى قالقان، زىرە ۋە دۇبۇلغا ئىدى. نىزامى ئارزۇ بىلەن سەدرۇكىن ئەل - ھۇسەيىنىنىڭ خاتىرىلىرىگە قارىغاندا، گورۇزمۇ قاراخانىيلارنىڭ ھۇجۇم قوراللىرى ئىدى. يەنە مۇھاسىرىلەردە مەنجانىق، ئاررادەر(؟) ۋە باشقا قوراللارنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، بۇ ھەقتە مەلۇماتىمىز كەم.

قاراخانىيلار دەۋرىدە «تولۇم» سۆزى قوراللارنىڭ ئومۇمىي ئىسمى سۈپىتىدە قوللىنىلاتتى. قوللىنىشقا «تولۇم مانماق». قوراللىق كىشى بولسا «تولۇملۇغ ئەر» دېيىلەتتى. مەھمۇد قەشقەرى دۇبۇلغىسىز، زىرىھسىز ئەسكەرنى «باشناق ئەر» دەپ ئاتىغان. تۆۋەندە قوراللار ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

### 1. ئوقيا

بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەتتىكى ئەنئەنىۋى قورالى بولۇپ، ئوقيا تارىخىمىزنىڭ بېشىدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئەينى نامى



بىلەن ئىشلىتىلىپ كېلىنمەكتە. بىز توختىلىۋاتقان قاراخانىيلار دەۋرىدە، ئوقيا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغان كاسىپلار بار ئىدى، ئوقچى، ماھىر نىشانلار «ئاتىم» ياكى «ئاتىم ئەر» دېيىلەتتى، ئوق ياساشقا تەييارلانغان ياغاچلار «قوغوچ» دەپ ئاتىلاتتى. ئوق ياساشتا ئالدى بىلەن بىر باشاق كېرەك بولاتتى. باشاق ئالدى تىلىنىپ ئوق ئۇچى ئۇنىڭ تۆشۈكىگە بېكىتىلەتتى. باشاقنىڭ ئوق ئۇچى بېكىتىلىدىغان تۆشۈكلۈك قىسمى «بۆرى» ياكى «باشاق بۆرىسى»، ئوقنىڭ ياغاچ قىسمى بىلەن باشاقنى بىر - بىرىگە ياخشى بېكىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئىنچىكە تىلىنغان تاسمىسى «تىلى» دېيىلەتتى. ئوقلارنىڭ بەزىلىرى زەھەرلەندۈرۈلگەن بولۇپ، زەھەرلەندۈرۈلگەن بۇ ئوقلار «قاتۇغلۇق ئوق» دەپ ئاتىلاتتى. ئوقنىڭ ئارقىسىغا يېپىشتۇرۇلىدىغان ۋە نىشانغا تەگكۈزۈشنى تەمىنلەيدىغان پەيلەر ئومۇمەن «يوگ»، پەيلەرنى ئوققا يېپىشتۇرۇش «يېلىملىمەك»، ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال «يېلىم»، ئوقلارغا يېپىشتۇرۇلغان ئۇزۇنراق پەيلىك ئوقلار «قاپا يوگكوگ ئوق» دېيىلەتتى. ئوققا «يوگ» ۋە «باشاق» تىن باشقا «سوقىم» دەپ ئاتىلىدىغان نەرسە بېكىتىلەتتى. موكىسىمان كېسىلگەن ياغاچنىڭ ئىچى ئويۇلۇپ، ئۈچ تەرىپى تىلىنىپ ئوق ئۈستىگە بېكىتىلەتتى، مۇقىم بېكىتىلگەن ئوق ئېتىلغاندا ئاۋاز چىقىراتتى. سۈپەتلىك ئوق ياساش ئۈچۈن يوگ ۋە باشاق بېكىتمىگەن قوغۇشلارغا ياغ سۈركىلەتتى. بۇ «قوۋۇشاماق» دېيىلەتتى.

ئومۇمەن تۈركىي قوۋملار، جۈملىدىن قاراحانىيلاردا ئوق ئېتىش تەلىمىنى باشلىغانلار ئۈچۈن بەزى ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە باشاقسىز ئوق ئاتتۇرغانلىقى مەلۇم. ئوق ئىچىدىكى باشاقنىڭ ئورنىغا يۇمىلاق تاختاي پارچىسى بېكىتىلگەن بولۇپ، بۇ ئوقلارغا «قالۋا»، «ئۇلۇن» غا ئوخشاش

نام بېرىلگەنلىكى مەلۇم. نورمال ئوقلاردىن باشقا يەنە تىك ۋە يىراقلارغا ئايرىم ئۇسۇللار بىلەن ئاتقىلى بولىدىغان ئوقلار بارلىقىنى بىلىمىز. بۇ ئۇسۇل بىلەن ئېتىشتا ئاتقۇچى ئوڭدىسىغا يېتىپ ئوق ئاتاتتى. بۇنداق ئېتىش «چورام»، ئېتىلغان ئوق «چورام ئوقى» دېيىلەتتى. ئوق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلاردىن يەنە ئوقنىڭ ئارقىسىغا پەي يېپىشتۇرۇش ئىشى «ياپچۇرماق» ياكى «ياپشۇرماق» دېيىلگەنلىكىنىمۇ بىلگىلى بولىدۇ. ئوق بىلەن نىشانغا ئېلىشنى «كۆزلىمەك» ياكى «كۆزگەرمەك»، ئوقچىنىڭ ئەگرى ئوقىنى توپلىشى «ئوق كۆنگەرمەك». ئوق باشاقىنىڭ تاشقا ياكى باشقا قاتتىق نەرسىلەرگە تېگىپ گاللىشىپ قېلىشى «تىگماق»، نەدىن، كىمنىڭ ئاتقانلىقى مەلۇم بولمىغان ئوق «ئازوق ئوق» دېيىلگەنلىكىنىمۇ كۆرۈۋالالايمىز. مانا بۇلار XI ئەسىر قاراخانىيلار دەۋرىدە كىشىلەرنىڭ ئوق بىلەن قانچىلىك دەرىجىدە شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرسىتەلەيدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مۇنداق بىر رىۋايەتنى نەقىل كەلتۈرىدۇ: «...ماڭا مۇھەممەت چاغرى تونقاخان ئوغلى ئىزامىددىن ئىسراپىل توغان تېكىن ئۆز ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، مۇنداق دېگەنىدى: زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى 4000 ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن، ئوقىنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە داينان خن خزنن inanhuzhurand — بۇلار باشقىلارغا مۇھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. قاچان خالىسا شۇ چاغدا ئېتىپ



يېيەلەيدۇ، دەپتۇ...»①

يايغا كەلسەك، ئوققا بەك ئەھمىيەت بەرگەن تۈركىي قەۋملەرنىڭ ئوقنى ئېتىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن يايغىمۇ ئوخشاشلا ئەھمىيەت بەرگەنلىكلىرىدە شۈبھە يوق. بۇ دەۋردە ئومۇمەن «يا» شەكلىدە تەلەپپۇز قىلىنغان يايىنىڭ تىرناق شەكلىدىكى ياغاچ بىلەن ئوقنى ئېتىشقا يارايدىغان كىرىچتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى مەلۇمدۇر. يايىنى كىرىچلەش «ياسىغىرلىماق»، يايىنىڭ ئوتتۇرىسى «تاغىر» ياكى «باغرى»، باغىر قىسمىنى تۈزەش «باغىرلاماق» دېيىلەتتى.

يايىنىڭ تۈرلىرىگە كەلسەك، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان يايدىن باشقا «قارۋىيا» دېيىلىدىغان ئىنچىكە ياي بىلەن «يەتەن» دېيىلىدىغان تاختا يايىنىڭ ئىسمىنى بىلىمىز. لېكىن تاختا يايىنىڭ قانداق مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغانلىقى ھەققىدە مەنبەلىرىمىزدە مەلۇمات يوق. ئېھتىمال ئېتىش تەلىمىدە قوللىنىلىدىغان ياي بولۇشى مۇمكىن. يايلار كۆپىنچە قېيىن ياغىچىدىن ياسىلاتتى.

جەددىي ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا، ئوقلارنىڭ چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، قاراخانىيلار قوشۇنىدا مەخسۇس ئۇزۇن ئوقدانلاردا ياي غىلاپلىرى بولاتتى. ئوقداننى «كىش»، ياي غىلىپىنى «ياسىخ» دەيتتى. بۇنىڭدىن باشقا بىر خىل ياي غىلىپى «قوزۇتكۇغ»، ياي بىلەن ئوقنى بىرلىكتە سېلىپ قورغاق ساقلايدىغان قاپ «كىشى قوروككوغ» دېيىلەتتى.

### 2. نەيزە (سونگو)

قاراخانىيلار دەۋرىدە نەيزە ـ سونگو، سونگونىڭ ئىچىدىكى تۆمۈرى ئوقنىڭ ئۇچىدىكىگە ئوخشاشلا «باشاق»

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 - يىل نەشرى، 151 - بەت.

دېيىلەتتى. نەيزىنى باشاقلاشنى «سونگو باشاقلىماق»، باشاقلانغان نەيزىنى «باشاقلانغان سونگو» دەيتتى. باشاقلاش ئىشى ئوقيانىڭكىگە ئوخشاشلا ئىدى. نەيزىگە ھەمدە ئوقلارغا بېكىتىلىدىغان بىر تۈرلۈك يېيىسى باشاق «ياسىج»، ئۈرۈشتا ئىككى كىشىنىڭ بىر - بىرىگە قارشى تەيزىلىشىشى بولسا «سونگۇشمەك» دېيىلەتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەيزىدىن باشقا «سىتا» دەپ ئىشلەتكەن سۆزىنى رەشىد رەخمەت ئارات نەيزە دەپ تەرجىمە قىلغان بولسىمۇ، بۇ توغرۇلۇق قولىمىزدا مەلۇمات يوق، نەيزە بويىنىڭ بىر ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى بولۇپ قوللىنىلغانلىقىنى بىر «سونگو تورقى» بىر نەيزە بويى دېيىلىدىغانلىقىنى بىلسەكمۇ، زادى بۇ ئۇزۇنلۇقنىڭ قانچىلىك مىقداردا ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز. مەسىلەن: تۇرمۇشتا «كۈن نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەندە دېيىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىر نەيزە بويى قانچىلىك كېلىدۇ، بۇنى بىر نەرسە دېيىش تەس. ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقا، يەڭگىل نەيزە ئىشلەتكەنلىكىنى م.ئا.كويمەن ئۆزىنىڭ «ئەسكىرىي تەشكىلات» ناملىق ئەسىرىنىڭ 44 - بېتىدە بايان قىلىدۇ.

### 3. قىلىچ

ئۇمۇمەن، تۈركى خەلقلەر پولات تاۋلاپ قىلىچ ياساشنى «قىلىچ توقىماق» (قىلىچ سوقماق) دېيىتتى. قاراخانىيلار دەۋرىدە ياسىلىپ ئىشلىتىلگەن قىلىچلارنىڭ شەكلى، ئۇزۇنلۇقى، ۋەزنى ۋە باشقىلار ھەققىدە كۆپ مەلۇماتىمىز يوق. قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىدىن شەمسۇل ناسىرخاننىڭ سەلجۇقىلار سۇلتانى مەلىكشاھقا تەھدىت سېلىش ئۈچۈن 50 پاتمان① ئېغىرلىقتىكى بىر چوماق، ئون پاتمان ئېغىرلىقتىكى قىلىچ ئەۋەتىپ: «بىز

① پاتمان — 1283 گرام.



بۇ قىلىچ بىلەن ئۇرۇش قىلمايمىز، ئوينايمىز» دېگەنلىكىنى سەئەدۇدىن ئەل ھۇسەيىن خاتىرىلىگەن، بۇنى ئۆلچەم تەرىقىسىدە قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ سىمۋول خاراكتېرىدە ئېيتىلغانلىقى شۈبھىسىز، ئەلۋەتتە. قىلىچنىڭ تۈرلۈك قىسىملىرىغا بېرىلگەن ئاتلارغا كەلسەك، قىلىچ سېپى بىلەن قىلىچنى ساپلاش «قىلىچ ساپلىماق»، قىلىچنىڭ ئۈستىدىكى يولسىمان ئويۇق «قول» ياكى «قىلىچ قولى» دېيىلەتتى. مەھمۇد قەشقەرى: «قىلىچنىڭ قولى» (ئويۇق) كۆپىنچە ئالتۇندىن ئىشلىنەتتى. قىلىچنىڭ پارقىراق تۇتۇلۇشىغا دىققەت قىلىناتتى، قىلىچنىڭ داتلىشىپ قېلىشى «توتوقماق» دېيىلەتتى - دەيدۇ. قىلىچنىڭ دېتىنى چىقىرىپ پارقىرىتىش «قىلىچ قوندىماق» دېيىلەتتى.

قىلىچ، خەنجەر، پىچاقلارنىڭ سېپى «سورقاچ» دەپ ئاتىلىدىغان لاك دەرىخىنىڭ يېلىمى بىلەن بېكىتىلەتتى. قىلىچ، پىچاق، خەنجەرلەر قىنلار (غىلاپ) ئىچىدە ساقلىناتتى. قىن شۇ دەۋرىدىمۇ «قىن» دەپ ئاتىلاتتى. قىلىچنى قىنىدىن سۇغۇرۇش «سۇچلۇنماق»، قىنىدىن سۇغۇرۇلغان قىلىچ «يالىڭىغ قىلىچ» دېيىلەتتى. قىلىچ ئېسىش بولسا باشقا قوراللارنى ئاسقانغا ئوخشاش «مانماق» سۆزىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ «قىلىچ مانماق» دېيىلەتتى. قىلىچ قىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش غىلاپسىمان نەرسىلەرنى ئىشلەپچىقىرىشقا ياغاچ ۋە بۇيۇملارنى ئويۇش ئۈچۈن ئۈچى ئەگرى «ئەگدۈر» دېيىلىدىغان مەخسۇس پىچاق ئىشلىتىلەتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ ئەسىرىنىڭ كۆپ يەرلىرىدە قىلىچتىن بەھس قىلىدۇ. دېمەك، قاراخانىيلار دەۋرىدە قىلىچنىڭ كەڭ تارقالغان ئۇرۇش قورالى ئىكەنلىكى شۈبھىسىز.

## 4. پالتا

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۇرۇش ھەققىدە سۆزلىگىنىدە، كۆپ جايلاردا پالتىنى تىلغا ئالىدۇ. بۇنىڭدىن قاراخانىيلار قوشۇنىدا پالتىنىڭ كەڭ قوللىنىلىدىغان قورال ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇ دەۋرنىڭ جەڭلىرىدە، پالتا قوللىنىش قاراخانىيلار قوشۇنىنىڭ بىر خۇسۇسىيىتى دېيىشكە بولىدۇ، چۈنكى، زاماندىش بولغان سەلجۇقىلار قوشۇنىدا بۇ قورالدىن پايدىلانغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتىمىز يوق. ھالبۇكى، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇرۇش ۋاقتىدا سەپلەر بىر - بىرىگە يېقىنلىشىپ ئارىلاشما جەڭ بولغاندا قىلىچ ۋە پالتا بىلەن ئۇرۇشۇشنى تەۋسىيە قىلىشى ھەمدە «قىلىچ بىلەن پالتا مەملىكەتنىڭ مۇھاپىزەتچىسى»، «قىلىچ ۋە پالتا بىلەن دۈشمەننى يەڭگىن...»، «قىلىچ ۋە پالتىنى ئۆزۈڭگە مۇھاپىزەتچى قىل!»، «بەزىلەر ئۇرۇشتا قىلىچلىنار، پالتا بىلەن چېپىلار» ۋە «قىلىچ، پالتا، ئوقيا، كۈچ ۋە جاسارەت بار بولسىلا، يىگىت كىشى مال ئۈچۈن ئەندىشە قىلماسلىقى كېرەك» دېگەنگە ئوخشاش ئىبارىلەرنى قوللىنىشى جانلىق پاكىتتۇر. بۇ ئەنە شۇ دەۋردە پالتىنىڭ قانچىلىك كەڭ قوللىنىلىدىغان بىر قورال ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن، شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، پالتىنىڭ شەكلى، ۋەزنى ۋە باشقىلار ھەققىدە مەلۇماتىمىز كەم.

## 5. خەنجەر

ئۇرۇش قوراللىرى ئىچىدە خەنجەر قاراخانىيلار دەۋرىدە «بۆگدە» دېيىلەتتى: بۆگدەنىڭ شەكلى ھەققىدە مەنبەلەردە



بىر نەرسە دېيىلمىگەن. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۆگدەنىڭ سېپى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «سۇرقاچ» دېيىلىدىغان لاك دەرىخىنىڭ يېلىمى بىلەن يېپىشتۇرۇلاتتى. شۇنىڭدەك قىلىچنىڭ تىگىگە ئوخشاشلا قول ۋە ئۇيۇق چىقىرىلاتتى، بەزىدە بۆگدە ئورنىغا بۆگدەنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان «بىچەك» (پىچاق) قوللىنىلاتتى. بۇ ئاتنىڭ بىچەك (پىچاق) بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى مەلۇمدۇر. پىچاق قىن (غىلاپ) تىكىش ئىشى «بىچەك قىنشاماق» ياكى «قىنلاماق» دېيىلەتتى.

## 6. چوماق

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد قەشقەرى ئۆز ئەسەرلىرىدە گورۇز (چوماق) ھەققىدە مەلۇمات بەرمىگەن. نىزامى ئەرۇزى بىلەن سەدرىددىن ئەل - ھۇسەيىن قاراخانىيلار قوشۇنىنىڭ ھۇجۇم قوراللىرى ئىچىدە چوماق ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى يېزىشقاندى. نىزامى ئەرۇزى غەربىي قاراخانىيلاردىن خىزىرخان توغرۇلۇق يازغان خاتىرىلىرىدە: «... ئۇ قانداق بىر يەرگە بارسۇن، ئېتىنىڭ ئالدىدا باشقا قوراللىرىدىن بۆلەك، 700 ئالتۇن ۋە كۈمۈش گورۇز (چوماق) لۇق ئەسكەر ئېلىپ يۈرەتتى» دەپ يازىدۇ. سەدرىددىن ئەل - ھۇسەيىن شەمسۇلمۇلك خاننىڭ مەلىكشاھقا تەھدىت سېلىپ، 50 پاتمان ئېغىرلىقتا بىر چوماق، ئون پاتمان ئېغىرلىقتا بىر قىلىچ ئەۋەتىپ، بىز بۇ قىلىچ بىلەن ئۇرۇشمايمىز، ئوينايمىز دېگەنلىكى، بۇنىڭغا مەلىكشاھنىڭ مەيدانغا ئاتلىق چىقىپ، چوماقنى يەتتە قېتىم بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ، 80 قەدەم نېرىغا تاشلىغانلىقى، قىلىچ بىلەن بىر قېتىمدىلا بىر تۆگىنىڭ بوينىنى ئىككىگە بۆلۈپ تاشلىغانلىقى، ئارقىدىنلا خان ئەلچىسىنىڭ بىر يايىنى ئېتىپ: «بىرىگە قامچا ۋە ياي يېتەر» دەپ جاۋاب

بەرگەنلىكىنى يازىدۇ. پروفېسسور ئىبراھىم كافەس ئوغلى سەلچۇقىلار قوشۇنىدا: «دەببۇس ــ داران، گورزۇداران ۋە ھارا تەكىنى داران» دەپ ئاتىلىدىغان چوماقچىلارنىڭ بارلىقىنى يازىدۇ. قاراخانىيلار قوشۇنىدا چوماق كەڭ قوللىنىلغان بىر خىل قورال بولۇپ، شۇ دەۋرنىڭ جەڭلىرىدە خېلى مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

## 7. دۇبۇلغا

دۇبۇلغا توغرۇلۇقمۇ كۆپ مەلۇماتىمىز يوق. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تەپسىلاتىغا قارىغاندا، قاراخانىيلار دەۋرىدە تۈركىي خەلقلەر دۇبۇلغىنى «ئىشۈك» ياكى «يىشۈك» دېيىشەتتى. قارشى تەرەپتىن قوغدىنىش ئۈچۈن باشقا كىيىدىغان بۇ تۆمۈر دۇبۇلغىنى كىيىشتىن بۇرۇن باشنى ئاغرىتمايدىغان تۈۋىتلىق دوپپا كىيىلەتتى. بۇ «كەرۈك» دېيىلەتتى.

## 8. زىرھ (زەنجىر ساۋۇت)

ئومۇمەن، زىرھنى تۈركىي خەلقلەر «يارىق» دېيىشەتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ خاتىرىسىگە قارىغاندا، ئۇ دەۋردە زىرھ «قوياغ» دېيىلەتتى. يارىقنىڭ ئىككى تۈرلۈك بولغانلىقى بىلىنمەكتە، پۈتۈن بەدەننى ئاساسىي جەھەتتىن قوغدايدىغان زىرھ يارىق، مەيدىنى قوغدايدىغان كىرولىسىك «سايىيارىق» دېيىلەتتى.

مەھمۇد قەشقەرى: «جەڭچىنىڭ زىرھ كىيىشىنى» «ئەرنىڭ يارىقلانمىسى» دەيدۇ. «يارىقلىغ ئەر» زىرھى بار (زىرھ كىيگەن) كىشى دېگەن بولىدۇ. تۆمۈرچىلىك خېلى بۇرۇن باشلانغان تۈركىي خەلقلەردە، زىرھنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە



كەڭ قوللىنىلغان مۇداپىئە قورالى ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ، لېكىن بۇنىڭدىن ھەممىلا ئەسكەر زىرھلىق ئىدى دېگەن مەنە چىقمايدۇ. چۈنكى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دۇبۇلغىسى» كۆكىيلىكى بولمىغان» ئەسكەرنى «باشناق ئەر» دېيىشىدىن بۇنى ئۇققىلى بولىدۇ.

## 9. قالقان (سىپەر)

قالقان ــ قاراخانىيلار دەۋرىدە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۇرۇشتا قوللانغان ئاساسىي مۇداپىئە قوراللىرىنىڭ بىرى ئىدى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تەپسىلاتىغا قارىغاندا، ئۇرۇشتا دۈشمەندىن قوغدىنىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان تۈرلۈك بۇيۇملار «تۈرا قالقان» دېيىلەتتى. يۈسۈپ بالا ساغۇنىنىڭ قارىشىچە «تۈرا» سۆزى كۆپرەك سۈپەر (قالقان) مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، يەنە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈرا قالقان» سۆزىگە بەرگەن ئىزاھاتىدىن قارىغاندا، بۇ دەۋردە مەدەن (مېتال) قالقاندىن باشقا، تېرە قالقانىنىڭمۇ قوللىنىلغانلىقى مەلۇم، لېكىن بۇ ھەقتە ئېنىق بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ.

XI ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا قاراخانىيلار قوشۇنىدا ئىشلىتىلگەن قوراللار ھەققىدە مۇشۇنچىلىك مەلۇماتقا ئىگىمىز، ئەمما بۇ دەۋرنىڭ مۇھاسىرە قوراللىرى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇماتىمىز يوق. لېكىن ئاخىرىدا ئېھتىيات قورالى سۈپىتىدە قوللىنىلغان قىلىچ ــ قامچىنىمۇ تىلغا ئېلىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىدە تىلغا ئالغان بۇ ئىسىم ھەققىدە ھېچقانداق يەشمە بەرمىگەن. مەھمۇد قەشقەرى بۇ ئاتالمىنى «ئىچىدە قىلىچ بار قامچا» دەپ ئىزاھلايدۇ. بۇ ئىزاھاتقا قارىغاندا، ئىككى پارچە قىلىپ ياسالغان قامچا سېپىنىڭ ئىچىگە بىر كىچىك قىلىچ ئورالغان بولۇپ زۆرۈر تېپىلغاندا ئىشلىتىلەتتى.

# تۆتىنچى باب

## ئۇرۇش ھىيلە بىلەن بولىدۇ

قەدىمكىلەردە «جەڭنىڭ توقۇزى رەڭ، بىرى جەڭ» دېگەن سۆز بار. يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە: «ياۋنى يوقاتماقتا ئىككى قورال كېرەك، بۇ ئىككى قورالدىن ياۋ زاۋال كۆرىدۇ. ئەڭ ئاۋۋال ھىيلە ئىشلىتىش كېرەكتۇر، ياۋ ئالدانغانلىقىدىن يۈزى قىزارسۇن. ئىككىنچى، سەگەكلىك — ئويغاقلىق لازىمدۇر. كىم سەزگۈر، ساق بولسا ئۈستۈن كېلىدۇ (ئۇتۇپ چىقىدۇ)» دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى. ۋەتىنىمىزنىڭ «36 ئامال» دېگەن كىتابى قەدىمكىلەرنىڭ مول ئۇرۇش تەجرىبىلىرى ئاساسىدا مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا دىئالېكتىكا جانلىق، ئوبرازلىق، مېغىزلىق چۈشەندۈرۈپ بېرىلگەن. بۇ باپتا مۇشۇ «36 ئامال» تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلىدۇ.

### 1 - بۆلۈم غالىب كېلىش ئامالى

#### 1. قايمۇقتۇرۇش ئامالى

قايمۇقتۇرۇش — يالغاننى راست قىلىپ كۆرسىتىپ، قارشى تەرەپنى قايمۇقتۇرۇشتا قوللىنىپ كېلىنگەن بىر خىل



چارە. ئۇ، ئاساسەن جەڭدە قوشۇنلارنىڭ توپلىنىش، ھۇجۇم باشلاش ۋاقتى قاتارلىقلارنى تۇيدۇرماستىن، ئۆزىنى يوشۇرۇپ، كۈتمىگەن يەردىن چىقىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن.

مىلادى 589 - يىلى سۇي سۇلالىسى چېن ئوردىسى (مىلادى 557 — 589 - يىلى) غا كەڭ - كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىماقچى بولىدۇ. ئۇرۇشتىن ئىلگىرى، سۇي سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى خې رۇي چاڭجياڭ دەرياسى بويىدىكى گارنىزون قوشۇنلىرىنى مۇداپىئەدىن يۆتكىلىشكە ئۇيۇشتۇرىدۇ. قىسىملارنى دەرھال ئەنخۇي ئۆلكىسىدىكى خېشەن دېگەن جايغا يىغىلىشنى ھەمدە نۇرغۇن بايراقلارنى قاداپ، دالىغا كۆپلىگەن چېدىرلارنى تىكىپ قويۇشنى بۇيرۇيدۇ. چېن ئوردىسى دەسلەپتە، سۇي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى ھۇجۇم قىلىپ كىرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، دەپ قاراپ، دەرھال ئىلكىدىكى بارلىق قوشۇنلارنى مۇداپىئەگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. كېيىن سۇي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ مۇداپىئەدىن يۆتكىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. شۇڭا قوشۇنلىرىنى يەنە قايتۇرۇپ كېتىدۇ. بىراق، سۇي سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئالدىنقى ھەرىكىتىنى يەنە تەكرارلايدۇ. چېن ئوردىسىنىڭ قوشۇنلىرى ئۇنىڭغا بارا - بارا ئادەتلىنىپ قېلىپ مۇداپىئە كۆرمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. چېن ئوردىسىنىڭ قوشۇنلىرى ھوشيارلىقنى بوشىتىپ قويغاندىن كېيىن، سۇي سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى خې رۇي قوشۇنلارنى باشلاپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈپ جىنجياڭ شەھىرىنى بىر يولىلا ئىشغال قىلىۋالىدۇ.

كۆزگە چېلىقىپ تۇرسىمۇ كارى بولماسلىق، دائىم كۆرۈپ تۇرغان نەرسىلەردىن گۇمان قىلماسلىق — كىشىلەر جەمئىيەتتىكى تۇرلۇك ئەھۋاللارنى كۆزەتكەن چاغدا سادىر بولۇپ تۇرىدىغان بىر خىل ئىللەتتۇر. قايمۇقتۇرۇش — دەل ئاشۇن

داق خاتا تۇيغۇدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىدىغان بىر خىل چارە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ خىل ئامال ھازىرقى زامان ئۇرۇشىدىمۇ كەڭ قوللىنىلماقتا. مەسىلەن، 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، گىتلېر گېرمانىيىسى فرانسىيىگە چاقماق تېزلىكىدە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت ھەربىي ھەرىكەتنى يوشۇرۇپ، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ باشلىقلىرىنى بىخۇدلاشتۇرۇش ئۈچۈن، فرانسىيىگە تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىش ۋاقتىنى ئۇدا 29 قېتىم ئۆزگەرتكەن ھەمدە ئۆزگەرتىلگەن ۋاقىتنى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ھۆكۈمەتلىرى ۋە قوماندانلىق شتابلىرىنى تۈرلۈك يوللار بىلەن خەۋەرلەندۈرۈپ، ئۇلاردا تەدرىجىي ھالدا نورمال ئەھۋالغۇ دەيدىغان تۇيغۇ پەيدا قىلىپ، غەربنىڭ ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيە باشلىقلىرىنى ھوشيارلىقىنى يوقىتىش ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويغان. گىتلېر رەسمىي ھۇجۇم قوزغاش ھارپىسىدا، ئەنگلىيە، فرانسىيىنىڭ ئاخبارات ئورگانلىرى گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ فرانسىيە چېگرىسىغا قاراپ يۆتكىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە كۆپلىگەن خەۋەرلەرنى بەرگەن بولسىمۇ، ئەنگلىيە - فرانسىيە دائىرىلىرى ئۇنى يەنىلا بىر قېتىملىق «سىناق ئۇرۇشى» دەپ قاراپ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىمىغان؛ تۆتىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىنىڭ ھارپىسىدا، ئەرەب بىرلەشمە جۇمھۇرىيىتى مەقسىتىنى يالغان ھەرىكەت بىلەن يوشۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئۈچىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئەرەب بىرلەشمە جۇمھۇرىيىتى ھەر يىلى مانېۋىر ئۆتكۈزۈپ، قوشۇنلىرىنى سۇۋەيش قانىلى ئەتراپىغا يۆتكەپ تۇردى. كوندۇزى قانالنىڭ غەربىي قىرغىقىغا بىر لوينى يۆتكىسە، گۇگۇمدا ئىككى يىگىنى قايتۇرۇپ كېلىپ، بىر يىگىنى يوشۇرۇن قالدۇرۇپ قويۇپ، ئىسرائىلىيە دائىرىلىرىدە ئەرەبلەر نورمال مانېۋىر ئېلىپ بېرىۋاتقان ئوخ-



شايدۇ، دەيدىغان خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلغان. شۇ ئارقىلىق ئىسرائىلىيىنى بىخۇدلاشتۇرۇپ، ئەرەب بىرلەشمە جۇمھۇرىيىتىنى ئۈچ خىل ئارمىيىنى مەخپىي يىغىشنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان.

## 2. ۋېي بەگلىكىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، جاۋ بەگلىكىنى قۇتقۇزۇش

مەزكۇر ئامال يېغىلىق دەۋرىدىكى مالىڭ (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى دامىن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا) دا بولغان ئۇرۇشتا بارلىققا كەلگەن. ئۇنىڭدا زىيانىدىن قېچىپ پايدىغا ئىنتىلىش، دۈشمەننى ھەرىكەتچانلىق بىلەن يوقىتىش ئۈچۈن، دۈشمەن جەزمەن قۇتقۇزىدىغان جايغا ھۇجۇم قىلىپ، قۇتقۇزۇشقا كەلگەندە دۈشمەنلەرنى يوقىتىش؛ دۈشمەننى ھۇجۇم بىلەن چېكىندۈرۈپ، چېكىنىپ كېتىۋاتقان دۈشمەننى يوقىتىشتىن ئىبارەت تاكتىكىلىق ئىدىيە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. مىلادىدىن 354 يىلى ئىلگىرى، ۋېي بەگلىكى جاۋ بەگلىكىنىڭ پايتەختى خەندەنگە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئىككى تەرەپ بىر يىلدىن ئارتۇق ئۇرۇشىدۇ. جاۋ بەگلىكى ئاجىزلاپ، ۋېي بەگلىكى ھالسىرايدۇ. چى بەگلىكى جاۋ بەگلىكىنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، جاۋ بەگلىكىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تيەنجىنىنى سەركەردىلىككە، سۇنبىڭنى مۇشاۋۇرلۇققا بەلگىلەپ، 80 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتىدۇ. تيەن جى خەندەننى بىۋاستە ئالماقچى بولىدۇ. سۇن بىڭ: «چىگىش يىپنى يېشىشتە، قوپاللىق قىلىشقا بولمايدۇ؛ مۇشتلىشىۋاتقانلارنى ئاجرىتىشتا بىۋاستە ئارىلىشىپ مۇشت ئاتقىلى بولمايدۇ؛ ھازىر ۋېي بەگلىكىنىڭ خىل قوشۇنلىرى جاۋ بەگلىكىگە توپلاندى، ئىچكى قىسىم ئاجىزلاپ كەتتى،

شۇڭا ئاساسىي كۈچىدىن چەتلەپ ئۆتۈپ، ئاجىز يېرىگە ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ۋېي بەگلىكىنى ئارقا تەرەپتىن ئەندىشە قىلىدىغان قىلىشىمىز كېرەك» دەپ قارايدۇ. تيەن جى سۇن بىڭنىڭ چارىسىنى قوبۇل قىلىپ، قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئۇدۇل ۋېي بەگلىكىنىڭ پايتەختى كەيفېڭگە قاراپ ئاتلىنىدۇ. ۋېي بەگلىكىنىڭ قوشۇنى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ھامان، ئالدىراپ - تېنەپ قايتىپ كېلىدۇ. چى بەگلىكىنىڭ قوشۇنى ئۇلارنىڭ ھېرىپ - چارچاپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئالدىن تاللاپ قويۇلغان مالىڭ ئۇرۇش قىلىش رايونىدا قايتىپ كېلىۋاتقان دۈشمەنگە زەربە بېرىپ، ۋېي بەگلىكىنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جاۋ بەگلىكى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلىدۇ.

مالىڭ ئۇرۇشىدا چى بەگلىكىنىڭ قوشۇنى شۇنىڭ ئۈچۈن ۋېي بەگلىكىنىڭ كۈچلۈك قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلالىدىكى، بىرىنچىدىن، ۋېي بەگلىكى بىلەن جاۋ بەگلىكىنىڭ خۇددى بېلىقچى قۇشنىڭ قۇلۇلە بىلەن تۇتىشىپ ماجالى كەتكەندەك پايدىلىق پەيت تۇتۇۋېلىنغان؛ ئىككىنچىدىن، ئۇرۇش قىلىش يۆنىلىشى توغرا تاللانغان، دۈشمەننى ھاسىرىتىپ، پاسسىپ ھالەتكە ۋە دۇمبال يەيدىغان ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغان. 1947 - يىلى 8 - ئايدا، جياڭ جيېشى ئازاد رايونلىرىمىزغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قىلغاندا، ليۇ بوچېڭ، دېڭ شياۋپىڭلار باشچىلىقىدىكى قوشۇنلىرىمىز ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ دابيېشەن تېغىغا يۈرۈش قىلدى. ئىچكى سەپتىن تاشقى سەپكە يۆتكىلىپ ئۇرۇش قىلىپ، ئۇرۇشنى جياڭ جيېشى كونتروللۇقىدىكى رايونلارغا كېڭەيتىپ، پۈتكۈل ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى بىراتلا بۇرىغانىدى. بۇنى ۋېي بەگلىكىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ جاۋ بەگلىكىنى قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت چارىنىڭ تەتبىقلىنىشى ۋە تەرەققىياتى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.



### 3. پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىش كۆرۈش (باشقىلارنىڭ قولى بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش)

بۇ چىرىك فېئودال بيۇروكراتلار بىر - بىرىدىن پايدىلىنىش، بىر - بىرىگە ئورا كولاشتا ئىشلىتىلىپ كەلگەن ھىيلە - مىكىر. ئۇنى ھەربىي ئىشلارغا تەتبىقلىغاندا، ئۈچىنچى تەرەپنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىش، جۈملىدىن دۈشمەننىڭ ئىچكى قىسمىدا زىددىيەت پەيدا قىلىشقا ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇشنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت.

تارىخىي كىتابلاردا پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىش كۆرۈشتىن ئىبارەت ئۇرۇش قىلىش مىساللىرى ئىنتايىن كۆپ. مەسىلەن: دۆلىتىمىزنىڭ ئەمىنىيە دەۋرىدە جىن خۇەنگۇڭ كۈي بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولىدۇ. قوشۇن چىقىرىشتىن ئىلگىرى، ئۇ كۈي بەگلىكىدە قەلەمگىمۇ ماھىر بولغان زېرەك، ئىش قىلىشتا كەسكىن ئەمەلدارلىرىدىن قانچىلىك بارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ تىزىملىكىنى ئېلىپ، كۈي بەگلىكىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ئەمەل بېرىدىغانلىقىنى ھەمدە كۈي بەگلىكىنىڭ يەر - زېمىنىنى ئۇلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جىن خۇەنگۇڭ شەھىرىنىڭ سىرتىدا نەزىر - چىراق سۇپىسى ياساپ، ھېلىقى تىزىملىكنى سۇپا ئاستىغا كۆمۈپ، توڭگۇز ئۆلتۈرۈپ تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، تەڭرىگە لەۋزىمدىن مەڭگۈ يانمايمەن دەپ قەسەم بېرىدۇ. كۈي بەگلىكىنىڭ بېگى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن قاتتىق چۆچۈپ كېتىپ، ۋەزىرلىرىنىڭ ئەلگە ئاسىيلىق قىلىشىدىن گۇمانلىنىپ غەزەپكە كېلىدۇ - دە، ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ. نەتىجىدە، جىن خۇەنگۇڭ پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھەش - پەش دېگۈچە ھېچقانداق كۈچ

سەرپ قىلمايلا كۆي بەگلىكنى ئالدى. مەسىلەن: ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا، گىتلېر نورۋېگىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتىن ئىلگىرى، سىياسىي ئالدامچىلىق ۋە جاسۇسلۇق ھەرىكىتى ئارقىلىق، نورۋېگىيىدە كۆپلىگەن ھېسداشلىق بىلدۈرگۈچىلەرنى توپلاپ، بىرلەشمە پارتىيە ئۇيۇشتۇرغان. كېيىن ئۇلارنى 5 - كالوننىغا ئۆزگەرتىپ نورۋېگىيىنىڭ شۇ چاغدىكى ھۆكۈمىتىگە قارشى قويۇپ، گېرمانىيىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىدە ئىچكى جەھەتتىن ماسلاشقان ھەربىي كۈچ قىلىۋالغانىدى.

## 4. راسلىنىپ تۇرۇپ ھالسىرىغان دۈشمەنگە زەربە بېرىش (دەم ئېلىپ كۈچ توپلىماق)

راسلىنىپ تۇرۇپ ھالسىرىغان دۈشمەنگە زەربە بېرىشنىڭ ئەسلى مەنىسى — ئۇرۇشتا پايدىلىق يەر تۈزۈلۈشكە تايىنىپ، بىر تەرەپتىن مۇداپىئە كۆرۈپ، بىر تەرەپتىن دەم ئېلىپ دەرمان توپلاپ، ھۇجۇم قىلغۇچىلار قاتتىق چارچىغان، لەشكەرلىرىنىڭ روھىي چۈشكۈنلەشكەن پەيتتە ئاندىن مۇداپىئەدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈش دېگەنلىك. بۇ ئېيتىلىۋاتقان «راسلىنىپ تۇرۇش» — ئۈجمە پىش. ئاغزىمغا چۈش دەپ ئۇرۇش پۇرسىتىنى پاسسىپلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرماستىن، بەلكى كوماندىرلارنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۈشمەننى ئاكتىپلىق بىلەن ئۇياق - بۇياققا دوقىرىتىپ ۋە ئۇنى ھالسىزلاندۇرۇپ، ئۇرۇش پۇرسىتىنى يارىتىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ يىغىلىق دەۋرىدە، ۋېي بەگلىكىنىڭ سانغۇنى ياڭ جۈەن قوشۇن باشلاپ خەن بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلدى. چى بەگلىكىنىڭ باش سانغۇنى تيەن جى بىلەن مۇشاۋۇر سۇن بىڭ قوشۇن باشلاپ ۋېي بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىپ، خەن بەگلىكىنى قۇتقۇزدى. سۇن بىڭ ئەسكەر كۈچى



ئازىيىپ كەتتى دېگەن تۈيغۇ پەيدا قىلىش ئۈچۈن، قازان - قومۇچلارنىڭ بىر قىسمىنى تاشلاپ مېڭىش چارىسىنى قوللىنىپ، مالىڭداۋ دېگەن جايغا پىستۇرما قويۇپ، ياڭ جۈەننى قارامىلىق بىلەن قوغلاشقا ئالداپ، ۋېي بەگلىكىنىڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى.

ھازىرقى زاماندىكىلەردىن ئېلىپ ئېيتساق، 1930 - يىلنىڭ ئاخىرىدىن 1931 - يىلنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسى بىرىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى كۈرەشتە، ئاساسلىق كۈچنى لۇڭگاڭ رايونىدىكى ئالدىن تاللانغان ئۇرۇش مەيدانىغا مۇددەتتىن بۇرۇن يىغىپ پەيت كۈتۈش بىلەن بىللە، بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچنى چىقىرىپ دۈشمەننى مۇھاسىرە دائىرىمىزگە ئالداپ كىرگۈزۈپ، دۈشمەننىڭ 9000 دىن ئارتۇق ئادىمىنى بىر يولىلا يوقاتقانىدى. تۆتىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدا، مىسىر ئارمىيىسى بالىۋ مۇداپىئە لىنىيىسىدىن بۆسۈپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئىسرائىلىيە ئۆزىنىڭ كوزىر ئارمىيىسى 190 - بىرونېرىگادىسىغا فېردىيان كۆۋرۈكىنى ۋەيران قىلىۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، مىسىر ئارمىيىسىنىڭ داۋاملىق ئىلگىرىلىشىنى توسۇۋالماقچى بولدى. مىسىر ئارمىيىسى ئىسرائىلىيە ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش بۇيرۇقىنى قولغا چۈشۈرۈۋالغاندىن كېيىن. ئىككىنچى پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسىگە 190 - بېرىگادىنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىدە مۇداپىئە لىنىيىسى قۇرۇپ، يوشۇرۇنۇپ پۇرسەت كۈتۈپ تۇرۇش توغرىسىدا جىددىي بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ساپيورلارغا فېردىيان كۆۋرۈكى ئەتراپىدا يالغان كۆۋرۈك ياساپ، ئارقىدىكى قىسىملار زور تۈركۈملەپ مۇشۇ يەردىن ئۆتىدىغاندەك قىلىپ كۆرسىتىپ، دۈشمەننى ئالداپ دامغا چۈشۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئىككىنچى پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسى 190 - بىرىگا-

دىنىڭ تاپانچىسىز ھالدا قارشىغا ئىلگىرىلەيدىغان، ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان ئاجىزلىقىغا ئاساسەن، ئالدىن ماڭغۇچى يىگىتنى بىر تەرەپتىن توسۇپ زەربە بېرىپ، بىر تەرەپتىن چېكىنىپ، دۈشمەننى زەربە بېرىش رايونىغا ئالداپ كىرگۈزۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ دۈشمەننى پۈتۈنلەي يوقاتقاندى. بۇمۇ راسلىنىپ تۇرۇپ ھالسىرىغان دۈشمەنگە زەربە بېرىش چارىسى بولۇپ، بۇنىڭدا ھازىرقى زامان شارائىتىدا پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ تانكا يوقىتىشتىن ئىبارەت يېڭى ئۇرۇش مىسالى كۆرسىتىلگەن.

### پالاكەتتىن پايدىلىنىپ ئۆز غەرىزىگە يېتىش
### (توپىلاڭدا توقاچ ئوغرىلاش)

پالاكەتتىن پايدىلىنىپ ئۆز غەرىزىگە يېتىش (توپىلاڭدا توقاچ ئوغرىلاش) نىڭ ئەسلى مەنىسى — خەق ئوت ئاپىتىگە دۈچ كېلىپ قالايمىقانچىلىققا چۈشۈپ قېلىپ، يېتىشەلمەيۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بولاڭچىلىق قىلىش. ئۇنىڭدا باشقىلار خىيىم - خەتەردە ياكى قىيىنچىلىقتا قالغان پەيتتىن پايدىلىنىپ ئۆز غەرىزىگە يېتىشكە ئوخشاش ئەخلاقسىزلىق ھەرىكەت تەمسىل قىلىنىدۇ. يىغىلىق دەۋرىدە، ۋۇ بەگلىكى بىلەن يۆبەگلىكى ئۆزئارا ئۇرۇش ئېلان قىلىشۇن يۆ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى گۇ جيەن ۋۇ بەگلىكىنىڭ داڭدار سەركەردىسى ۋۇزىشۈ سۈيىقەستكە ئۇچرىغان ۋە ئەلدە يۈز بەرگەن ئېغىر قۇرغاقچىلىق دەستىدىن «قىسقۇچ پاقا ۋە شاللارمۇ قۇرۇپ كەتكەن» پەيتتىن پايدىلىنىپ، ۋۇ بەگلىكىگە قايتۇرما زەربە بېرىشنى پىلانلايدۇ. ئۇلار يەنە ۋۇبەگلىكىنىڭ بېگى فۇچيەن شىمالىي تەرەپكە بېرىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەر قايسى بەگلىكنىڭ بەگلىرى بىلەن سېرىق كۆل دېگەن جايدا باش قوشۇۋاتقان، ئەلنىڭ ئىچكى قىسمى بوش



قالغان پەيتتىن پايدىلىنىپ دەرھال قوشۇن چىقىرىپ، ئومۇمييۈزلۈك ھۇجۇم قىلىپ ۋۇ بەگلىكىنى تېزلىكتە يوقىتىدۇ.

### 6. ئۇياقتىن شەپە بېرىپ قويۇپ، بۇياقتىن زەربە بېرىش

بۇ ئامال — ساختا قىياپەت بىلەن دۈشمەندە خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلىپ، ھۇجۇم يۆنىلىشىنى يوشۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان تەدبىر. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، ۋۇ، چۇ قاتارلىق يەتتە سويۇرغاللىقتا توپىلاڭ يۈز بېرىدۇ. خەن سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى جۇيافۇ قەلئەنى چىڭ ساقلاپ، ئۇرۇش قىلىشنى رەت قىلىدۇ. ۋۇ بەگلىكىنىڭ قوشۇنلىرى شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا يالغان ھۇجۇم قىلغاندا، جۇيافۇ غەربىي شىمالىي تەرەپتىكى مۇداپىئەنى كۈچەيتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ۋۇ بېگى ئاساسىي قوشۇنلىرىنى چىقىرىپ غەربىي شىمال تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. نەتىجىدە دەككىسىنى يەپ، ھۇجۇم قىلىپ كىرەلمەيدۇ. بۇ — قوماندانلارنىڭ كاللىسىنى سەگەك تۇتۇپ، قارشى تەرەپنىڭ ساختا «شەپە» سىدىن قايمۇقۇپ قالماسلىقنى كۆرسىتىدىغان ئۇرۇش مىسالى.

1798 يىلى 5 ئايدا، ناپولېئون مىسىرغا يۈرۈش قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «ئەنگلىيە پادىشاھىنىڭ تاجىسىدىكى گۆھەر» ھېسابلانغان ھىندىستاننى بېسىۋالماقچى بولىدۇ. ئۇ، قوشۇن چىقىرىشتىن بۇرۇن، ئوتتۇرا دېڭىزدىكى ئەنگلىيە فلوتىنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلىپ، تۈرلۈك ۋاستە ئارقىلىق، فرانسىيىنىڭ ئوتتۇرا دېڭىز فلوتى ئاتلانتىك ئوكيانغا كىرىپ ئىرلاندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىقماقچى بولۇۋاتىدۇ دەپ يالغان ئاخبارات تارقىتىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن فرانسىيىنىڭ بىر فلوتى

ئىرلاندىيىگە بارماقچى بولۇپ، ئەنگلىيىلىكلەرنى بىر قېتىم چۆچۈتكىنى راست ئىدى. شۇ قېتىمدا، ئەنگلىيە فىلوتىنىڭ كوماندىرى نارسۇن ناپالېئوننىڭ ئۆزىنىڭ ھويلىسىغا يېتىپ كېلىشىدىن ئەنسىرەپ، كورابىللىرىنى جەبىلتارىق بوغۇزىغا يۆتكەپ، بوغۇزدىن ئۆت- مەكچى بولغان فرانسىيە فىلوتىغا توسۇپ زەربە بېرىشكە تەييارلىنىدۇ. دەل شۇ پەيتتە، ناپالېئون پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تۇلۇن ھەربىي پورتىدىن يولغا چىقىپ، مىسىرغا قاراپ ئاتلىنىدۇ. نارسۇن ئالدانغانلىقىنى سېزىپ دەرھال يەلكەن چىقىرىپ تېزلىك بىلەن قوغلايدۇ. ئەپسۇسكى، دېڭىزدا فرانسىيە فىلوتىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. بۇ چاغدا نارسۇن ناپالېئون ئالدى بىلەن ئىستانبۇلغا بېرىشى مۇمكىن، دەپ مۆلچەرلەپ، يەنە شۇ جايغا قاراپ ئاتلىنىدۇ. ئۇنىڭ كېتىشىگە فرانسىيە فىلوتى ئالېكساندىرىيىگە يېتىپ كېلىپ، قۇرۇقلۇققا ئوڭۇشلۇق بىلەن چىقىپ مىسىرنى بېسىۋالىدۇ. ناپالېئون ئۇيياقتىن شەپە بېرىپ قويۇپ بۇياقتىن زەربە بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ.

## 2 - بۆلۈم قايمۇقتۇرۇش ئامالى

**7. تېرە تاراقشىتىپ قۇرۇق ھەيۋە قىلىش (يوق يەر- دىن پۇتاق چىقىرىش)**

تېرە شاراقشىتىپ قۇرۇق ھەيۋە قىلىش (يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىش) نىڭ مەزمۇنى — بىرەر نەرسىنى ئاساسسىز ئويدۇرۇپ چىقىپ، تۆھمەت چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلىش. مەزكۇر ئامالنىڭ ھەربىي ئىشلاردا تەتبىقلىنىشى — راست



بىلەن يالغاننى ئارىلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، دۈشمەن- نى خاتا مۆلچەرلەيدىغان ۋە خاتا ھەرىكەت قىلىدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇشتىن ئىبارەت. بۇ ئامالنى توغرا ئىشلىتىش ئۈچۈن دۈشمەن قايمۇقۇپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دەل پەيتىدە، ئۇستىلىق بىلەن ساختىپەزلىكنى ئەمەلىيەتكە، يوقنى بارغا، يالغاننى راستقا ئۆزگەرتكەندىلا، دۈشمەنگە كۈتمىگەن يەردىن زەربە بەرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە لىن فۇچاۋ ئۆز قارمىقىدىكى سانغۇن- لىرىغا ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ چىشەن ناھىيىسىنى مۇھاسىرىگە ئېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. شەھەرنى ساقلاۋاتقان سەركەردە جاڭ شۈن ئۇزاق مۇھاسىرە ئىچىدە قالغان ۋە ئازچىلىق كۆپچىلىككە تەڭ كېلەلمەيدىغان ئەھۋال ئاستىدا، لەشكەرلىرىگە 1000 دىن ئارتۇق قارانچۇق ياساپ قارا چاپان كىيگۈزۈپ، بېلىدىن باغلاپ كېچىدە سېپىلدىن چۈشۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. لىن فۇچاۋنىڭ لەشكەرلىرى سېپىلدىن چۈشۈۋاتقان ئادەملەرنىڭ كۆلەڭگىسىگە قاراپ، شەھەردىكىلەر مۇھاسىرىنى تۈيۈقسىز بۆسۈپ ئۆتمەكچى ئوخشايدۇ، دەپ قاراپ، قارانچۇق تەرەپكە قارىتىپ تەرەپ - تەرەپتىن ئوق ئاتىدۇ. نەتىجىدە، جاڭ شۈن بىر نەچچە يۈز مىڭ ئوققا ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، جاڭ شۈن كېچىدە سېپىلدىن راست ئادەم چۈشۈرىدۇ. لىن فۇچاۋنىڭ لەشكەرلىرى بولسا جاڭ شۈن يەنە «ئوق يىغىش ئۈچۈن قارانچۇق چۈشۈرۈۋاتىدۇ» دەپ قاراپ، يىراقتا تۇرۇپ مازاق قىلىپ، ئۇرۇشقا قىلچە تەييارلىق كۆرمەيدۇ. جاڭ شۈننىڭ سېپىلدىن چۈشكەن 500 لەشكىرى پىداكار ئەترەت تەشكىل قىلىپ، تۇيۇقسىز لىن فۇچاۋنىڭ لاگېرىغا ھۇجۇم قىلىپ، بىخارامان ياتقان دۈشمەننى تازا باپلايدۇ.

بۇ ئامال ھازىرقى زامان ئۇرۇشلىرىدىمۇ كەڭ قوللىنىل-

ماقتا. مەسىلەن: ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ۋاقتىدىكى شاڭگەنلىڭ ئۇرۇشىدا، پەيدائىي قىسىملىرىمىز مەلۇم قىسىمنىڭ 8 - ليەنى لەخمە ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغاندىن كېيىن، كۆرەشنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىنى لەخمىنىڭ سىرتىغا يۆتكەش ئۈچۈن، دۈشمەنلەر كېچىدە چارچاپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يالغۇز ئەسكەر ياكى گۇرۇپپىلار بويىچە تەشەببۇسكارلىق بىلەن دۈشمەنگە پاراكەندىچىلىك سېلىش ياكى زەربە بېرىش قارارىغا كېلىدۇ. ئۇلار تەشىمە ئاكوپتىن چىقىش ئالدىدا، دۈشمەننىڭ پات - پات يېنىپ تۇرىدىغان يورۇتقۇچى بومبىسىنىڭ نۇرىدىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم نىشانىنى ۋە ھەرىكەت يولىنى تاللاپ، ئاندىن كېيىن سىرتقا قارىتا كونىېرۋا قۇتىسى قاتارلىق جاراڭلايدىغان نەرسىلەرنى تاشلايدۇ. دەسلەپتە دۈشمەن ئاڭلىغان ھامان ھەرىكەتكە كېلىپ، ئىنتايىن سەزگۈرلۈك بىلەن ئاۋاز چىققان جايغا قاراپ ئوت ئاچىدۇ. مۇشۇنداق قىلىپ بىر نەچچە قېتىم تەكرارلاپ، دۈشمەنلەرنى ئۇدا دامغا چۈشۈرۈپ قاتتىق چارچىتىپ، بارا - بارا بىخۇدلاشتۇرۇپ قويىدۇ. مۇشۇ پەيتتىن پايدىلىنىپ زەربىدار گۇرۇپپىمىز تېزلىكتە لەخمە ئاغزىغا يوشۇرۇنۇپ بېرىپ، دۈشمەننىڭ لەخمە ئاكوپقا ئون نەچچە مېتىر كېلىدىغان جايدىكى ئىككى پوتىينىنى پارتلىتىۋېتىدۇ ۋە دۈشمەن ئەھۋالىنى بىلىپ بولغىچە ئۇلار ئۆز ئورنىغا بىخەتەر قايتىپ كېلىدۇ.

## 8. ئۆتكەلدىن يوشۇرۇن ئۆتۈش

مەزكۇر ئامال — ئۇدۇل تەرەپتىن يالغان ھۇجۇم قىلىش يالغان ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت قايمۇقتۇرۇش ۋاستىسى ئارقىلىق ھۇجۇم يۆنىلىشىنى ۋە بۆسۈپ ئۆتۈش



نۇقتىسىنى يوشۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ يېغىلىق دەۋرىدە چۇ بەگلىكى بىلەن خەن بەگلىكى ئۇرۇش ئېلان قىلغان چاغدا، شياڭ يۈ ئۆزىنى ھاكىمبەگ دەپ ھېسابلايدۇ، ليۇ باڭ خەنجۇڭغا كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ، جاڭ خەننىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن ساقلىنىش ۋە شياڭ يۈنى بىخۇتلاشتۇرۇش ئۈچۈن گۇەنجۇڭدىن خەنجۇڭغىچە بارىدىغان ئاسما تاختاي يولنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. مىلادىدىن 206 يىل ئىلگىرى، ليۇ باڭنىڭ سەركەردىسى خەن شىن «شەرققە يۈرۈش» قىلىشقا قوشۇن چىقارماقچى بولۇپ، ئالدى بىلەن نۇرغۇن لەشكەر چىقىرىپ ئاسما تاختاي يولنى ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ھۇجۇمغا شۇ يەردىن ئۆتىدىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. ئەمەلىيەتتە خەن شىن قوشۇنلىرىنى باشلاپ مەخپىي ھالدا چېغىر يولنى بويلاپ ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ باۋجى ناھىيىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە ئايلىنىپ بېرىپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغاپ جاڭ خەننى بىراقلا مەغلۇپ قىلىدۇ.

قەدىمكىلەر غەپلەتتە قالدۇرۇپ غەلىبە قازىنىشتىن ئىبارەت ئۇرۇش قىلىش چارىسى نورمال ئۇرۇش قىلىش پرىنسىپىدىن كېلىدۇ، دۈشمەن نورمال بولغان ئۇرۇش قىلىش پرىنسىپى بويىچە ھەرىكەت غەرىزىمىزنى ھۆكۈم چىقىرىدىغان قىلىنغاندىلا، دۈشمەننى غەپلەتتە قالدۇرۇپ غەلىبە قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. 1944 - يىلى 6 - ئايدىكى ئامېرىكا - ئەنگلىيە ئىتتىپاقچى ئارمىيىسى فرانسىيىنىڭ نورماند دېگەن جايدا ئېلىپ بارغان قۇرۇقلۇققا چىقىش ئۇرۇشىنى ھازىرقى زامان شارائىتىدا ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق «ئۆتكەلدىن يوشۇرۇن ئۆتۈش» ئۇرۇشى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. تەبىئىي شارائىتتىن ئېيتقاندا، ئەنگلىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىدىكى كالايىس بوغۇزىدىن ئۆتۈپ قۇرۇقلۇققا چىقىش لامانىشىن بوغۇزىدىن ئۆتۈپ نورماندىدىن

قۇرۇقلۇققا چىقىشقا قارىغاندا يېقىن، قاتناش قولايلىق، هاۋا ئارمىيىسىنىڭ ياردەم قىلىشىغىمۇ ئەپلىك بولۇپ، ئىنتايىن ياخشى ھۇجۇم قىلىش يۆنىلىشى ئىدى. گېرمانىيە ئارمىيىسى دىل ئاشۇنداق ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىتتىپاقداش ئارمىيە يېقىندىكىنى تاشلاپ، يىراقتا يۈگۈرىدۇ دەپ قاراپ، ئاساسلىق مۇداپىئە كۈچىنى كالايىس رايونىغا قويىدۇ. ئىتتىپاقداش ئارمىيىمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئازدۇرۇش ھىيلىسىنى قوللىنىدۇ. مەسىلەن: ئۇلار كالايىسنىڭ قارشى قىرغىقىدىكى ئىرلاندىيىنىڭ شەرقىي قىسمىدا ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ «بىرىنچى گۇرۇپپىۋوي ئارمىيە» دېگەن نامنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، يالغاندىن رادىئو تورى قۇرۇپ، ھەمدە گېنېرال باتتوننى مەزكۇر گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ قوماندانى دېگەن يالغان ئاخبارات تارقىتىپ، گېرمانىيە ئارمىيىسىدە بۇ قۇرۇقلۇققا چىقماقچى بولۇۋاتقان ئاساسلىق كۈچنىڭ ئۆزى بولسا كېرەك دېگەن خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ. ئىتتىپاقداش ئارمىيە يەنىلا ئەنگلىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدىكى ھەر قايسى پورت ۋە تېمىزا دەرياسىنىڭ ئېغىزلىرىدا قۇرۇقلۇققا چىققۇچى دېڭىز فىلوتى تەقلىد قىلىپ، زور مىقداردىكى قۇرۇقلۇققا چىققۇچى يالغان كورابىللارنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ھەمدە ماددىي ئەشيا ـ ماتېرىياللارنى توپلايدىغان مەيدان قاتارلىقلارنى ھازىرلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىرلەشمە ئارمىيە كالايىس رايونىغا بولغان بومباردىماننى كۈچەيتىپ، نورماندىنى ئىلگىرىكىدەكلا سەپ بويىچە بومباردىمان قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن گېرمانىيە ئارمىيىسىنى تېخىمۇ خاتا تۇيغۇغا سېلىپ، نورماندىدىكى قۇرۇقلۇققا چىقىش ئورۇشىنىڭ ئۇشتومتۇتلۇقىنى شەكىللەندۈرىدۇ.



## ۋ. چەتتە تۇرۇپ تاماشا كۆرۈش

بۇ ئامالدا دۈشمەننىڭ ئۆتكۈرلىشىۋاتقان زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلىرىغا قوللىنىدىغان «تاغدا ئولتۇرۇپ يولۋاس سوقۇشىشىنى تاماشا قىلىش» تىن ئىبارەت پوزىتسىيە كۆرسىتىلىدۇ.

دۈشمەننىڭ ئىچكى زىددىيىتى ناھايىتى كەسكىنلىشىپ، بىر ـ بىرىنى چەتكە قېقىشتىن ئىبارەت كەيپىيات بارغانسېرى ئاشكارىلانغان چاغدا، پۇرسەتتىن پايدىلىنىشقا ئالدىراپ كەتمەسلىك كېرەك. ئالدىراپ كەتكەندە، كۆپ ھاللاردا دۈشمەنلەرنىڭ ۋاقىتنچە ئىتتىپاقلىشىۋېلىشى ئۈچۈن ھەيدەكچىلىك رول ئوينايدۇ ـ دە. ئۇلارنىڭ قايتۇرما زەربە بېرىش كۈچىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، مەقسەتلىك ھالدا بىر ئاز يول قويۇپ، دۈشمەننىڭ ئىچكى زىددىيىتىنى داۋاملىق تۈردە ئۆتكۈرلىشىشكە قاراپ تەرەققىي قىلغان، ئۆز-ئارا قىرغىنچىلىققا چۈشكەن ئەھۋال كېلىپ چىققاندىلا، دۈشمەننى ئاجىزلىتىپ، ئۆزىنى زورايتىشتىن ئىبارەت ھەربىي مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە، يۈەن شاڭ بىلەن يۈەن شى ساۋساۋ تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، بىر نەچچە مىڭ ئادەمنى باشلاپ، گۇڭ سۈنكاڭغا قېتىلىدۇ. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بەزىلەر ساۋساۋغا سەپەرنى غەلىبىسىرى داۋاملاشتۇرۇپ، گۇڭ سۈنكاڭنى باپلاپ، يۈەن شاڭ، يۈەن شى ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسىنى تىرىك تۇتۇپ كېلىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىدۇ. ساۋساۋ بۇنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ: گۇڭ سۈنكاڭغا يۈەن شاڭ، يۈەن شى ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرگۈزۈپ، كاللىسىنى ئېلىپ كېلىشنى ئويلاۋاتىمەن، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. دەرۋەقە، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، گۇڭ سۈنكاڭ يۈەن شاڭ،

يۇەن شى ئىككىسىنىڭ كاللىسىنى كۆتۈرۈپ ساۋساۋنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. سەركەردىلەر ساۋساۋدىن بۇنىڭ سىرىنى سورىغاندا، ساۋساۋ گۇڭ سۇنكاڭ ئەزەلدىن يۇەن شاڭ، يۇەن شىلەرنىڭ ئۆزىنى باپلىشىدىن قورقىدۇ. شۇڭا يۇەن شاڭ، يۇەن شى ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ تەسلىم بولسا، گۇڭ سۇنكاڭ جەزمەن گۇمانلىنىدۇ. ئەگەر بىز قوشۇن چىقىرىپ ئالدىراپ - تېنەپ هۇجۇم قىلىدىغان بولساق، ئۇلار ئۆزئۆرا بىرلىشىۋالامدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

«سۈنزىنىڭ هەربىي ئىشلار دەستۇرى» دا مۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇرۇش مەنپەئەت تالىشىشتىن ئىبارەت، غەلىبىلىك ئۇرۇش قىلىپ، بىر نەچچە شەهەرنى ئالغان تەقدىردىمۇ، ئەمەلىي مەنپەئەتكە ئېرىشەلمىسە، ئەكسىنچە يۇقىرىلارغا جاپا سېلىپ، مال - مۈلۈككە زىيان يېتىدۇ. قوشۇن ئۇزۇن مۇددەت سىرتتا قالسا، ئوخشاشلا پايدا زىياننى قاپلىيالمىغانلىق بولىدۇ. شۇڭا، هۇجۇم ئۇرۇشى مەسىلىسىگە مۇئامىلە قىلىشتا ئېهتىياتچانلىق بىلەن ئويلىشىپ، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، شەخسىي هېسسىيات بىلەن ئىش كۆرۈشتىن ساقلىنىش كېرەك.

1948 - يىلى 6 - ئايدا، ئارمىيىمىز چاڭچۇننى مۇهاسىرىگە ئالغاندىن كېيىن، مۇستەهكەم ئىستىهكامغا تايىنىپ، چاڭچۇننى ساقلاپ ياتقان 100 مىڭ كىشىلىك دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ ئاشلىق مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، هاۋادىن ياردەم قىلىشقىلا قاراپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شەهەر تەرتىپى ئىنتايىن قالايمىقانلىشىپ، دۈشمەنلەر ئاشلىق تالىشىپ ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىشىۋاتاتتى. ئارمىيىمىز دۈشمەننىڭ يەرلىك ئارمىيىسى بىلەن مۇنتىزىم ئارمىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، شەهەرنى مۇهاسىرىگە ئېلىپ ئۇرۇش قىلماي جىم تۇرۇۋالدى. دۈشمەننىڭ چاڭچۇننى ساقلاپ ياتقان ئارمىيىسىنىڭ يۈننەنلىكلەردىن تەركىب تاپقان 60 - جۈنى



ئارمىيىمىزنىڭ هەربىي جەهەتتىكى بېسىمى، سىياسىي جەهەتتىكى قولغا كەلتۈرۈش ۋە جىڭجۇ غەلىبىسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، جۈنجاڭ زېڭ زېشىڭ ئاخىرى جياڭ جيېشىنىڭ مۇهاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش بۇيرۇقىنى قەتئىي رەت قىلىپ، 10 ئاينىڭ 17 - كۈنى قوشۇنلىرىنى باشلاپ، ھەقىقەتكە قايتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، جاڭ جيېشى قارىمىقىدىكى يېڭى 7 - جۈن باشقا قىسىملىرى قىيىن ئەهۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقتىن، ئارقا - ئارقىدىن تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئارمىيىمىز قان ئاققۇزمايلا چاڭچۇننى قايتۇرۇۋالىدۇ.

## 10. كۈلۈپ تۇرۇپ جان ئېلىش

كۈلۈپ تۇرۇپ جان ئېلىش — ئەسلى مەنىسىدىن ئېيتقاندا، كۆرۈنۈشتە مۇلايىم، ئەمەلىيەتتە قارانىيەت، تىلى ھەسەل، ئىچى زەهەر ئىككى يۈزلىمچىلىكنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنى هەربىي ئىشلارغا تەتبىقلىغاندا، هەربىي هەرىكەتنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئومۇمەن سىياسىي، دىپلوماتىيە جەهەتتىكى نىقابلىنىش ۋاسىتىسى ئارقىلىق، قارشى تەرەپنى ئەخمەق قىلىش ۋە بىخوتلاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

ئۈچ پادىشاهلىق دەۋرىدە، لۈي مىڭ گۇەن يۈيىنىڭ خەنچېڭ شەهىرىگە هۇجۇم قىلماقچى بولغىنىدىن خەۋەر تېپىپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جىنجۇ ئايمىقىنى تارتىۋېلىش كويىدا بولىدۇ. شۇڭا ئۆزىنى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالدىم، ئۆز ماكانىمغا قايتىپ دېهقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىمەن دەپ، هېچقانداق نامى چىقمىغان لۇسۇننى ئوڭ قول ۋەزىرلىككە تەۋسىيە قىلىپ ئۆزىگە ۋەكالىتەن لۇكۇنى قوغداپ تۇرۇشقا قالدۇرىدۇ. لۇسۇن گۇەن يۈيىنى يەنىمۇ بىخوتلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۆرۈنۈشتە ئىناق ئۆتۈش، ئەمەلىيەتتە ئۇرۇشقا

تەييارلىق كۆرۈشتىن ئىبارەت ئىككى قوللۇق ۋاستىنى قوللىندۇ. لۈسۈن ھوقۇق تۇتقاندىن كېيىن، گوۋەن يۈيگە دەرھال خەت يېزىپ، گوۋەن يۈينى تۆھپىسى چوڭ، يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە دەپ ماختاپ، ئۆزىنى ئەمەلگە يارىشا قابىلىيەت يوق تالىپ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە لۈسۈن يەنە ئاستىرتىن ساۋساۋ بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. دەل گوۋەن يۈي لۈسۈننى كۆزگە ئىلماي، پۈتۈن زېھنى بىلەن خەنچىڭ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان چاغدا، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق جىنجۇ ئايمىقىنى ئېلىش ئۈچۈن، لۈي مىڭ ئۇرۇش كېمىلىرىنى سودا كېمىلىرىگە ئۆزگەرتىپ، قوشۇنلىرىنى باشلاپ دەبدەبىسىز دەريا بويلاپ يۇقىرى ئۆرلەيدۇ ۋە ئاخىردا گوۋەن يۈينى مەغلۇپ قىلىدۇ.

سىياسىي جەھەتتىكى نىقاب بىلەن دىپلوماتىيە جەھەتتىكى نىقاب ھازىرقى زامان جاھانگىرلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قىلىش ئۇرۇشىدا ناھايىتى گەۋدىلىك بولۇپ كەلمەكتە. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا ياپونىيە مىلىتارىستلىرى تىنچ ئوكيان ئۇرۇشىنى قوزغاشتىن بۇرۇن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلەن ئارقا - ئارقىدىن دىپلوماتىيە سۆھبىتىنى ئۆتكۈزۈشنى باھانە قىلىپ، ئامېرىكا رەھبەرلىرىنى ياپونلۇقلار دىپلوماتىيە يولى بىلەن ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىشنى ھەل قىلىشنى چىن كۆڭلىدىن خالايدىغاندەك يالغان تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ. سۆھبەت يېرىم يىلدەك داۋام قىلىدۇ، ياپونىيە ھۆكۈمىتى پېرل - خاربور پورتىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشتىن يېرىم سائەت ئىلگىرىلا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە دىپلوماتىك سۆھبەتنى توختىتىش ھەققىدە ئەڭ ئاخىرقى مېمراندوم تاپشۇرىدۇ.

## 11. ئۆزنىڭ ئورنىغا بۆنى سەپلەش

ئۆزنىڭ ئورنىغا بۆنى سەپلەش — ئومۇمەن دۈشمەن ئۈستۈن ئورۇندا، ئۆز تەرەپ ئاجىز ئورۇندا تۇرغان، ياكى



ئىككى تەرەپنىڭ كۈچى تەخمىنەن تەڭ بولغان ئەھۋال ئاستىدا، قوماندىرلارنىڭ ئاز چىقىم ئارقىلىق زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ماھىر بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۇرۇش — كۈچ – قۇۋۋەت مۇسابىقىسىدىن ئىبارەت. ئۇرۇش كۈچىنىڭ ئۈستۈن تۆۋەنلىكى — مۇقەررەر ھالدا تەشەببۇسكارلىق بىلەن پاسسىپلىقنى بەلگىلەيدىغان ئوبيېكتىپ ئاساس، لېكىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن پاسسىپلىقنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى يەنىلا سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنىڭ مۇسابىقىلىشىنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇرۇشتا سۇبيېكتىپ يېتەكچىلىك توغرا بولىدىغان بولسا، تۆۋەنلىكنى ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. سۇبيېكتىپ يېتەكچىلىك توغرا بولمىسا ئۈستۈنلۈك تۆۋەنلىككە ئايلىنىپ قالىدۇ - دە، ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ ئەسلىدىكى تەشەببۇسكارلىق ياكى پاسسىپلىقتىن ئىبارەت ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

قەدىمكىلەر ئۆزنىڭ ئورنىغا بۆنى سەپلەش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، كۈچ سېلىشتۇرمىسىنى ھېسابلاشنى ئۆگىنىۋېلىش، ئەمما ئاددىي ھالدا يېڭىش بىلەن يېڭىشنىڭ قىممىتىنى سانىنىلا سېلىشتۇرۇپ قالماستىن، بەلكى ئازغىنە ئەسكەر كۈچى ئارقىلىق قارشى تەرەپنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتتىكى تۆۋەنلىكتىن ھەربىر قىسمەنلىكتىكى ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈشكە ماھىر بولۇش كېرەك، دەپ قارايدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئەمىنىيە مەزگىلىدە، مالىڭ ئۇرۇشىدا، چى بەگلىكىنىڭ ئاساسلىق سەركەردىسى تيەنجى ئەسلىدە ئات بەيگىسى ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆز قوشۇنىنى جەڭگىۋار كۈچىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقىغا قاراپ ئۈستۈن، ئوتتۇراھال، ئاجىز دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاجىز كۈچى بىلەن دۈشمەننىڭ ئەڭ كۈچلۈك قوشۇنىغا، ئاندىن مۇشۇ تەرتىپ بويىچە ئۈستۈن

كۆچى بىلەن دۈشمەننىڭ ئوتتۇراھال كۆچىگە، ئوتتۇراھال كۆچى بىلەن دۈشمەننىڭ ئاجىز كۆچىگە زەربە بەرمەكچى بولىدۇ. سۈن بېلىك ئۇنى ئاڭلاپ، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ مەقسىتى دۈشمەننى كۆپلەپ يوقىتىشتىن ئىبارەت ھېسابلاپ، ئۇرۇش مەيدانىدىكى ئەھۋالنى مۆلچەرلەپ كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئاجىز كۆچى بىلەن دۈشمەننىڭ ئەڭ كۈچلۈك قوشۇنىغا، ئۆزىنىڭ ئوتتۇراھال كۆچى بىلەن دۈشمەننىڭ ئوتتۇراھال كۆچىگە زەربە بەرمەكچى بولىدۇ. ئالدىنقىسى دۈشمەن كۈچلۈك ئۆزى ئاجىز ئىكەنلىكىنى، كېيىنكىسى ئىككى تەرەپ تەڭ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن سۈن بېلىك ئۇنى دۈشمەننى ئىسكەنجىگە ئېلىشقىلا ئىشلىتىپ، قاتتىق تۇتۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە سۈن بېلىك ئۆزىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قوشۇنىغا تېز ئۇرۇش قىلىپ تېز غەلىبە قىلىش چارىسىنى قوللىنىپ، دۈشمەننىڭ ئەڭ ئاجىز قوشۇنىغا زەربە بېرىپ، كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكەندىن كېيىن ئاندىن ئوتتۇراھال كۆچكە ماسلىشىپ دۈشمەننىڭ ئوتتۇراھال كۆچىگە بىرلىشىپ زەربە بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. ئىككى خىل كۈچ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئاجىز كۆچىگە ماسلىشىپ، دۈشمەننىڭ ئەڭ كۈچلۈك قوشۇنىغا بىرلىكتە زەربە بېرىدۇ. نەتىجىدە، ھەربىر قىسمەنلىكنىڭ ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ تۇرىدۇ. مىنداق ئالدى بىلەن ئاجىزغا، ئاندىن كېيىن كۈچلۈككە زەربە بېرىپ، بىر - بىرلەپ يوقىتىشتىن ئىبارەت ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلى دەل بۈگۈنكى كۈندە ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ يوقىتىش ئۇرۇشى قىلىش پرىنسىپىنىڭ تاكتىكىلىق ئاساسى دەپ ئېيتىقىلى بولىدۇ.

مەزكۇر ئامال ئۆزگەرمەس ئامال ئەمەس، بەزىدە ئۆزگەرتىپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. 1943 - يىلى سوۋېت ئارمىيىسى دنېپىر دەرياسىدىن بۆسۈپ ئۆتۈش ئۇرۇشىدا، ئۇلارنىڭ ئالدىن



ئەۋەتىلگەن 381 - شىنىڭ ئىككى ئالدىنقى يېڭى ئەسلىدىكى پىلان بويىچە كىيېۋنىڭ شىمالىدىكى بىر بۆسۈپ ئۆتۈش ئېغىزىدىن دنېپىر دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئالدىنقى پوزىتسىيىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، گېرمانىيە ئارمىيىسى سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ غەرىزىنى سېزىپ قېلىپ، كۆپلىگەن تانكىلىرىنى ئىشقا سېلىپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. سوۋېت ئارمىيىسى شۇ رامان پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، گېرمانىيە ئارمىيىسىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن دەريادىن ئۆتۈپ بولغان ئالدىنقى يىڭغا پوزىتسىيىنى قەتئىي چىڭ ساقلاپ شىددەتلىك ھۇجۇمنى قانات يايدۇرۇپ، دۈشمەندە ئاساسىي كۈچ دەل مۇشۇ پوزىتسىيىدە ئوخشايدۇ دېگەن خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن دەريادىن ئۆتمەكچى بولۇۋاتقان 381 - شىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى 38 - زەربىدار بېكىتۈەنگە قوشۇپ ئاساسلىق ھۇجۇم يۆنىلىشىنى كىيېۋنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە يۆتكەيدۇ. نەتىجىدە ئالدىنقى ئىككى يىڭ تامامەن گۇمران بولۇش ئالدىدا، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ئاساسلىق كۈچى دنېپىر دەرياسىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كېتىدۇ.

## 12. قولغا چىققانىنى يانغا سېلىش

مەزكۇر ئامال - ئۇرۇش پەيتىنى يارىتىدىغان ۋە قولدىن بەرمەيدىغان تەدبىر. بۇ تەدبىرنىڭ ماھىيىتى بولسا، دۈشمەننىڭ يوچۇقلىرىدىن پايدىلىنىشتا. «ئازغىنە پايدا» نىمۇ «جەزمەن ئېلىش» ۋە ياكى «جەزمەن ئالماسلىق» نى ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ئويلىشىش، ئازنى دەپ كۆپتىن ئۇرۇق قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت.

ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئىككى تەرەپ كۈچىنىڭ ئازىيىش ۋە

كۆپىيىشى — ساندىن سۈپەتكە قاراپ ئۆزگىرىش جەريانى، بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ پايدىنى قولغا كەلتۈرۈش — مۇشۇ ئۆزگىرىش جەريانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئاكتىپ ۋاستە.

قولغا چىققاننى يانغا سېلىۋېلىش — كۆپىنچە ئاز تۈركۈمدىكى پارتىزانلارنىڭ دۈشمەننىڭ يۈرىكىگە قادىلىپ كىرىۋېلىپ، گاھ پەيدا بولۇپ، گاھ غايىپ بولۇپ زەربە بېرىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدا، بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ دۈشمەننىڭ ئاجىز تەرىپىگە قاراپ كېڭىيىپ، قولايلىق شارائىت يارىتىش مەنىسىمۇ بار. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە. تيەن رۇڭ پادىشاھ بولالمىغانلىقى ئۈچۈن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ چى بەگلىكىنىڭ بېگى بولۇۋالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە شىمالىي چى بەگلىكىنىڭ بېگى تيەن ئەننى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. شياڭ يۈ ئۆز زېمىنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، لەشكەر باشلاپ تيەن رۇڭغا ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ چاغدا، خەنجۇڭنى ساقلاۋاتقان ليۇ باڭ خەن شىن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۆتكەلدىن يوشۇرۇن ئۆتۈپ توپىلاڭنى ئۇتۇشلۇق بىلەن تىنجىتىدۇ.

ئوپېراتسىيىلىك ئۇرۇشتا، ئومۇمەن، ھەرىكەت ئۈستىدىكى دۈشمەنلەر ئۆزىنى ئاسانلا ئاشكارىلاپ قويىدۇ. دۈشمەننىڭ ئەسكىرىي كۈچى شىددەت بىلەن تېز ئىلگىرىلىگەندە، سەپ ئۇزۇراپ كەتكەنلىكى، قىسىملىرىنىڭ ھەرقايسى يۆلەكلىرىنىڭ ھەرىكەت سۈرئىتى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، تۇراقلىق كاپالەتلەندۈرۈش ئىشلىرىغا ئاسانلا قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ. شۇڭا، قارشى تەرەپ ئۈچۈن قولغا چىققاننى يانغا سېلىش پۇرسىتىمۇ ئاسانلا تۇغۇلىدۇ. ھازىرقى زامان شارائىتىدا بۇنداق ئەھۋاللارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. تانكا، زەمبىرەكلىك تانكا ۋە پىيادە ئەسكەرلەر بىرونېۋىكىدىن تەركىب تاپقان ناھايىتى زور زەربىدار كۈچ جىددىي ئالغا قاراپ كېتىۋاتىدۇ، دېمەك، ئۇ ھالدا ئۇلارنىڭ ئۆزئارا



ماسلاشماي قېلىشى، ئارقا سەپ تەمىناتىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى ۋە يان قانىتىنىڭ ھىمايە قىلىنىشتىن ئايرىلىپ قېلىشتەك ئەھۋاللاردىن ساقلىنىش تەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، چاقماق تېزلىكىدە ئىلگىرىلەۋاتقان بىرونېۋىك بىڭتۈەننىڭ ئارقا تەرىپىدە كۆپ چاغلاردا ۋاقىتلىق بوشلۇق كېلىپ چىقىدۇ.

قولغا چىققاننى يانغا سېلىشنى دۈشمەن بىلەن ئۆزئارىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ ھەممىسى قوللىنىدۇ، زېرەك كوماندىر دۈشمەننىڭ بوشلۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىك تەرىپىنى تولۇقلىيالايدىغان بولۇشى كېرەك. «بېرلىننىڭ ئىشغال قىلىنىشى» دېگەن كىنودا مۇنداق بىر ۋەقە تەسۋىرلەنگەن: بېلوروسىيىنىڭ بىرىنچى سەپ زەربىدار قىسىملىرى بېرلىنغا 60 كىلومېتر كېلىدىغان ئودىر دەرياسىغا يېتىپ كەلگەندە، ئارقىدىكى قىسىملاردىن ئايرىلىپ قالىدۇ، جەڭچىلەر قاتتىق چارچايدۇ، ھەرقايسى شىلارنىڭ كۈچى ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ، تانكىلىرى يېقىلغۇماي يېتىشمىگەنلىكتىن توختاپ قالىدۇ. بۇ چاغدا، ژۇكوۋ ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بولغان مۇنداق بىر ۋەقەنى ئەسلەيدۇ: قاتتىق ھەيۋە بىلەن كېلىۋاتقان گېرمانىيە ئارمىيىسى ھۇجۇم قىلىپ موسكۋاغا 30 كىلومېتر قالغاندا، ئۇ، دۈشمەننىڭ ئۇرۇش سېپى ئۇزۇن، ئارقىدىكى قىسىمدىن يىراق، ھارغان ئوق شالدىن ئۆتەلمەيتۇ دېگەندەك، زەربىدارلىق قۇۋۋىتى قالمىدى، دەپ توغرا ھۆكۈم چىقىرىدۇ، مۇشۇ ھۆكۈمگە ئاساسەن، دۈشمەننىڭ بوشلۇقىدىن مۇۋاپىق پەيتتە پايدىلىنىپ، قىسىملىرىنى يان تەرەپتىن قايتۇرما زەربە بېرىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، گېرمانىيە ئارمىيىسىنى بىراقلا مەغلۇپ قىلىپ، ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىدۇ. كېيىنكى ئەھۋال دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۆزگىرىپ، سوۋېت ئارمىيىسى گەرچە بېرلىنغا خەۋپ يەتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن شالدىن ئۆتەلمىگەن ھارغان ئوقتەك بولۇپ قالىدۇ.

شۇڭا، دۈشمەنمۇ ئوخشاشلا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يان تەرەپ-
تىن قايتۇرما زەربە بېرىپ، ئارقىدىكى قىسىملار بىلەن ئالا-
قىنى ئۈزۈپ تاشلايدىغان بولسا، يالغۇز بۆسۈپ كىرگەن
سوۋېت قوشۇنلىرى قورشاۋغا چۈشۈپ قېلىپ يوقۇتۇلۇش
خەۋىپىگە دۇچ كېلىدۇ. شۇڭا، ئۇ، بىر تەرەپتىن قىسىملىرىنى
ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ دەم ئالدۇرۇش — تەرتىپكە سېلىشقا
ئۈيۈشتۇرىدۇ، بىر تەرەپتىن، كاتتا گوۋىنىڭ تانكا قىسىملىرى-
غا شىمالغا جىددىي يۈرۈش قىلىپ ئىلگىرىلەش توغرىسىدا
بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. قىسىملار كۆزلەنگەن نىشانغا يېتىپ بار-
غاندا، گېرمانىيىنىڭ ياندىن قايتۇرما زەربە بەرگۈچى قىسىم-
لىرىغا يولۇقۇپ قالىدۇ. ژۇكوۋ كەم يېرىدىنى تولۇقلىۋالغانلىقى
ئۈچۈن، ھارغان ئوقا قۇۋۋەت قوشۇلغاندەك، بېرلىنغا ھۇجۇم
قىلىش كۈچى كۈسىيىدۇ.

## 3 - بۆلۈم ھۇجۇم قىلىش ئامالى

### 13. ياتقان يىلاننىڭ بېشىنى قوزغاش (ئىشارەت بېرىپ قويۇش)

ياتقان يىلاننىڭ بېشىنى قوزغاش دېگەن سۆز قەدىمكى
كىتابلاردىن ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن مۇنداق دېيىلگەن:
تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، داڭتۇ ئايمىقىدا ۋاڭ لۇ ئىسىملىك
بىر ئايماق بېگى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ تولىمۇ نەپسانىيەتچى
ئادەم ئىكەن. بىر كۈنى ئايماقتىكى پۇقرالارنىڭ ئۇنىڭ سەر-
مۇنشى (كاتىپلىق ۋە ھېسابات ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئادەم)
سىنىڭ پارا يەپ كېتىۋاتقانلىقىنى پۈتۈپ بەگكە مەكتۇپ
سۇنۇپتۇ. بەگ مەكتۇپنى ئېرۈپ ئىنتايىن چۆچۈپ كېتىپتۇ -



دە، ئىختىيارسىز ھالدا «سىلەر ئوت - چۆپنى مىدىرلاتقان
ئىكەنسىلەر، مەن ئەمدى ياتقان يىلاننىڭ بېشىنى قوزغايمەن»
دەپ تەستىق ساپتۇ. كېيىنكى كۈنلەردە بۇ سۆز ھەربىي ئىش-
لاردا قوللىنىلىدىغان بولدى.

ئۇمۇمەن ئېيتقاندا، ئۇرۇشنىڭ مۇقەددىمىسى باشلانغان،
ئەمما دۈشمەن تەرەپنىڭ ئەسكىرىي كۈچى ئاشكارىلانمىغان
ۋاقىتتا، ھەربىي مەخپىيەتلىكنى يوشۇرۇپ تۇرۇش، يەنىلا
قارىسىغا ئىلگىرىلەۋەرمەستىن، دۈشمەننىڭ ئالدىنقى قىسىملى-
رىنى ئومۇميۈزلۈك ئاقتۇرۇش كېرەك. مىلادىدىن 628 يىل
ئىلگىرى، چىن بەگلىكى لەشكەر تارتىپ جىن بەگلىكىگە
خۇپىيانە ھۇجۇم قىلماقچى بولىدۇ. خۇپىيانە ھۇجۇم قىلىش
سەپىرىدە دۇچ كېلىش ئېھتىمالى بولغان بىر قاتار قىيىنچى-
لىقلارنى نەزەرگە ئالماي، يۈرۈش قىلماقچى بولۇۋاتقان چىن
بەگلىكى قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى مىڭ مىڭشى دۈشمەننى
سەل چاغلاپ، كۆرەڭلەپ ئۆزى بىلگەنچە ئىش كۆرىدۇ. نەتى-
جىدە جىن بەگلىكىگە خۇپىيانە ھۇجۇم قىلىشتىن نۇسرەت
قازىنالمايدۇ. چىن بەگلىكىنىڭ قوشۇنلىرى قايتىپ كېلىۋېتىپ
شياۋشەن تېغىدىن ئۆتكەندە، قوماندان دۈشمەن ئەھۋالىنى
رازۋېتكا قىلىپ كۆرمەستىنلا لەشكەرلىرىنى تۆت تارامغا بۆ-
لۈپ، ئارىلىقنى كەڭ - كەڭ تاشلاپ يۈرۈش قىلىدۇ. ئالدىنقى
قىسمى دۈشمەننىڭ مۆكۈنۈپ ياتقان ئاز تولا لەشكەرلىرىنى
چېكىندۈرگەندىن كېيىن، دۈشمەننىڭ قىلتاققا چۈشۈرۈش
ھىيلىسى ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى سەزمەي، خەتەرلىك چوققىلار
ئارىسىدىكى تار جىلغىنى بويلاپ داۋاملىق بىخارامان ئىلگى-
رىلەۋېرىپ، ئۇقمايلا دۈشمەننىڭ مۆكۈپ تۇرۇپ زەربە بېرىش
چەمبىرىكى ئىچىگە كىرىپ قالىدۇ. قارىسا، ئالدى تەرەپتە
«جىن بەگلىكى» دەپ يېزىلغان چوڭ بىر تۇغنىڭ سەلكىن
شامالدا جىلۋە قىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. مىڭ مىڭشى

يەنىلا دۈشمەن نەيرەڭۋازلىق قىلىۋاتىدۇ دەپ ھېسابلاپ لەشكەرلىرىگە جىن بەگلىكىنىڭ تۇغىنى يىقىتىپ يول ئېچىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرىدۇ. تۇغ يىقىلىشى بىلەنلا جىن بەگلىكىنىڭ مۆكۈنۈپ ياتقان لەشكەرلىرى تەرەپ - تەرەپتىن ئېتىلىپ چىقىپ، چىن بەگلىكىنىڭ لەشكەرلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىدۇ. مانا بۇ دۈشمەن ئەھۋالىنى چارلىماي تۇرۇپ قارامىلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىشتىن كېلىپ چىققان بىر چوڭ ساۋاق.

ئوت - چۆپنى مىدىرلىتىپ، ياتقان يىلاننىڭ بېشىنى قوزغاش ھازىرقى زامان ئۇرۇشىدا ئىككى خىل مەزمۇنغا ئىگە: بىر خىلى، دۈشمەن ئەھۋالى ئايان بولغان، بىراق، ئۆزىمىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى تېخى پۈتمىگەن چاغدا، دۈشمەننىڭ ئاساسىي كۈچىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ھەرگىزمۇ «ئوت - چۆپنى مىدىرلىتىپ» قويماسلىق (مەسىلەن، دۈشمەننىڭ كۆزەتكۈچىلىرىگە تەگمەسلىك، ئاختۇرۇش ئەترەتلىرى چىقارماسلىق قاتارلىقلار) كېرەك. بۇنداق قىلىش ئارمىيىمىزنىڭ مەقسىتىنى يوشۇرۇش، دۈشمەننىڭ ئاساسىي كۈچىنىڭ چۆچۈپ كېتىپ ئۆزگىرىش ياسىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ؛ يەنە بىر خىلى، ئالدى بىلەن ساختا ھۇجۇم ياكى ياردەمچى ھۇجۇم قىلىش تاكتىكىسىنى ئىشلىتىپ (ئۇيغۇرلاردا بۇنداق تاكتىكا «بۆرە ئويۇنى» دېيىلىدۇ) «ئوت - چۆپنى مىدىرلىتىپ»، يىلاننى كامىرىدىن چىقىرىپ يوقىتىش. مەسىلەن، 1951 - يىل 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە پىدائىي قىسىملىرىمىزنىڭ مەلۇم قىسمى چاۋشيەننىڭ جىڭدۇڭ دېگەن يېرىنىڭ غەربىي شىمالى ئېگىزلىكىگە قىلغان ھۇجۇم جېڭىدە ئاشۇنداق قىلغان. ئۇ چاغدا دۈشمەن ئىككى دانە كىچىك تەشمە ئاكوپ، 40 تىن ئوشۇق پوتەي ۋە زەمبىرەكتىن مۇداپىئەلىنىدىغان 30 دىن ئارتۇق بىلىنداز



دىن تەركىب تاپقان تايانچ پوزىتسىيىگە تايىنىپ مۇداپىئەلىنىۋاتقانىدى. ھۇجۇم قىلغۇچى قىسىملىرىمىز ئىككى تۈمەن ئاساسىي كۈچ، شۇنىڭدەك قوشۇپ بېرىلگەن بىر قىسىم زەمبىرەكلەر ۋە تانكىلاردىن تەركىب تاپقانىدى. 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى كېچىدە، ھۇجۇمچى قىسىملىرىمىز ئالدى بىلەن ئىككى پەي ئەسكىرىي كۈچ ئارقىلىق دۈشمەن پوزىتسىيىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئىلگىرىلەپ بېرىپ ئوت ئاچىدۇ، 24 مىنۇت داۋام قىلغان جىددىي جەڭ نەتىجىسىدە، دۈشمەن ئىستىھكامدىن چىقىپ جەڭگە كىرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. دۈشمەننىڭ ئەسكىرىي كۈچى تولۇق ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، ئىككى پەيىمىزنىڭ دەرھال چېكىنىشىگە ئەگىشىپ، 24 كاتيۇشا تەڭلا ئوت ئاچىدۇ، تاغ زەمبىرىكى، دالا زەمبىرىكى (گائۇبىتسا)، پوشكا ۋە تانكا زەمبىرىكىمۇ ئوت ئېچىپ دۈشمەننى بېسىپ تۇرىدۇ، شۇنداق قىلىپ دۈشمەننى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىتىدۇ. ئارقىدىنلا ھۇجۇمچى قىسىملىرىمىز ئاتاكىغا ئۆتۈپ، دۈشمەننىڭ شۇ يەرنى ساقلاۋاتقان ئۈچ لىيەنىنى قويماي يوقىتىدۇ.

### 14. ئۆلۈككە جان كىرگۈزۈش

ئۆلۈككە جان كىرگۈزۈش ئەسلىدە ھالاك بولغان نەرسىنى باشقا شەكىللەر بىلەن مەيدانغا ئېلىپ چىقىشقا تەمسىل قىلىنىدۇ. بۇ يەردە پايدىلىنىشقا بولىدىغان بارلىق نەرسىلەردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ھەربىي ئىشلار مۇددىئاسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش كۆزدە تۇتۇلغان.

ئۇرۇشتا باشقىلارنى قورال كۈچى ئارقىلىق قوللىغان، ھەمدە باشقىلارنىڭ ئورنىدا ھۇجۇمغا ئۆتكەن ياكى مۇداپىئە كۆرگەن چاغدا، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باشقىلارنى كونترول قىلىۋېلىش ياكى خەلقنىڭ زېمىنىنى ئىشغال قىلىۋېلىشمۇ

ئۆلۈككە جان كىرگۈزۈش دەپ ئاتىلىدۇ. مىلادى 112 - يىلى ساۋ ساۋ لەشكەر تارتىپ خەنجۇڭنى تايانچ قىلىپ تۇرغان جاڭ لوغا ھۇجۇم قىلىدۇ، ئىچكى قىسمىدا بۆلۈنۈش بولۇۋاتقان يىجۇدىكى ليۇ جاڭ گۇرۇھى ساۋ ساۋنىڭ خەنجۇڭنى ئالغاندىن كېيىن ئۆزىگە ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ليۇ بېينى شۇخەنگە كېلىپ يار - يۆلەكتە بولۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ تەكلىپ ليۇ بېيغا خوپ ياقىدۇ. شۇڭلاشقا، ليۇ بېي شۇ يىلى قىشتا لەشكەرلىرىنى باشلاپ شۇ - خەنگە كىرىدۇ. شۇ - خەنگە كىرگەندىن كېيىن، ئىككى يىل جەڭ قىلىش ئارقىلىق شۇ - خەندىكى يىجۇ ئايمىقىنى ئىشغال قىلىپ، دۆلەت قۇرۇپ ئىگىلىك تىكلەش ئاساسىنى قۇرىدۇ.

ئۇرۇشنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغان ئەھۋال ئاستىدا، پايدىلىنىشقا بولىدىغان بارلىق پۇرسەت ۋە نەرسىلەردىن پايدىلىنىپ تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، مەغلۇبىيەتنى غەلىبىگە ئايلاندۇرۇشمۇ مەزكۇر ئامالنى قوللىنىش دائىرىسىگە كىرىدۇ. 1951 - يىل 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، پىدائىي قىسىملىرىمىزنىڭ مەلۇم قىسىم 2 - يېڭى بۇيرۇققا بىنائەن خەنجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى پوزىتسىيىسىنى ۋە يىگزىنىڭ چوققىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى «584» ئېگىزلىكنى مەھكەم ساقلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. دۈشمەن بىلەن ئۇدا بەش كېچە - كۈندۈز قانلىق جەڭ قىلىپ، 1000 دىن ئارتۇق دۈشمەننى يوقىتىدۇ. ئارقىدىن ئوق - دورا يېتىشمىگەنلىكى ۋە قىسىملارنىڭ ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغانلىقى تۈپەيلىدىن، پوزىتسىيە قولدىن كېتىدۇ. 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سائەت سەككىزلەردە ئامېرىكا قوشۇنلىرى بىر يىگدەك ئەسكىرىي كۈچنى ئىشقا سېلىپ ئېگىزلىكنى ئىشغال قىلىۋالىدۇ. بۇ چاغدا، ئاسماننى تۇيۇقسىز تۇمان قاپلاپ، ئالدى تەرەپتىكى ئون مېتر يىراقلىقتىكى



نىشانلارنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ ھال دۈشمەنگە يوشۇرۇن يېقىنلىشىشقا ئىنتايىن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ، بۇ چاغدا، يىڭ باشلىقلىرى تەھلىل يۈرگۈزۈپ: دۈشمەن ئېگىزلىكنى ئەمدىلا ئىگىلىگەن بولغاچقا، خۇدىنى بىلمەي قالىدۇ، كۆرەڭلەپ بىزنى سەل چاغلايدۇ، مۇداپىئەسى مۇستەھكەم ئەمەس، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھازىرلا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش كېرەك، دەپ ھېسابلايدۇ. سائەت سەككىزدىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، ئىككى يىڭدا قېپ قالغان 26 جەڭچى ئامېرىكا ئەسكەرلىرىچە ياسىنىپ، تۇماندىن پايدىلىنىپ، ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، سول - ئوڭ ئىككى قاناتتىن ئېگىزلىككە قاراپ ئاتلىنىدۇ. ئوڭ يولدىكى قايتۇرما زەربە بەرگۈچى گۇرۇپپىمىز تېز ئىلگىرىلەپ دۈشمەنگە 100 مېتر قالغان جايغىچە كەلگەندە، دۈشمەنلەرنىڭ ھېچنېمىنى تۇيماي، ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ تاماق يېۋاتقانلىقىنى بايقايدۇ. ئۇلار كەسكىنلىك بىلەن چاپسان ئىلگىرىلەپ دۈشمەنگە 4 — 5 مېتر قالغاندا تۇيۇقسىز ئوت ئېچىپ، دۈشمەننى قىمىرلىيالماس قىلىپ قويىدۇ. دەل مۇشۇ پەيتتە، سول يولدىكى قايتۇرما زەربە بېرىش گۇرۇپپىمىزمۇ تۇيغۇزماي دۈشمەن پوزىتسىيىسىگە بۆسۈپ كىرىدۇ. دۈشمەن قايتۇرما زەربە بېرىش گۇرۇپپىمىزدىن ھاڭ - تاڭ بولۇپ، قۇيرۇقىنى قىسىپ تىكىۋېتىدۇ. ئون نەچچە مىنۇتلۇقلا جەڭ ئارقىلىق، ئوتتۇز نەچچە دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ ئېگىزلىك قايتۇرۇۋېلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىدە ئاز بىلەن كۆپنى يېڭىش، ئاجىز تۇرۇپ كۈچلۈك ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنىڭ ئۈلگىسى يارىتىلىدۇ.

## 15. يولۋاسنى ئالداپ تاغدىن چۈشۈرۈش

بۇ ئامال دۈشمەننىڭ بۇرۇنغا نۇقتا سالىدىغان بىر خىل

تەدبىر. بۇ يەردە ئېيتىلغان «يولۋاس» كۈچلۈك دۈشمەنگە قارىتىلغان؛ «تاغ» ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئېسىل پوزىتسىيە شارائىتىغا تەمسىل قىلىنىدۇ. كۈچلۈك دۈشمەن پايدىلىق يەر تۈزۈلۈشىدە تۇرغاندا، يولۋاسقا قانات قوشۇلغاندەك بولىدۇ- دە، تېخىمۇ قۇدرەت تاپىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بۇرنىغا نوقتا سېلىپ ئېسىل پوزىتسىيىدىن يېتىلەپ ئېلىپ چىقىدىغان بولساق، ئۇنىڭ كۈچلۈكلۈكى ئاجىزلىققا ئايلىنىدۇ.

ئەمەلىي جەڭلەردە بۇ ئامال ئىككى خىل شەكىلدە قوللىنىلىدۇ: بىر خىلى، دۈشمەننى ئالداپ مۇستەھكەم تايانچ نۇقتىلاردىن مەھرۇم قىلىپ قىلتاققا چۈشۈرۈش؛ يەنە بىر خىلى، دۈشمەننى ئالداپ ئانچە مۇھىم بولمىغان يۆنىلىشىمىزگە ياكى دۈشمەنگە نەپ بەرمەيدىغان باشقا بىر جەڭ مەيدانىغا باشلاپ قويۇپ، ئۇدۇل تەرەپىمىزدىكى جەڭ مەيدانىغا كېلىدىغان بېسىمنى يېنىكلىتىش ياكى شۇ جەڭ مەيدانىنى خەۋپتىن خالى قىلىش. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، ۋۇدۇدىكى چاڭلار توپىلاڭ كۆتۈرىدۇ. خەن سۇلالىسى خاندانلىقى يۇ شۇنى ۋۇدۇنىڭ ۋالىيلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، توپىلاڭنى تىنجىتىشقا ئەۋەتىدۇ. يۇ شۇ لەشكەر تارتىپ ئىلگىرىلەش سەپىرىدە، كۈتمىگەندە چاڭلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، جىنساڭدىكى شياۋشەن جىلغىسىدا توسۇلۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا، يۇ شۇ لەشكەرلىرىنى ھاپىلا - شاپىلا مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈشكە ئۇيۇشتۇرماستىن، بەلكى لەشكەرلىرىگە ئۆز جايىدا توختاپ تۇرۇش ھەققىدە يارلىق چۈشۈرىدۇ، ھەمدە مەكتۇپ يوللاپ ياردەم تىلەيدىغانلىقى، ياردەم بەرگۈچى ئەسكەرلەر كەلگەندە ئاندىن ئىلگىرىلەيدىغانلىقى توغرۇلۇق سۆز - چۆچەك تارقىتىدۇ. چاڭلار بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسىنىڭ ياردەم بەرگۈچى لەشكەرلىرى يېتىپ كەلگىچە ئاز - تولا نەرسە توپلىۋالايلى،



دەپ ئويلاپ، تارقىلىپ قوشنا ئايماقلارغا مال - مۈلۈك بۇلاشقا كېتىپ قالىدۇ. يۇ شۇ چاڭلارنىڭ تارقىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئالغا يۈرۈش قىلىدۇ. ئۇلار كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ كۈنىگە 100 نەچچە چاقىرىمدىن جىددىي يۈرۈش قىلىدۇ، ھەر كۈنى قارارگاھقا يېتىپ بارغاندا، لەشكەرلىرىگە ئوچاقلارنى ئالدىنقى كۈندىكىدىن كۆپەيتىشنى بۇيرۇيدۇ. چاڭلار بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، يۇ شۇگە ياردەمگە كېلىدىغان لەشكەرلەر يېتىپ كەلگەنگە ئوخشايدۇ، دېگەن ئويغا كېلىپ، ئۇلارغا چېقىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن چاڭلار پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. يۇ شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قامالنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئىچكى سەپتىكى ئۇرۇشنى تاشقى سەپتىكى ئۇرۇشقا ئايلاندۇرۇپ، چاڭلارنى مەغلۇپ قىلىدۇ.

مەزكۇر ئامالنى ئىشلەتكەندە، دۈشمەننىڭ خاتا تۇيغۇسىدىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇپ، ئەپچىللىك بىلەن ھەرخىل ساختا ئەھۋاللارنى پەيدا قىلىپ، ئىشنى پايدىلىق تەرەپكە تارتىپ «كالىنى بۇرنىدىن يېتىلەش» لازىم. 1944 - يىل 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئامېرىكا - ئەنگلىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى قوزغىغان نورماندىكى قۇرۇقلۇققا چىقىش ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسى باشلىنىدۇ. بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ ھاۋا دېسانت قىسىملىرى فرانسىيىنىڭ كىتىندىن يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىدا بىر كۈندىن كۆپرەك جىددىي جەڭ قىلىش ئارقىلىق قۇرۇقلۇققا چىققۇچى قىسىملىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. بۇ چاغدا، كەلكۈن رايونىنىڭ ئارقا تەرىپىدە قېپقالغان ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئىككى ھاۋا دېسانت دىۋىزىيىسى يەنىلا گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ مۇھاسىرىسىدە قېلىش خەۋپى ئىچىدە تۇراتتى. بىراق، گېرمانىيە ئارمىيىسى كېتىندىن يېرىم ئارىلىدىن قۇرۇقلۇققا چىققان بىرلەشمە ئارمىيە ئالكاۋۇر ھاۋا دېسانت قىسىملىرى ئەمەس،

دېگەن خاتا قاراشتا بولۇپ، ئۇنىڭغا ئېتىبارسىز قارايدۇ. 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگە كەلگەندىلا، گېرمانىيە ئارمىيىسى ئاندىن زاپاس ئەسكىرىي كۈچىنى كېيىنىدىن يېرىم ئارىلىدىن كەلكۈن رايونىغا قاراپ ئاتلاندۇردى. دەل مۇشۇ پەيتتە، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئېفوكچىنىڭ شىمالىي ۋە غەربىدە زور تۈركۈمدە بىرلەشمە ئارمىيە ھاۋا دېسانتلىرىنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ زاپاس ئەترىتى دىلىغۇل بولۇپ تۇرغاندا، يەنە توساتتىن: بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ 300 دىن ئارتۇق ئايروپىلانى سىنلونىڭ غەربىدىكى رايونلارغا نۇرغۇن پاراشوتچىلارنى تاشلىدى دېگەن خەۋەر يېتىپ كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ، پاراشوتچىلارغا ئوخشاش ياساندۇرۇلغان ياغاچ قورچاقلار ئىدى. گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ مارشالى ئېرۋىت. روممىل بۇنى بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ سىنلودا كەڭ كۆلەملىك ھالدا دېڭىزدىن قۇرۇقلۇققا چىقماقچى بولۇۋاتقانلىقىنىڭ مۇقەددىمىسى، دېگەن خاتا ئوي بىلەن زاپاس ئەترىتىنىڭ بارلىق كۈچىنى سىنلوغا يۆتكەش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ. ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئىككى ھاۋا دېسانت دىۋىزىيىسى گېرمانىيە ئارمىيىسى غەربكە يۈرۈش قىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كەلكۈن رايونىدىن ئۆتۈپ خەۋپتىن قۇتۇلدۇ.

### 16. تۇتۇش ئۈچۈن قويۇپ بېرىش

بۇ — پسىخولوگىيە ئۇرۇشى تۈسىنى ئالغان بىر تەدبىر. ئۇرۇشنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى ئىگىلىگەن ئەھۋال ئاستىدا، كوماندىر ئوڭۇشلۇق تەرەپنىلا كۆرۈپ قالماستىن، ئۇچراش ئېھتىمالى بولغان يېڭى قىيىنچىلىقلارنىمۇ مۆلچەرلەپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن شارائىت يارىتىپ، غەلىبە قازىنىش ئىشەنچىسى چوڭراق، قولغا كەلتۈرۈش ئاسانراق بولغان،



چىقىم نىسپىي ھالدا ئازراق بولغان، جۈملىدىن روھىي جەھەتتىن دۈشمەننى پارچىلاش ۋە ئاجىزلاشتۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇرۇش ئۇسۇلىنى تاللىشى لازىم. بۇ ھەربىي كۈرەشتىكى ئەڭ يۇقىرى پرىنسىپ، يەنى «ئۇرۇش قىلماي تۇرۇپلا باش ئەگدۈرۈش» كە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە، جۇگېلياڭ يىزۇلارنىڭ سەردارى مىڭ خونى يەتتە قېتىم تۇتۇۋېلىپ يەتتە قېتىم قويۇپ بېرىپ، تەدرىجىي ھالدا چەت - ياقا جايلارغا سىڭىپ كىرىدۇ، ھەممە مىڭ خونى چىن دىلىدىن قايىل قىلدۇرۇپ، ئۆلسىمۇ قايتا قارشى تۇرمايدىغان قىلىدۇ. جۇگېلياڭنىڭ يەتتە قېتىم قويۇپ بېرىشىدىكى غەرىزى — زېمىننى كېڭەيتىپ، مىڭ خونى ئۈلگە قىلىپ تىكلەپ، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى باش ئەگدۈرۈش ئىدى. بۇنىڭدا، سىياسىي ئېھتىياج نەزەردە تۇتۇلغان. ئەگەر ئۇرۇش تەلەپى بويىچە بولغاندا، تۇتۇۋېلىنغان دۈشمەننى قايتا قويۇپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

تۇتۇش ئۈچۈن قويۇپ بېرىش. قاچقۇننى قوغلىماي، دۈشمەنگە ھاياتلىق يولىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۇنى جان تىكىپ جەڭ قىلىش ئىرادىسىدىن مەھرۇم قىلىپ، تەلەيدىن كۆرۈپ جېنىنى ئېلىپ قاچىدىغان، ئۇرۇش قىلماي جېنىنى ساقلايدىغان ئويغا كەلتۈرگەندىلا، بىزگە تېخىمۇ پايدىلىق بولغان ئۇرۇش پەيتىنى ياراتقىلى بولىدۇ. ئازادلىق ئۇرۇش جەريانىدا سەنشى - خېبېي - شەندۇڭ - خېنەن دالا ئۇرۇشى ئارمىيىمىز «سەندۇڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسى» دە مۇشۇنداق قىلغان. 1947 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كېچىدە، ليۇبوچېڭ، دېڭ شياۋپىڭ زور قوشۇنى بىر يولىلا دۈشمەننىڭ خۋاڭخې مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، شەندۇڭنىڭ غەربىي جەنۇبىغا كىرىدۇ. ئالدىنئالا بەلگىلەنگەن ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسى پىلانى بويىچە، بىرىنچى

باسقۇچتا يۈنچىڭ ۋە دىڭتاۋدىكى دۈشمەننىڭ ئۈچ لوپىنى يوقاتقاندىن كېيىن، دەرھال ئەسكىرىي كۈچنى يۆتكەپ، تۆت كالوننا ئەسكىرىي كۈچ بىلەن لىۋيېڭدىكى دۈشمەن ۋە ياڭشەن بازارلىرىدىكى دۈشمەننىڭ ئۈچ شىسىنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، 1 - ۋە 6 - كالوننىمىز دۈشمەننىڭ ئىككى شىسىنى 200 ئۆيلۈكلا ئاھالە جايلاشقان لىۋيىڭ بازىرىغا قورشىۋالىدۇ. دۈشمەننى «جاھىللىق بىلەن جان تالىشىدىغان» قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئارمىيىمىز تۇتۇش ئۈچۈن قويۇپ بېرىش ئامالىنى قوللىنىپ، مۇھاسىرە چەمبىرىكىنىڭ بىر تەرىپىنى ئوچۇق قويۇپ، ھاياتلىق يولى قالدۇرغان بولۇپ، دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈشكە يول قويۇپ، ئۇنى ھەرىكەت جەريانىدا يوقىتىشنى قارار قىلىدۇ. بۇنىڭ كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇنداق بولىدۇ: 1 - كالون لىۋيىڭ بازىرىنىڭ شەرقىدىن جىغاڭ ئەتراپىدىكى ئوچۇقچىلىق جايلارغا چېكىنىپ، غەلىتە شەكىلدە ئورۇنلىشىپ، دۈشمەننى كۈتۈپ تۇرىدۇ. 6 - كالون ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىدۇ. (غەربىي تەرەپنى ئاساسىي ھۇجۇم تەرىپى قىلىدۇ) دۈشمەنلەر پاتىپاراق بولۇپ، شەرقىي يول بىلەن قېچىپ جىنىڭدىكى دۈشمەنلەرگە يېقىنلاشماقچى بولىدۇ. ئىش دەل بىزنىڭ پىلانىمىزدەك بولۇپ، دۈشمەننىڭ قاچقان ئىككى شى ئەسكىرىي كۈچى پۈتۈنلەي يوقىتىلىدۇ.

## 17. «ئالتۇن ئېگەرلىك ئات ئېلىش ئۈچۈن، ئېگەر توقۇملۇق ئات بېرىش»

بۇ سۆزنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى ئامالىنىڭ نامى قىلىنىشى ئاساسەن «ئالداپ قاپقانغا چۈشۈرۈش»، «بۇرۇندىن يېتەلەش تاكتىكىسى» غا قارىتىلغان.



قەدىمكىلەرنىڭ قارىشىچە، دۈشمەننى ئېزىقتۇرۇشنىڭ ئامماللىرى ناھايىتى كۆپ. لېكىن، ئەڭ ياخشى ئامال تۇغ - ئەلەملىرىنى كۆتۈرۈپ، داقا - دۇمباقلىرىنى ياڭرىتىپ، قۇرۇق تېرە تاراقشىتىپ دۈشمەننى ئېزىقتۇرۇشنى بىلىشلا بولماستىن، بەلكى ئاكتىپلىق بىلەن نىقابلىنىپ، يالغاننى راست قىلىپ كۆرسىتىپ، ئالداپ قاپقانغا چۈشۈرۈشكە ماھىر بولۇشتىن ئىبارەت. مىلادىدىن ئىلگىرى 700 - يىلى، چۇ بەگلىكى جاۋ بەگلىكىگە جازا يۈرۈشى قىلىدۇ. ئۇنىڭ زور قوشۇنى جاۋ بەگلىكى پايتەختىنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ. چۇشا دېگەن بىر كەمتەر ئەمەلدار پەم كۆرسىتىپ، جاۋ بەگلىكى كىچىك بەگلىك بولسىمۇ، دۈشمەننى سەل چاغلاپ بىخۇدلاشقا بولمايدۇ، دۈشمەنگە سەل قارىغاندا، يىراقنى كۆزلەپ چوڭقۇر ئويلىغىلى بولمايدۇ، مەسىلىگە ئاددىي قاراش كېلىپ چىقىدۇ، دەيدۇ. چۇ بەگلىكى قوشۇنى مۇشۇ ئامال بويىچە ئىشلەيدۇ. بىرىنچى كۈنى 30 ئوتۇنچىنى تاغقا ئوتۇن كەسكىلى چىقىرىدۇ، بۇ ئوتۇنچىلار جاۋ بەگلىكى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىدۇ. ئىككىنچى كۈنى چۇ بەگلىكى يەنە نۇرغۇن قوغدىغۇچىسىز ئوتۇنچىنى يەنە بىر قېتىم تاغقا ئوتۇن كەسكىلى چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تاغ ئاستىغا ئەسكەرلىرىنى يوشۇرۇن ئورۇنلاشتۇرىدۇ. جاۋ بەگلىكىدىكىلەر تۈنۈگۈنكى نەپىدىن ئويلاپ، بۈگۈنكى ھىيلىنى بىلمەي، چۇ بەگلىكىنىڭ ئوتۇنچىلىرىنى تۇتۇش ئۈچۈن شىمالىي دەرۋازىدا لەشكەرلىرىنى ئەۋەتىپ، سەپ تارتىپ تەييار تۇرىدۇ. نەتىجىدە، جاۋ بەگلىكىدىكىلەر تاغقا چىقىش سەپىرىدە چۇ بەگلىكى قوشۇنىنىڭ يوشۇرۇن ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ، سولىشىپ قايتقان بىر قىسىم قالدۇق لەشكەرلەر شەھەرنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىغا قېچىپ كەلگەندە پۈتۈنلەي ئەسىر ئېلىنىدۇ.

«ئېگەر توقۇملۇق ئات بېرىش» — بىر خىل تاكتىكىلىق نىقابلىنىش ھەرىكىتى بولۇپ، ھەقىقىي تۇردە «ئالتۇن ئېگەرلىك ئات ئېلىش» مەقسىتىگە يېتىشنىڭ ئاچقۇچى — دۈشمەندە خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلىشتا. 1947 - يىلى 5 - ئاينىڭ باشلىرىدا، غەربىي شىمال دالا ئۇرۇشى ئارمىيىمىز دۈشمەنىنىڭ پەنلۇڭدىكى مۇستەھكەم ئىستىھكاملىرىغا ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىنى ئەنە شۇنداق ئېلىپ بارغانىدى. شۇ چاغدا دۈشمەنلەر چىڭخۇابيەن، ياڭماخې بويلىرىدا مەغلۇپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي كۈچى بىر يەرگە توپلىنىشۋالغانىدى. پەنلۇڭغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن دۈشمەنىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى يۆتكەتكۈزۈپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى مەغلۇپ قىلىشىمىزغا توغرا كېلەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئارمىيىمىز ئالدى بىلەن ئۇياقتىن شەپە بېرىپ قويۇپ، بۇياقتىن ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، سۇيدى، مىجى دېگەن جاينىڭ شەرقىدىكى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ كېچىكىگە كۆپلىگەن كېمىلەرنى توپلايدۇ، ھەممە بىرقانچە يوللارغا بۆلۈنۈپ كىچىك فىندۇي بويىچە سۇيدى يۆنىلىشىگە قاراپ يالغان ھەرىكەت قىلىدۇ. دۈشمەنلەر ھاۋا بوشلۇقىدىن بۇ ئەھۋاللارنى رازۋېتكا قىلىپ، خاتا ھالدا ئارمىيىمىزنىڭ ئاساسىي كۈچىنى شەرق تەرەپ ئارقىلىق خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتمەكچى بولۇۋاتىدۇ دەپ قاراپ، توققۇز لۇي ئەسكىرىي كۈچى بىلەن شىمالغا يۈرۈش قىلىشنى باشلايدۇ. ئارمىيىمىز يەنە «ئالتۇن ئېگەرلىك ئات ئېلىش ئۈچۈن ئېگەر توقۇملۇق ئات بېرىش» تىن ئىبارەت «بۇرنىدىن يېتىلەش تاكتىكىسى» نى قوللىنىدۇ. يەنى بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچ بىلەن شىمالغا يۈرۈش قىلىۋاتقان دۈشمەنلەرگە قەدەمدە بىر زەربە بېرىدۇ ھەممە يول ئۈستىدە بەلگە، ماددىي ئەشيا قاتارلىق نەرسىلەرنى تاشلاپ قويۇپ، مەقسەتلىك ھالدا ھەرىكىتىمىزنى ئاشكارىلاپ، دۈشمەننى ئارمىيىمىزنىڭ ئاساسىي كۈچىنى شىمالغا



چېكىنىۋاتىدۇ دەپ خاتا تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويۇپ، توختىماستىن جىددىي قوغلاپ، يۈلىندىكى دىڭ باۋشى قوشۇنى بىلەن ماسلىشىپ، ئارمىيىمىزنىڭ ئاساسىي كۈچىگە جياشەن، ۋۇباۋ رايونىدا جەنۇب ۋە شىمالىي تەرەپتىن قىسىپ ھۇجۇم قىلىشقا قىزىقتۇرىدۇ. دۈشمەنىنىڭ ئاساسىي كۈچى سۇيدىغا ئالدىراپ يېتىپ كەلگەندە، بىزنىڭ ئاساسىي كۈچىمىز ياردەمسىز يالغۇز قېلىپ پەنلۇڭنى ساقلاۋاتقان دۈشمەنلەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ چاغدا دۈشمەنىنىڭ سۇيدىدىكى ئاساسىي كۈچى تايانچىسىز قېلىپ كۈچىنى ئىشقا سالالماي، ياردەم بېرىشكە ئامالسىز قالىدۇ.

### 18. ئوغرىنى تۇتساڭ چوكىنى تۇت

بۇ ئامالنىڭ ئاساسىي مەنىسى — ئۇرۇشتا ئاساسىي زىددىيەتنى تۇتۇپ، ئۈزۈل - كېسىل غەلىبە قىلىشقا قارىتىلغان.

قەدىمكىلەرنىڭ قارىشىچە، ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغاندا، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى قەلبىگە پۈكۈپ، باش - ئاخىرىغا نەزەر سېلىپ، جەڭ نەتىجىسىنى غەلىبىسىرى كېڭەيتىشكە ماھىر بولۇش، زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش پەيتىنى ھەرگىز قويۇۋەتمەسلىك كېرەك. كوماندىر دۈشمەنىنىڭ تارمار قىلىنغانلىقىنى پۈتۈنلەي غەلىبە قازانغانلىق دەپ قاراپ، دۈشمەنىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى يوقاتمايدىغان، ئۇنىڭ قوماندانىنى تۇتمايدىغان بولسا، يولۋاسنى تاغقا قويۇپ بېرىپ، تۈگىمەس بالاغا قالغانىدەك ئىش بولۇپ قالىدۇ.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، جاڭ شۈن بىلەن سۈن زىچى بىر-بىرىگە قارشى ئۇرۇشقا ئاتلىنىدۇ. جاڭ شۈنىنىڭ قوشۇنى دۈشمەن قوشۇنىنىڭ تۇغى ئاستىغىچە ھۇجۇم قىلىپ بېرىپ، كەينى - كەينىدىن دۈشمەنىنىڭ 50 تىن ئارتۇق سەركەردى-

سىنى، 5000 دىن ئارتۇق لەشكىرىنى ئۆلتۈرىدۇ، دۈشمەن قوشۇنى پاتىپاراق بولۇپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا، جاڭ شۈن، سۈن زىچىنى ئېتىپ ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ، بىراق ئۇنى تونۇمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن لەشكەرلىرىگە بامبۇكنى ئۈچلاپ، يا ئوقى قىلىپ ئېتىشنى بۇيرۇيدۇ. قارشى تەرەپ بامبۇك ياغىچىدىن ياسالغان يا ئوقنى كۆرۈپ، جاڭ شۈن قوشۇنلىرىنىڭ يا ئوقى تۈگىگەن ئوخشايدۇ، دەپ خۇش بولۇشۇپ كېتىپ، ئالدىراپ - تېنەپ سۈن زىچىغا مەلۇم قىلىشىدۇ. نەتىجىدە جاڭ شۈن دۈشمەن تەرىپىنىڭ باش سەركەردىسىنى تونۇۋالىدۇ - دە، دەرھال قول ئاستىدىكى سەركەردىسى نەن جىيۈنگە ئوقيا ئېتىشقا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. ئېتىلغان يا ئوقى دەل سۈن زىچىنىڭ سول كۆزىگە تېگىدۇ. سۈن زىچى ئالدىراپ - تېنەپ لەشكەرلىرىنى يىغىپ چېكىنىدۇ. دېمەك، ئۇ ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىشقا تاسلا قالىدۇ.

ھازىرقى زامان شارائىتىدا، ئۇرۇشنىڭ شەكلى ۋە ئۇسۇلى جەھەتتە ئۆتمۈشتىكىگە قارىغاندا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. ئوغرىنى تۇتقاندا چوڭىنى، تۇتۇشنى دۈشمەننىڭ قوماندانلىق ئورۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىش دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. لېكىن بۇ كۆپىنچە مۇئەييەن شارائىتلاردا ئۇدۇلدىن قىلىنىدىغان جەڭگە ماسلىشىدىغان تۇيۇقسىز ھۇجۇم ۋاسىتىسى قىلىپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، كۆپچىلىككە تونۇشلۇق بولغان پىدائىي قىسىملىرىمىزنىڭ «بەيخۇتۇەنگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش» جېڭى بۇنىڭ بىر مىسالى. بەزىدە، ئۇدۇلدىن قىلىنىدىغان ھۇجۇمدا دۈشمەننىڭ خاتا تۇيغۇسىدىن پايدىلىنىشنى «يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىش تاكتىكىسى» قىلىشقىمۇ بولىدۇ. 1948 - يىل 7 - ئايدا، ئارمىيىمىز شياكياڭ شەھىرىنى ئېلىشتا مۇشۇنداق قىلغان. شياكياڭ شەھىرى مۇھىم تۈگۈنگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ شەرق، غەرب، شى-



مال تەرەپلىرى خەنشۈيدىكى تەبىئىي ئىستىھكاملارغا ياندىشىدى. جەنۇب تەرىپى قاتمۇقات تاغلاردىكى تەبىئىي توسالغۇلارغا يېقىن تۇتىشىپ تۇراتتى. خەنشۈي بىلەن شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى چوڭ تاغنىڭ ئارىلىقىدا، شەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسىغا ئۇدۇل يېتىپ بارىدىغان تار ۋە ئۇزۇن بىر كارىدور بار ئىدى، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى تۈزتاش كەتكەن قاتمۇقات تاغلاردا نۇرغۇنلىغان ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن پوتەيلەر ياسالغان بولۇپ، بۇلار مۇستەھكەم مۇداپىئە سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. بۇ يەرنى ساقلاۋاتقان دۈشمەننىڭ كوماندىرى كاڭ زى ئارمىيىمىزنىڭ «ئاۋۋال تارقاق، يەككە - يېگانە تۇرغان دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىش» تىن ئىبارەت ئۇرۇش قىلىش ئالاھىدىلىكىنى پىششىق بىلەتتى، مۇستەھكەم ئىستىھكاملارغا ھۇجۇم قىلىش جېڭى، ئادەتتە ئاۋۋال تاشقى دائىرىنى تازىلاپ، قاتمۇقات پوستىنى سۈيۈپ، ئاندىن يۈرىكىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ئېلىپ بېرىلاتتى. ئارمىيىمىزنىڭ مەلۇم تۈەنى بۇ جاينىڭ يەر قۇرۇلۇشى ئالاھىدىلىكى ۋە بۇ يەرنى ساقلاۋاتقان دۈشمەننىڭ ئادەت كۆز قارىشىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ، ئالدى بىلەن پىباشەن تېغىنى كېسىپ ئۆتۈپ، شەھەرگە ئەڭ يېقىن بولغان جېنۋۇشەن تېغىنى ئېلىپ، مۇھىم يول كارىدورنى ئېچىپ «يولۋاسنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ» ئېلىش بىلەن ئۇدۇل شياڭياڭ شەھىرىگە قىستاپ بېرىپ، تاشقى دائىرە تاغ چوققىسىدىكى دۈشمەنلەرنى كارغا كەلمەس قىلىپ قويىدۇ. ئاندىن كېيىن، شەھەرگە ھۇجۇم قىلغۇچى قىسىملىرىمىز يەنە ئۇياقتىن شەپە بېرىپ قويۇپ، بۇياقتىن ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، كاڭ زىنى تىرىك تۇتۇپ، شياڭياڭ شەھىرىنى ئازاد قىلىدۇ، پۈتكۈل ئۇرۇش سەككىز كۈنلا داۋام قىلىدۇ. گومىنداڭنىڭ «سېپىل -

خەندەكلەر بىلەن ئورالغان قەلئە» دەپ ئاتالغان خەنشۈي مۇداپىئە لىنىيىسىنىڭ ۋەتۋەرىگى چىقىپ كېتىدۇ.

## 19. قايناۋاتقان قازاننىڭ ئوتىنى تارتىۋېتىش

قازاندىكى سۇ ئوتنىڭ تەپتىدىن قاينايدۇ. ئوتۇن بولسا ئوتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان خام ئەشيادۇر. پۈرۈقلاپ قايناۋاتقان سۇنى توختىتىش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما، ئوتۇننى تارتىۋېتىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئادەمگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ. قايناۋاتقان سۇنى توختىتىشنىڭ ئامالى ئىككى: بىرى قايناۋاتقان سۇنى سورۇپ توختىتىش، يەنە بىرى، ئوتنى تارتىۋېتىش. بۇ ئاددىي قائىدە ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىشتا قوللىنىلسا، قارشى تۇرۇپ بولمايدىغان دۈشمەنگە توغرا كەلگەندە، ئۇنىڭ تىغ ئۇچىدىن ئۆزىنى تارتىپ، ئامال قىلىپ ئۇنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرغىلى بولىدۇ. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، يۈەن شاۋ بىلەن ساۋ ساۋ ئوتتۇرىسىدا بولغان گۇەندۇ ئۇرۇشىدا يۈەن شاۋنىڭ 100 مىڭ لەشكىرى بولۇپ، ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشەكلىرى يېتەرلىك ئىدى؛ ساۋ ساۋنىڭ بولسا 20 مىڭلا لەشكىرى بار ئىدى. ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشەكلىرى يېتەرسىز ئىدى. ئەمەلىي كۈچى تەڭپۇڭسىز ئەھۋال ئاستىدا، ساۋ ساۋ شۈيۈننىڭ قايناۋاتقان قازاننىڭ ئوتىنى تارتىۋېتىش ھىيلىسىنى قوللىنىپ، ئۆزى بىۋاسىتە 5000 لەشكەرنى باشلاپ يۈەن شاۋنىڭ ئۇرغۇن ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشەك توپلانغان ئۇۋۇسىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى دەككە ـ دۈككىگە سېلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۈەن شاۋ قوشۇنلىرى ئۇرۇش قىلالماستىنلا قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا، ساۋ ساۋ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، قوشۇنلىرىنى ھۇجۇمغا ئاتلاندۇرۇپ،



يۈەن شاۋ قوشۇنلىرىنى تىرىپىرەن قىلىۋېتىدۇ.

قەدىمكى ئۇرۇشلاردا، قورال ـ جابدۇقلار ناچار بولغانلىقتىن، ئارمىيىنىڭ جەڭگىۋار كۈچى ئاساسلىقى لەشكەرلەرنىڭ ئىرادىسى ۋە كۈچ قۇۋۋىتىدە كۆرۈلەتتى. ئارمىيىدە ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشەك بولمىسا، ئۇ، جەڭگىۋار كۈچىدىن مەھرۇم بولاتتى. شۇڭا، ھەربىي ئالىملار قارشى تەرەپنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشەكلىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ تەمىنلەش يولىنى ئۈزۈپ تاشلاشنى ئەسكەر ئىشلىتىشنىڭ دانا چارىسى، دۈشمەننى ھالاك قىلىشنىڭ ئاساسى دەپ قارايتتى. ھازىرقى زاماندىكى ئۇرۇشلاردا، قىسىملارنىڭ ماشىنىلىشىش سەۋىيىسى يۇقىرى بولغانلىقتىن، ئەسكەرلەر ۋە ئات ـ ئۇلاقلارغا يالغۇز ئوزۇق لازىم بولۇپلا قالماستىن، ئايروپىلان، تانكا ۋە ھەر خىل ھەرىكەتچان ئاپتوماشىنىلار يېڭى تىپتىكى قورال ـ جابدۇق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگىلا «ئوزۇق» لازىم بولىدۇ. بەلكى بۇلارنىڭ يەيدىغان «ئوزۇق»ى ئالاھىدە كۆپ بولىدۇ. شۇڭا، جەڭ پەيتىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ياخشى تۇتۇپ، دۈشمەننىڭ ئارقا سەپ بازىسى ۋە ئىسكىلاتلىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ماي ئاققۇزۇش تۇرۇبىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش قاتارلىقلارمۇ قايناۋاتقان قازاننىڭ ئوتىنى تارتىۋېتىش دائىرىسىگە كىرىدۇ.

قايناۋاتقان قازاننىڭ ئوتىنى تارتىۋېتىشنىڭ مەزمۇنى: ئاساسىي زىددىيەتنى تۇتۇش ھەم ئۇرۇشنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ھالقىلىق نۇقتىنى، ھەم دۈشمەننىڭ ئاجىز نۇقتىسىنى تۇتۇشتىن ئىبارەت. ئۇرۇشنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش بولمايدىغان بولغانلىقتىن «ئوتنى تارتىۋېتىش» ئىشىنىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئاۋىئاتسىيىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن دېڭىز ئۇرۇشى سترولىشىپ كېتىدۇ. ھاۋا بوشلۇقىنى كونترول قىلىش

ھوقۇقى دېڭىزنى كونترول قىلىش ھوقۇقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، ھەتتا ئۇنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، ئاۋىئاماتكىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش - تۇرماسلىقى دېڭىز ئۈستىدە ھاۋا بوشلۇقىنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ساقلاشتىكى «قازاننى قاينىتىۋاتقان ئوت» قا ئايلىنىپ قالدى. مىدۋاي ئارىلىدىكى دېڭىز ئۇرۇشىدا، ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ ئىدىيىدە قاتمال گېنېرالى ئاۋىئاماتكىغا باشقا قىسىملارغا ياردەم بېرىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. ئۇ، كۈچنى توپلاپ ئالدىراپ - تېنەپ مىدۋاي ئارىلىدا 2 - قېتىم ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتقان چاغدا، ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ تىنچ ئوكيان فىلوتى قوماندانى نىمىز باشچىلىقىدىكى كورابىل ئەترىتى ياپونىيە سۇ ئاستى پاراخوتلىرىنىڭ مۇھاپىزەت لىنىيىسىدىن تۇيدۇرماي كېسىپ ئۆتۈپ، مىدۋاي ئارىلىنىڭ شىمالىي يان تەرىپىگە يېتىپ بېرىپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇردى. بۇ چاغدا، ئامېرىكا ئارمىيىسى رازۋېتكا ئايروپىلانى ئارقىلىق ياپونىيە ئارمىيىسى ئاۋىئاماتكىسىنىڭ ئورنىنى بىلىۋالدى ھەمدە ياپونىيە ئارمىيىسى ئايروپىلانلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن ئاۋىئاماتكىغا قايتىپ بېرىش ۋاقتىنى قىياس قىلىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن دەرھال 50 تىن ئارتۇق شۇڭغۇپ ئۇچىدىغان بومباردىمانچى ئايروپىلاننى تەشكىللەپ، ياپونىيە فىلوتىغا تۇيۇقسىز بىلەن چاقماق تېزلىكىدە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، ياپونىيىنىڭ تۆت ئاۋىئاماتكىسىنىڭ ھەممىسىنى سۇغا چۆكتۈرۈۋەتتى. ياپونىيىنىڭ قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالغان تۇرغۇن ئايروپىلانلىرى قونىدىغان جاي تاپالماي، ئاسماندا بېشى قايغان يەردە چۆگىلەپ يۈرۈپ مېيى تۈگەپ، پايانسىز دېڭىزغا غەرق بولدى.



## 20 . سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇش

سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇش ھەربىي جەھەتتە قالايمىقانچىلىق پەيتىدىن پايدىلىنىپ پايدا ئېلىش مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ.

بېلىق لاي سۇدا قاياققا ئۈزۈشنى بىلەلمەي قالىدۇ، ئادەملەر قالايمىقانچىلىق ۋەزىيەتتە راست بىلەن يالغاننى ئاسانلىقچە پەرق ئېتەلمەيدۇ، شۇڭا، تۇرغۇزۇلغان پايدىلىنىشقا بولىدىغان يوچۇقلارنىڭ چىقىپ قالىدىغانلىقى مۇقەررەر. سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇش ئەلۋەتتە مىلىتارىستلارنىڭ قالايمىقان ئۇرۇش بولۇۋاتقان ۋەزىيەتتە، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاجىز ۋە تەۋرىنىپ تۇرغان ئارسالدى كۈچلەرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لېكىن تېخىمۇ مۇھىمى يالغان ئارقىلىق راستنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىپ «سۇنى قوچۇپ لېيىتىپ» ئاندىن كېيىن يەنە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىش قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. يۈەن شاۋ بىلەن ساۋساۋ ئوتتۇرىسىدا بولغان گۇەندۇ ئۇرۇشىدا، ساۋساۋ لەشكەر تارتىپ يۈەن شاۋنىڭ ئۇۋىسىغا بېرىپ ئاشلىق بۇلىماقچى بولۇپ، 5000 پىيادە ۋە ئاتلىق لەشكەرگە يۈەن شاۋ قوشۇنلىرىغا ئوخشاش ياسىنىپ، ئۇلارنىڭ تۇغىنى كۆتۈرۈپ، كېچىدىكى كۆرگىلى بولمايدىغان ياخشى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يۈەن شاۋ قوشۇنلىرىنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىدىن تۇيدۇرماي ئۆتۈپ كېتىش ھەققىدە يارلىق چۈشۈردى. يول ئۈستىدە يۈەن شاۋ قوشۇنلىرىنىڭ قاراۋۇللىرى سۈرۈشتە قىلسا، ئۇلارنى يۈەن شاۋ ئارقا سەپتىكى قوشۇنلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن قىسىم دەپ يالغان ئېيتىپ، كۆز بويامچىلىق

قىلىپ ئۆتكەللەردىن ئۆتۈپ، يۈەن شاۋ قوشۇنلىرىنىڭ ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەك توپلانغان ئۇۋىسىغا ئوڭۇشلۇق يېتىپ بېرىپ، تۇيۇقسىز ئوت قويۇۋېتىدۇ. قاراڭغۇ كېچىدە ئوت ياللۇنلاپ كۆيۈشكە باشلايدۇ، ئۇ يەرنى ساقلاۋاتقان يۈەن شاۋ قوشۇنلىرى راست بىلەن يالغاننى ئايرىيالماي، بىر هازاغىچە پاتىپاراق بولۇپ كېتىدۇ. ساۋساۋ پەيتتىن غەنىيمەت بىلىپ، ئۆز قوشۇنلىرىنىڭ شىددەتلىك هۇجۇم قىلىشقا قوماندانلىق قىلىپ، يۈەن شاۋ قوشۇنلىرىنىڭ ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەكلىرىنى قويماي كۆيدۈرۈۋېتىدۇ، ئۇ يەرنى ساقلاۋاتقان سەركەردىلەر ۋە لەشكەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، تۇيۇقسىز هۇجۇمدا بىر يولىلا نۇسرەت قازىنىپ، گۈەندۇ ئۇرۇشىنىڭ تەشەببۇسكارلىق هوقۇقىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. گۈەندۇ ئۇرۇشىنىڭ ئومۇمىي ئەهۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ساۋساۋنىڭ ئۇۋىغا بېرىپ، ئاشلىق بۇلىشى «قايناۋاتقان قازاننىڭ ئوتىنى تارتىۋېتىش» دېيىلىدۇ. لېكىن شۇ قېتىمقى تۇيۇقسىز هۇجۇمدىكى نىقابلىنىش ئەهۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇش» دېيىلىدۇ.

يالغان ئارقىلىق راستنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، دۈشمەنچە ياسىنىپ ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ سۈرەن - شاۋقۇن سېلىش — ئادەتتە ئاساسىي قىسىمنىڭ ئۇدۇلىدىن هۇجۇم قىلىشقا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىپ، ئۆزئارا ماسلىشىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈندۇر. كۆپ هاللاردا، نىقابلىنىدىغان ئەسكىرىي كۈچ چەكلىك بولىدىغان بولغانلىقتىن، سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇشنى ئۇزۇنغا داۋاملاشتۇرۇش قىيىن، شۇڭا ئۇنى ئاساسىي كۈچنىڭ هۇجۇمىغا ماسلاشتۇرىدىغان ياردەمچى ۋاستە قىلىشقىلا بولىدۇ. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، گىتلېر هالاكەتتىن قۇتۇلۇش، هەيۋىسى 1000 گەز چۈشۈپ كەتكەن ئەسكەرلىرىنىڭ



روهىي كەيپىياتىغا ئىلهام بېرىش ئۈچۈن، بىرنەچچە ئون مىڭ قالدۇق ئەسكىرى ۋە 2000 دىن ئارتۇق تانكىسىنى ئەپلەپ - سەپلەپ يىغىشتۇرۇپ، 1944 - يىلى 12 - ئايدا ئالپ ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسىنى قوزغايدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسى داۋامىدا، گېرمانىيىنىڭ قاماللىق بىلەن ئىش كۆرىدىغان بىر ئوفىتسېرى ئىنگلىز تىلىنى راۋان سۆزلىيەلەيدىغان 2000 ئەسكەرنى تاللاپ، ئۇلارغا ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ كىيىمىنى كىيدۈرۈپ، ئولجا ئېلىنغان ئامېرىكا تانكىسىنى هەيدەپ، ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن قارا ماشىنا ۋە جىپقا ئولتۇرۇپ، ئاساسىي كۈچ ئامېرىكا قوشۇنلىرى مۇداپىئە لىنىيىسىنىڭ ئاجىز قىسمىدىن بۆسۈپ ئۆتۈۋاتقان پەيتتىن پايدىلىنىپ، ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئارقا سەپىگە سۇقۇنۇپ كىرىۋالىدۇ. ئۇلار ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ مۇداپىئە مەركىزىدە تۇرۇۋېلىپ، قاتناشنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. تېلېفون سىملىرىنى كېسىۋېتىدۇ. قىلچە تەييارلىقسىز تۇرغان ئامېرىكا قوشۇنلىرىغا هۇجۇم قىلىدۇ؛ بەزىلىرى ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ ئورنىدا، قاتناش ئېغىزلىرىدا تۇرۇپ كېلىپ - كېتىۋاتقان ئاپتوموبىل ئەترەتلىرىگە قوماندانلىق قىلىپ، ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ترانسپورتىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئۇلاردىن بىر قىسمى مارسىل دەرياسى قىرغىقىغا ئىچكىرىلەپ بېرىپ، كۆۋرۈكنى تارتىۋېلىپ، ئاساسىي كۈچنى كۈتۈۋالماقچى بولىدۇ. بەختكە يارىشا گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچى توسۇلۇپ قېلىپ، مارسىل دەرياسى بويىغا يېتىپ كېلەلمەيدۇ. ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسىنىڭ نىشانى بولغان ئانتورپىنغا تېخىمۇ يېتىپ بارالمايدۇ. گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ نىقابلىنىۋالغان بۇ ئالاهىدە خىزمەت ئەترىتى بىر مەهەل زىيان سېلىپ ئاخىرى پاش بولۇپ قالىدۇ.

## 21. كۆز بوياپ قۇتۇلۇش

كۆز بوياپ قۇتۇلۇش — دۈشمەندىن قۇتۇلۇش، يۆتكىلىپ ياكى چېكىنىپ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىش چارىسى. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، بى زەييۇ لەشكەر تارتىپ ئالتۇنخانىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن قارشىلاشتى. نۇسرەت قازىنىش قىيىن بولغان ئەھۋالدا، پوزىتسىيىسىدىن چېكىنىپ چىقىش قارارىغا كەلدى. سۇڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ماڭىدىغان چېغىدا، پوزىتسىيىدە تۇغنى قالدۇرۇپ قويدى ھەمدە قوينىڭ پۇتىنى ئاسمانغا قارىتىپ ئېسىپ، ئۇنىڭ ئالدى پۇتىنى دۇمباقنىڭ يۈزىگە توغرىلاپ، قوي تېپچەكلىسىلا دۇمباق چېلىنىدىغان قىلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئالتۇنخانىنىڭ قوشۇنلىرى خاتا ھالدا سۇڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى يەنىلا ئۇ يەرنى ساقلاپ يېتىپتۇ، دېگەن قاراشقا كېلىپ، بىرنەچچە كۈنگىچە ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ. ئۇلار ئەمەلىي ئەھۋالنى ئۇققاندا، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى ئاللىقاچان يىراقلاپ كەتكەنىدى. «قوينى ئېسىپ قويۇپ دۇمباق چالدۇرۇش» دېگەن بۇ ھېكايە «كۆز بوياپ قۇتۇلۇش»قا مىسال بولالايدۇ.

«كۆز بوياپ قۇتۇلۇش» ھەر خىل ھەقىقىي ھەرىكەت غەرىزىنى بىلىندۈرمەسلىك ۋە ھىمايە قىلىشتىن ئىبارەت.

1943 - يىلى 10 ئاينىڭ ئاخىرىدا، سوۋېت ئارمىيىسى كىيېۋ ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسىنى قوزغىماقچى بولىدۇ. بۇ چاغدا، دېنېپىر دەرياسىدىن ئۆتۈپ بولغان تانكا 3 - گۇرۇپپىۋىي ئارمىيىسى كىيېۋنىڭ جەنۇبىدىكى مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولغان فرونتتىكى كۈچلۈك دۈشمەندىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن، بىلىندۈرمەستىن قايتىدىن دېنېپىر دەرياسىنىڭ شەرقىي



قىرغىقىغا يېتىپ بېرىپ، ئاندىن جەڭ مەيدانىنى بويلاپ شىمالغا قاراپ يوشۇرۇن يۈرۈش قىلىش ئويىدا بولىدۇ. دەريادىن يېڭىباشتىن ئۆتۈپ، ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسىنىڭ ھۇجۇم نۇقتىسىنى كىيېۋنىڭ شىمالىي يان تەرىپىدىكى قارشى تەرەپنىڭ مۇداپىئەسى ئاجىزراق بولغان جايغا قارىتىدۇ. لېكىن بۇ تانكا قىسمىنىڭ دۈشمەن تۇمشۇقى ئاستىدىن ئۆتۈپ كېتىشى ناھايىتى تەس ئىدى. ھەرىكەت غەرىزىنى يوشۇرۇش مەقسىتىدە، ۋاتۇتىندىكى زەربىدار بىكىتۇۋەن ھۇجۇمنى ۋاقىتنچە توختىتىپ مۇداپىئەگە ئۆتۈش توغرىلىق بىر پارچە يالغان بۇيرۇق يېزىپ چىقىپ، ئاندىن پۇرسەتنى تېپىپ، ھېلىقى يالغان بۇيرۇقنى مەلۇم بىر «كاپىتان»نىڭ ھۆججەت سومكىسىنىڭ ئىچىگە سېلىپ، ئالدىنقى قىرغاقتىكى پوزىتسىيىسىگە تاشلاپ قويىدۇ. ئارقىدىنلا، دۈشمەن كىچىك كۆلەمدە قايتۇرما ھۇجۇم قىلغاندا، زەربىدار بىكىتۇۋەننىڭ ئالدىنقى قىرغىقىدىكى قىسىملىرى يېڭىلگەن بولۇۋېلىپ، 2 - لىنىيىدىكى ترانشېيىگە چېكىنىپ، گېرمانىيە قوشۇنلىرىغا ھېلىقى «كاپىتان»نىڭ ھۆججەت سومكىسىدىكى يالغان بۇيرۇقنى ئۆز ۋاقتىدا قولغا چۈشۈرۈش پۇرسىتىنى تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ. گېرمانىيە قوشۇنلىرى يالغان بۇيرۇقنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇشۇپ كېتىدۇ. سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ تانكا قىسىملىرى ئۇ يەردىن يۆتكەلگەن چاغدا، گېرمانىيە قوشۇنلىرى يەنىلا سوۋېت قوشۇنلىرى ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەكشۈپ راستىنلا ئۆز جايىدا مۇداپىئەگە كۆچۈۋاتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ھازىرقى زامان شارائىتىدا، رازۋېتكا تېخنىكىسى ئىلغارلىشىپ كەتكەنلىكتىن، ماسكىروۋكىنى ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، كۆز بوياپ ئۆتۈپ كېتىشتە تېخىمۇ تۇيۇقسىز، تېز بولۇشقا توغرا كېلىدۇ.

4 - قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدا، ئىسرائىلىيە ئارمىيىسى ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ، تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن شىمالىي سەپتىكى قىسىملىرىنىڭ ھۇجۇمىنى مۇداپىئەگە ئۆزگەرتىپ، ئاساسىي كۈچىنى غەربىي سەپكە يۆتكەشنى قارار قىلىدۇ. بۇ قېتىم يۆتكىلىش ۋاقتىدا، كېچىدىكى قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن سەپ بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قىلىۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پوزىتسىيىدىن چېكىنىپ چىقىۋالىدۇ. ئۇلار بىر كۈن ئىچىدىلا، تاغ چوققىلىرىدىن ھالقىپ، سازلىقلارنى كېسىپ ئۆتۈپ، 600 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول بېسىپ، سىناي ئالدىنقى سېپىگە يېتىپ بارىدۇ.

## 22. ئوغرىنى قورشاپ تۇتۇش

مەزكۇر ئامال «تۇتۇش ئۈچۈن قويۇپ بېرىش» بىلەن قارىمۇقارشى بولۇپ، ئۇرۇشتىكى باشقا بىر خىل ئەھۋالغا ئاساسەن تەرەپ - تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئېلىپ، توردىن چۈشۈرۈپ قويماي، پۈتۈنلەي يوقىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

قەدىمكىلەر ئومۇمەن مۇغەمبەر كەلگەن، تۇيۇقسىز كېلىپ پاراكەندىچىلىك سېلىپ، گاھ پەيدا بولۇپ، گاھ غايىب بولىدىغان پارتىزانلار ئەترىتىنى ئوغرىلار دەپ ئاتايتتى. بۇنداق دۈشمەنلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇلار گاھ شەرقتىن، گاھ غەربتىن پەيدا بولىدۇ، يورۇش - تۇرۇشى گۇمانلىق بولۇپ، باشلاپ كىرگۈزەي دېسە چېكىنىدۇ، پۇرسەت تاپسىلا، تەييارلىقسىزلىقتىن پايدىلىنىپ زەربە بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ سانى كۆپ بولمىسىمۇ، ناھايىتى زور بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلىدۇ.

«ئوغرىنى قورشاپ تۇتۇش» تىن ئىبارەت يوقىتىش ئۇرۇشى قىلىش ئىدىيىسى ئاز ساندىكى دۈشمەننى مۇھاسىرىگە



ئېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ئۇرۇشنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرگەن ئەھۋال ئاستىدا، دۈشمەننىڭ ئاساسلىق يىلىك، تومۇرلىرىنى يوقىتىشتىمۇ قوللىنىلىدۇ، ئۇنى دۈشمەن بىزگە ھۇجۇم قىلغاندىلا قوللىنىلىدىغان قاماپ يوقىتىش ئۇسۇلى دەپ چۈشىنىۋالماسلىق كېرەك. بۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن دۈشمەننى قاماققا كىرگۈزۈپ، ئۇنى پىلانلىق ھالدا ئۆز دائىرىمىزگە كىرگۈزۈشتىمۇ قوللىنىلىدۇ.

يېقىنلىق دەۋرىدە چىن بەگلىكى جاۋ بەگلىكى بىلەن چاڭپىڭ دېگەن جايدا ئۇرۇش قىلغاندا، چىن بەگلىكىنىڭ سەركەردىسى بەي چى جاۋ گۇنىڭ پوپاڭچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى ئالدى بىلەن چىن بەگلىكىنىڭ چاڭپىڭ دېگەن جايىغىچە بۇرۇندىن يېتىلەپ ئاپىرىدۇ. بۇ چاغدا، چىن بەگلىكىنىڭ 25 مىڭ ئاتلىق لەشكىرى جاۋ بەگلىكىنىڭ زەربىدار قوشۇنىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ قورغان بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە جاۋ بەگلىكىنىڭ قورغىنىغا تېزلىكتە قادىلىپ كىرىش ئۈچۈن 5000 ئاتلىق لەشكەر ئەۋەتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، جاۋ بەگلىكىنىڭ زەربىدار قوشۇنلىرى ۋە قورغان ساقلىغۇچى قوشۇنلىرى، ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنلا مۇھاسىرىگە ئېلىش دائىرىسىنى تارايتىش ئۈچۈن، جاۋ بەگلىكىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بەي چىنىڭ ئالىلىقاچان تەييارلاپ قويغان يېنىك قوراللانغان قوشۇنلىرى بىرنەچچە رەت ئۇرۇش قىلىپ نەپ ئالالمىغاندىن كېيىن ھۇجۇمدىن مۇداپىئەگە ئۆتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چىن بەگلىكىنىڭ قوشۇنى «مۇھاسىرىگە ئېلىش، ئەمما ھۇجۇم قىلماسلىق» فاڭجېنىنى قوللىنىپ، جاۋ بەگلىكى قوشۇنىنى ئىچكى جەھەتتە ئاشلىق قالمىغان، تاشقى جەھەتتە ياردەم بولمىغان ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ

قويۇپ، قورال تاشلاپ تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ، جاۋ بەگلىكىنىڭ 400 مىڭ لەشكىرى بەي چىنىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى ۋە ئەسىرگە ئېلىندى.

قاراقچىنى قاماپ تۇرۇپ تۇتۇشتىن ئىبارەت تاكتىكىنى قوللانغاندا، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، «قاماپ تۇرۇش» نىڭ ۋاقتىنى ۋە ئورنىنى مۇۋاپىق تاللاپ، ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈش، ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگەرتىش كېرەك، بۇنىڭدا «ئىشىكنى ئېتىپ تۇرۇپ ئىتنى ئۇرۇش» ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، «ئالاقىنى ئۈزۈۋېتىش، ئەمما مۇھاسىرىگە ئالماسلىق؛ مۇھاسىرىگە ئېلىش، ئەمما ھۇجۇم قىلماسلىق» قاتارلىق ئەپچىللىك بىلەن ئۇرۇش قىلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش لازىم.

## 23، يىراقتىكى بىلەن ئىناق ئۆتۈپ يېقىندىكىنى بابلاش

بۇ — دۈشمەننى پارچىلاش ياكى ئۇلارنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، بىر - بىرلەپ يوقىتىشتا قوللىنىلىدىغان تەدبىر. يېغىلىق دەۋردە، خەن سۇي چىن بېگى جاۋ ۋاڭغا ئالتە بەگلىكنى يوقىتىپ، جاھاننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە، يىراقتىكى بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، يېقىندىكىنى بابلاش تەدبىرىنى قوللانغان بولساق، ئىشىك ئالدىدىكى بالايىئاپەتتىن خالى بولۇپ، ھېچقانداق قىيىنچىلىقتا قالمايمىز. بۇ، قولغا كەلتۈرگەن جايلارنى مۇستەھكەملىشىمىزگە، يىراق بىلەن يېقىن جايلارنىڭ ھەممىسىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزگە پايدىلىق، دەپ ئەقىل كۆرسەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، چىن بېگى جاۋۋاڭ خەن سۇينىڭ ئەقلى بويىچە شەرقتىكى ئالتە بەگلىكنىڭ ھەمكار-



لىقىغا بۇزغۇنچىلىق سېلىپ، ئالدى بىلەن خەن بەگلىكىنى، ئاندىن جاۋ، ۋېي، چۇ، يەن، بەگلىكىنى، ئاخىرىدا چى بەگلىكىنى يوقىتىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەرنى بىرلىككە كەلتۈردى.

بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان يىراقتىكى بىلەن ئىناق ئۆتۈش — ھەرگىز ئۇزۇن مۇددەت ئىناق ئۆتۈش بولماستىن، بەلكى دۈشمەننى كۆپەيتىۋېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان دىپلوماتىيە ئالدامچىلىقى. ئۇنىڭدا، قوشنىلارنى يېتىم قالدۇرۇش مەقسەت قىلىنغان بولۇپ، ناۋادا «يېقىندىكىنى بابلاش» مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ قالسا «يىراقتىكى دوستلار» مۇ «بابلاش» ئوبيېكتى بولىدۇ. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا، گىتلېر ياۋروپانى بېسىۋېلىپ، دۇنياغا زوراۋانلىق قىلماقچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ بىرلىشىۋېلىپ بىرلىكتە ئۆزىگە ھۇجۇم قىلىشىدىنمۇ ئەنسىرەيدۇ. شۇڭا، ئۇ بارلىق سىياسىي دىپلوماتىيە ۋاستىسىنى ئىشقا سېلىپ، غەربتىكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ مادارا چىلىق سىياسەتلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، يىراقتىكى بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، يېقىندىكىنى بابلاش تەدبىرىنى قوللاندى. تاكى پولشاغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىش ھارپىسىدىمۇ، موسولىنى ئارقىلىق ئەنگلىيە، فرانسىيەلەر بىلەن تاشقى دىپلوماتىيە پائالىيىتى ئېلىپ باردى. 1939 - يىل 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى موسولىنى گېرمانىيە، ئىتالىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيەدىن ئىبارەت تۆت مەملىكەت ۋەكىللىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، 9 - ئاينىڭ 2 كۈنى — يەنى گېرمانىيە فاشىستلىرى پولشاغا «چاقماق تېزلىكىدىكى ھۇجۇم» قوزغىغاننىڭ ئىككىنچى كۈنى، ئىتالىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى چىئانو ئالاھىدە ئەلچى سۈپىتى بىلەن «تۆت مەملىكەت ۋەكىللەر يىغىنى» نىڭ شەرت - شارائىت مەسىلىسى ئۈچۈن

ئالاھىدە پارىژغا بارغانىدى. مۇشۇنداق دىپلوماتىيە تويۇنىدا، گىتلېر غەرب ئەللىرى ئىتتىپاق تۈزگەندىن كېيىن پولشاغا ياردەم قىلمايدىغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن (بۇنىڭدىن ئىلگىرى سوۋېت ـ گېرمانىيە ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى ئىمزالىغان)، تىخمۇ جۈرئەتلىك ھالدا پولشاغا قارىتا ئەسكىرىي كۈچىنى كۆپەيتىدۇ. پولشانىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا ئەگىشىپ، گېرمانىيە ئارمىيىسى يەنە غەربكە يۈرۈش قىلىپ، دانىيە، نورۋېگىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە ۋە لىيۇكسېمبۇرگقا ھۇجۇم قىلىپ كىردۇ ھەمدە ئالىپ تاغلىرىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ فرانسىيىگە ھۇجۇم قىلىپ، لامانش بوغۇزىغا قەدەر باردۇ. دېمەك، زامانىۋى ھەربىي پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن سىياسىي لاگېرنىڭ بىرلىشىشىدىن ئىبارەت بېقىندىلىق ئالاھىدىلىككە ئەگىشىپ، «ئىناق ئۆتۈش» ۋە «بابلاش» ھەرگىزمۇ «يىراق» ۋە «يېقىن» بىلەن چەكلىنىپ قالمايدىغان بولۇپ قالدى.

## 24. ئۇنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ بۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىش

بۇنىڭ مەنىسى ـــ دۈشمەنگە تەھدىت سېلىپ، ئۆزىمىز ياردەمگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن قىستاڭچىلىقتا قالغان كىچىك بەگلىكلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇش ئەمەس، بەلكى ئوڭۇشلۇق شارائىتتىن پايدىلىنىپ لەشكەر كۈچىنى كىرگۈزۈپ، قارشى تەرەپنى كونترول قىلىپ، تۇيۇقسىز زەربە بېرىشتىن ئىبارەت. ئەمىنىيە دەۋرىدە يۈ بەگلىكى بىلەن گۇ بەگلىكى ئەسلىدە جىن بەگلىكى بىلەن چېگرىداش بولۇپ ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى چىش بىلەن كالپۇكتەك يېقىن ئىدى. جىن بەگلىكى خېلى بۇرۇنلا ئۇلارنى يۇتۇۋېلىش نىيىتىدە بولۇپ كەلگەنىدى. مىلادىدىن 658 يىل بۇرۇن جىن بەگلىكى



شۇن شىنىڭ تەدبىرىنى قوللىنىپ، ئالدى بىلەن تۇلپار ۋە مەرۋايىتلار بىلەن يۈ بەگلىكىنى قولغا كەلتۈرۈۋالىدۇ، يۈ بەگلىكى جىن بەگلىكى قوشۇنلىرىنىڭ ئۆزىنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، گۇ بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىشىغا ماقۇل بولىدۇ ھەمدە جىن بەگلىكى قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىدا ماڭغۇچى قوشۇن سۈپىتىدە لەشكەر چىقىرىدۇ. شۇ يىلى يازدا جىن بەگلىكى قوشۇنى گۇ بەگلىكىنىڭ شاڭياڭ دېگەن يېرىنى ئىگىلىۋالىدۇ. مىلادىدىن 655 يىل بۇرۇنقى ۋاقىتقا كەلگەندە جىن بەگلىكى يەنە يۈ بەگلىكىنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ گۇ بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولىدۇ. تۆرە گۇڭ زىچى يۈ بەگلىكى بىلەن گۇ بەگلىكىنىڭ پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتىنى «ئوقى بولمىغان چاق چۆرگىلىمەيدۇ، كالپۇك يېرىلسا چىشقا سوغۇق تېگىدۇ» دەپ چۈشەندۈرۈپ، يۈ بەگلىكى گۇ بەگلىكى بىلەن بىرلىشىپ جىن بەگلىكىگە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىپ، جىن بەگلىكى ئۈچۈن ۋاستە بولۇپ بەرمەسلىكنى ئېيتىدۇ. يۈ بەگلىكى بولسا ئۇنىڭغا قۇلاق سالماي جىن بەگلىكىنىڭ گۇ بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىشىغا يەنە بىر قېتىم ۋاستە بولۇپ بېرىشكە ماقۇل بولىدۇ. بۇ چاغدا گۇڭ زىچى «يۈ بەگلىكى بىلەن گۇ بەگلىكى ئۇزاققا قالماي تەڭ ھالاك بولىدۇ» دەپ ئالدىن ھۆكۈم چىقىرىدۇ ۋە ئائىلە تەۋەلىرىنى ئېلىپ باشقا بەگلىككە كېتىدۇ. دەرۋەقە، دېھقانلار كالېندارى بويىچە 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، جىن بەگلىكىنىڭ قوشۇنى گۇ بەگلىكىنى يوقىتىپ بولۇپ قايتىشىدا يۈ بەگلىكىگە كېلىپ جايلىشىدۇ ھەمدە يۈ بەگلىكىنىڭ تەييارلىقسىزلىقىدىن پايدىلىنىپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ يۈ بەگلىكىنى ئاسانلا يىغىشتۇرۇۋېتىدۇ.

جىن بەگلىكى گۇ بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق يۈ بەگلىكى بىلەن گۇ بەگلىكىنى بىر يولىلا يوقىتىۋالىدۇ.

يۈ بەگلىكى پايدا ئېلىش كويىدا بولۇپ ئالدىنىپ، خاندان-
لىقى باشقىلار تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنىدۇ. مۇداپىئەدە
تۇرغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، گوەن رىنچى ئوتتۇرىغا قويغان
«ئوقى بولمىغان چاق چۆرگىلىمەيدۇ، كالپۇك يىرىلسا
چىشقا سوغۇق تېگىدۇ» دېگەن ئىدىيە دۈشمەننىڭ تەدبىرىنى
بىتچىت قىلىشتىكى ئوبدان چارە سۈپىتىدە كېيىنكى ئاجىز
بەگلىكلەرنىڭ بىرلىشىپ كۈچلۈك بەگلىكلەرگە قارشى تۇرۇشى-
نىڭ مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئىدىيىسى بولۇپ قالدى.

## 4 - بۆلۈم ئۇستاتلىق ئامالى

### 25. ساختىپەزلىك قىلىش

بۇنى بەزىلەر دۈشمەننى يۆتكەش تەدبىرى، دەپ چۈ-
شەندۈرىدۇ. بۇ، كۆپ قېتىم يالغان ھەرىكەت قىلىپ،
دۈشمەننى تۇرۇش سېپىنى ئۆزگەرتىپ، ئەسكىرىي كۈچىنى
يۆتكەپ كېتىشكە مەجبۇرلاپ، ئاندىن كېيىن قايتىدىن ئۇنىڭ
ئاجىز يېرىگە ھۇجۇم قىلىشقا قارىتىلغان.

قەدىمكىلەرنىڭ قارىشىچە، ئومۇمەن كۈچلۈك دۈشمەن
بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا، ئالدى بىلەن تۈرلۈك يالغان ھەرى-
كەتلەر ئارقىلىق دۈشمەننىڭ كۈچىنى تارقاقلاشتۇرۇپ، كۈچلۈك-
نى ئاجىزلاشتۇرۇش كېرەك. مىلادى 200 - يىلى، يۈەن شاۋ
بىلەن ساۋساۋ گۈەندۇدا بىر - بىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشىدۇ.
يۈەن شاۋ سەركەردىسى گوتۇ ۋە يەن لياڭنى قوشۇن بىلەن
ساۋساۋنىڭ قوشۇنلىرى ساقلاپ ياتقان دۇڭجۈن دېگەن يەرگە
ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ، ساۋساۋ قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى
لىۋيەننى بەيما دېگەن جايدا قورشىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر



ۋاقىتتا، يۈەن شاۋ ئۆزى زور قوشۇننى باشلاپ لياڭغا كېلىپ
خۇاڭخېدىن ئۆتمەكچى بولىدۇ. 4 - ئايدا، ساۋساۋ قوشۇنلى-
رىنى باشلاپ شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، بەيمادىكى قورشاۋنى
تارمار قىلماقچى بولىدۇ. ئۇنىڭ مەسلىھەتچىسى شۈن يۇ تەك-
لىپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھازىر يۈەن شاۋ قوشۇنى ئۈستۈن-
لۈكتە تۇرۇۋاتىدۇ. ئالدى بىلەن ئامال قىلىپ ئۇنىڭ كۈچىنى
تارقاقلاشتۇرغاندىلا ئاندىن غەلىبە قازانغىلى بولىدۇ. سىز
يەنجىنگە بېرىپ، دەريادىن ئۆتۈپ يۈەن شاۋ قوشۇنىنىڭ
ئارقا تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىدىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالسىڭىز،
يۈەن شاۋ مۇقەررەر ھالدا قوشۇنلىرىنى بۆلۈپ غەربكە ئۇرۇش
قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. ئۇ، قوشۇنلىرىنى پارچىلىۋەتكەندىن كېيىن،
ئاندىن سىز يەڭگىل قوراللانغان قوشۇننى باشلاپ بەيمادىكى
يۈەن شاۋ قوشۇنلىرىنىڭ مۇھاسىرىسىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلسى-
ڭىز، ئۇنى تەمتىرىتىپ قويالايسىز.» ساۋساۋ شۈن يۇنىڭ تەك-
لىپىنى قوبۇل قىلىدۇ. دېگەندەك، يۈەن شاۋ قوشۇنلىرىنى بۆ-
لۈپ غەربكە قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ. ساۋساۋ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ،
قوشۇنلىرىنى باشلاپ بەيمادىكى سەركەردىسى لىۋيەننى قۇتقۇزۇ-
ۋۇشقا ئاتلىنىپ، گوتۇ، يەن لياڭ قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ،
يەن لياڭنى ئۆلتۈرۈپ، بەيمادىكى مۇھاسىرىنى تارمار قىلىدۇ.

### 26. بىرگە جازا، مىڭغا ئاگاھ

بۇ — «توخۇنى ئۆلتۈرۈپ مايمۇننى قورقىتىش» تەڭ
بېشارەت بېرىش ۋاستىسى ئارقىلىق، قوشۇننى تۈزەش ۋە قو-
ماندانلىقنىڭ ھەيۋىتىنى تىكلەش ئامالىدۇر.

ئۇرۇشتا، ئارمىيىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىلىك كۈچىنى جارى
قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بىرلىككە كەلگەن ھەرىكەت، بىرلىككە
كەلگەن ئىرادە بولۇش لازىم. ئەگەردە قوماندانلىق جانلىق

بولمىسا، بۇيرۇق چۈشكەن ھامان ھەرىكەتكە كەلمىسە، لەشكەرلەر سەركەردىلەرگە بويسۇنمىسا، سەركەردىلەر باش سەركەردىگە بويسۇنمىسا، ئۇ چاغدا، ئارمىيە بىر توپ قاغا ـ قۇزغۇن، بىر سىقىم قۇمغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ ـ دە، غەلىبىلىك ئۇرۇش قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، تارىختىكى ئاتاقلىق سەركەردىلەرنىڭ ھەممىسى ئارمىيە ئىنتىزامىنى چىڭىتىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئايرىم تىپلارنى تۇتۇپ قاتتىق بىر تەرەپ قىلىپ، بارلىق سەركەردە، لەشكەرلەرنى ھەيۋە بىلەن ئۆزىگە بويسۇندۇرغان. ئەمىنيە دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، چى بەگلىكىنىڭ بېگى جىڭگۇڭ تىيەن راڭجۇنى سەركەردىلىككە تەيىنلەپ، لەشكەر تارتىپ جىن بەگلىكى بىلەن يەن بەگلىكىنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىغا قارشى زەربە بېرىشكە چىقىرىدۇ. جىڭگۇڭ راڭجۇنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، يەنە ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ۋەزىرى جۇاڭ جيانى نازارەتچىلىككە چىقىرىدۇ. راڭجۇ شۇ ھامان جۇاڭ جيا بىلەن ئەتىسى چۈشتە قارارگاھ دەرۋازىسى ئالدىدا ئۇچرىشىشنى ۋەدىلىشىدۇ. راڭجۇ قارارگاھقا كېلىپ ئۆز ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، قوشۇنلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، ھەربىي بۇيرۇقنى جاكارلايدۇ. جۇاڭ جيا قاش قارايغان چاغدا، مەست ھالەتتە كېلىپ، «ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم مېنى ئۇزىتىش ئۈچۈن زىياپەت بەرگەنىدى، شۇڭا كېچىكىپ قالدىم» دەيدۇ. راڭجۇ جۇاڭ جيانىڭ كىچىك ئائىلىسىنىڭ ئىشىنى دۆلەتنىڭ ئىشىدىن ئەلا كۆرگەنلىكىنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. دەرھال ھەربىي دادخاھنى چاقىرتىپ كېلىپ، «ھەربىي قانۇن بويىچە، سەۋەبسىز كېچىكىپ قالغانلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟» دەپ سورايدۇ. دادخاھ: «كاللىسىنى ئېلىش كېرەك» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. جۇاڭ جيا بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىنتايىن قورقۇپ كېتىپ، ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن چى بېگى جىڭگۇڭغا ئادەم ئەۋەتىدۇ. ئەۋەتكەن ئادىمى تېخى قايتىپ كەلمەي تۇرۇپ،



راڭجۇ جۇاڭ جيانىڭ كاللىسىنى ئېلىپ سازايى قىلدۇرىدۇ. پۈتۈن قوشۇندىكى سەركەردە ۋە لەشكەر بۇنى كۆرۈپ قورققىنىدىن تىترىشىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا، جىڭگۇڭنىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىسى ئالدىراپ ـ تېنەپ قارارگاھقا بۆسۈپ كىرىپ، جۇاڭ جيانى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى چىقىرىدۇ. راڭجۇ: «سەركەردە قوشۇن ئىچىدە تۇرغاندا، بەگنىڭ بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلمايدۇ» دەيدۇ، ئۇ يەنە ھەربىي دادخاھتىن: «ھەربىي لاگېردا قالايمىقان چېپىپ يۈرگەن ئاتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟» دەپ سورايدۇ، دادخاھ: «ئۆلتۈرۈش كېرەك» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. راڭجۇ: «بەگنىڭ ئەلچىسىنى ئۆلتۈرگىلى بولمايدۇ» دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەلچى بىلەن بىرگە كەلگەنلەرنى ۋە ھارۋىكەشنى ئۆلتۈرىدۇ. ئەلچىنى قايتىپ بېرىپ دوكلات قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. ئاندىن كېيىن قوشۇنلىرىنى باشلاپ يولغا چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن قوشۇن ئىچىدە بىرمۇ ئادەم ھەربىي بۇيرۇق، قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ سەپەر ئۈستىدە لەشكەرلىرىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، كېسەللەرگە ئېتىبار بېرىپ، لەشكەرلەر بىلەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىرگە بولغانلىقتىن، قوشۇننىڭ جەڭ قىلىش قىزغىنلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ، قوشۇننىڭ كەيپىياتى جانلىنىدۇ. جىن بەگلىكى بىلەن يەن بەگلىكىنىڭ بىرلەشمە قوشۇنلىرى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئالدىراپ ـ تېنەپ خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ چېكىنىدۇ. راڭجۇ قوشۇنلىرىنى باشلاپ توختىماستىن قوغلاپ، قولدىن كەتكەن يەرلىرىنى قايتۇرۇۋالىدۇ.

## 27. خۇپىيەنلىك قىلىش (يالغاندىن ساراڭ بولۇۋېلىش)

خۇپىيەنلىك قىلىش — بىر خىل سىياسىي ھىيلە - مىكىر؛ بۇنىڭ مەنىسى: ۋەزىيەت پايدىسىز بولغان ئەھۋالدا، كۆرۈنۈشتە گومۇش - ھاڭۋاقتى، قابىلىيەتسىز بولۇۋېلىپ، كۆڭلىدىكى سىياسىي غەرىزىنى يوشۇرۇپ، سىياسىي رەقىبىنىڭ ئۆزىگە بولغان ھوشيارلىقىدىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت، ھەربىي كۈرەشتە كۆپىنچە تەمكىن ۋە ئېغىر - بېسىق بولۇش تەدبىرى تەرىقىسىدە قىلالايدىغاننى قىلالمايدىغان، بىلىدىغاننى بىلمەيدىغان قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە، شۇ بەگلىكى بىلەن ۋېي بەگلىكىنىڭ قوشۇنى ۋۇجاڭيۈەن دېگەن جايدا بىر-بىرى بىلەن تىركىشىپ قالىدۇ. سىمايى شۇ بەگلىكى قوشۇنلىرىنىڭ يىراقتىن يۈرۈش قىلىپ كېلىپ ھېرىپ - چارچاپ كەتكەنلىكى، ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەكلىرىنىڭ يېتىشمەيدىغانلىقى، تېز ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشى قىلسا پايدىسىز ئىكەنلىكى، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەپ، ئۇرۇش قىلماي پۇختا يوشۇرۇنۇش تاكتىكىسىنى قوللىنىدۇ. جۇگې ليياڭ بۇنىڭ ئۈچۈن سىمايىغا ئاياللارنىڭ زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى ۋە كىيىم - كېچەكلىرىنى ئەۋەتىپ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئۇرۇش قىلىشقا قوزغىماقچى بولىدۇ. سىمايى خۇشاللىق بىلەن بۇ نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىپ، يەنىلا ئۇرۇش قىلماي پۇختا يوشۇرۇنۇپ يېتىۋالىدۇ ھەمدە ئۆزى بىر قارارغا كېلەلمەيدىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، يۇقىرىدىن يوليورۇق سورايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ۋاقىتنى كەينىگە سوزۇپ، قوشۇنلارنى تىنچ - تىنچ قىلىپ چارچىتىۋېتىدۇ. قول ئاستىدىكىلىرى ئۇنى ئاجىزلىق قىلىۋاتىدۇ، دەپ



قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇ پاراسەتلىك ۋە تەدبىرلىك ئىش ئىدى، قەدىمكىلەر ئۇرۇش پەيتى يېتىپ كەلمىگەندە خۇددى ھاڭۋېقىپ قالغاندەك سالماق، ئېغىر - بېسىق بولۇش كېرەك، ئۇنداق قىلمىغاندا، قوشۇننىڭ غەرىزىنى ئاشكارىلاپ قويۇپ، دۈشمەننىڭ دامىغا چۈشۈپ قالىدۇ، دەپ قارايدۇ.

خۇپىيەنلىك قىلىش كۆپىنچە ئىلگىرىلەش ئۈچۈن چېكىنىش كېيىن مۇشت ئېتىشتا ئىشلىتىلىدۇ. 1805 - يىلى ناپولېئون قوشۇن تارتىپ فرانسىيىگە قارشى 3 - قېتىملىق ئىتتىپاققا قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ. ئۇ، چاررۇسىيە ئارمىيىسىنى ئۇزموتىسكىچە غەلىبىسىرى قوغلاپ كەلگەندە، چاررۇسىيە پادىشاھى ئالېكساندىر ياردەم بەرگۈچى قىسىملىرىمىز يۆتكەپ كېلىنىپ بولدى، فرانسىيە ئارمىيىسىگە قارشى ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلىش كېرەك، دەپ قارايدۇ. لېكىن ستراتېگىيىلىك كۆزقاراشقا ئىگە كوتوزوۋ بولسا، روسىيە ئارمىيىسى نۆۋەتتە يەنىلا پۈتۈن ئارمىيە بويىچە ھالاك بولۇش خەۋپىگە يۈزلەنمەكتە، دەرھال داۋاملىق چېكىنىپ، ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشتىن ساقلىنىپ، ئۇرۇش پەيتىنى ئارقىغا سوزۇپ، پرۇسسىيە ئارمىيىسىنىڭ فرانسىيىگە قارشى ئۇرۇشقا ئاتلىنىشتىكى ئەڭ ئاخىرقى قارارىنى كۈتۈش كېرەك، دەپ قارايدۇ. بۇ چاغدا ناپولېئون روسىيە ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىق شتابى ئىچىدە يۈز بەرگەن ئىككى خىل پىكىرنى پەرەز قىلىدۇ. ئۇ، كوتوزوۋ چاررۇسىيە پادىشاھىنى قايىل قىلىپ قويالمىسىمۇ، ئۇرۇش پەيتىنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، پايدىسىز بولغان ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان ئۇرۇشقا كىرىپ قالارمەنمىكىن، دەپ ئەنسىرەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ناپولېئون قىسىملىرىغا رۇس قوشۇنلىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق قىلىدۇ. ئالدىنقى سەپتىكى قاراۋۇللىرىنى كەينىگە چېكىندۈرىدۇ، قارشى تەرەپكە ئۇرۇشنى توختىتىپ سۈلھ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ ھەمدە دەرھال روسىيە تەرەپ

بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ۋەكىل ئەۋەتىدۇ. ناپولېئون خۇددى بىر ئەرتىسكە ئوخشاش، ئۆزىنى ھودۇقۇپ كەتكەن، ئاجىز، ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشتىن بەك قورقىدىغان ئادەم قىلىپ كۆرسىتىدۇ. بۇ چارە چار پادىشاھ ئالېكساندىرنى قەتئىي ئىشەندۈرىدۇ. ئۇ، ھازىر فرانسىيە ئارمىيىسىنى يوقىتىشنىڭ ئەڭ پايدىلىق پەيتى، ناپولېئونغا ئوخشاش بونداق جاھانغا پاتماي كەتكەن ھاكاۋۇر پادىشاھنى ئۆز ئىشى مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلمىغان بولسا، ئۇ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن سۇلھ قىلىشنى تەلەپ قىلمايتتى، دەپ قارايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئالېكساندىر ئۆزىنىڭ خاتا ھۆكۈمى ئارقىلىق كوتوزوۋنىڭ پىكرىنى رەت قىلىپ، قوشۇنلىرىنى ياندۇرۇپ كېلىپ، فرانسىيە ئارمىيىسى بىلەن قارشىغا ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلىدۇ. نەتىجىدە، ناپولېئوننىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ قېلىپ، فرانسىيە ئارمىيىسى تەرىپىدىن يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىلىدۇ.

## 28. ئۆگزىگە چىقىرىپ قويۇپ، شوتىنى تارتىۋېتىش

«ئۆگزىگە چىقىرىپ قويۇپ، شوتىنى تارتىۋېتىش» نىڭ ھەربىي ئىشلاردىكى ئەمەلىي مەنىسى — ئۆز قوشۇنىنى ھۇجۇم قىلىشقا بولىدىغان، چېكىنىشكە بولمايدىغان جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، لەشكەرلىرىنى جېنىنى ئالىقانغا ئېلىپ قويۇپ دۈشمەن بىلەن ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇرلاشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ يەردە دۈشمەننى ئالداپ ئىچكىرىگە كىرگۈزۈش. ئۇنىڭ ياردەمگە كەلگەن قوشۇنلىرىنى توسۇۋېلىپ، چېكىنىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلاشتىن ئىبارەت «تاغار» تاكتىكىسى كۆرسىتىلدى.

«ئۆگزىگە چىقىرىپ قويۇپ، شوتىنى تارتىۋېتىش» ئۈچۈن،



ئالدى بىلەن «شوتا قويۇپ» دۈشمەننى ئالداپ چىقىرىش كېرەك. دۈشمەننى ئالداشنىڭ ئۇسۇللىرى ناھايىتى كۆپ، مەسىلەن: ئازراق نەپ بېرىپ ئالداپ كەلتۈرۈش، ئاجىز بولغان بولۇۋېلىپ ئالداپ كەلتۈرۈش، نۇقتىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ياردەمگە كەلگەنلەرگە زەربە بېرىش، ھايات يولى بېرىش ۋە ھاكازالار. قىسقىسى، دۈشمەننى ئۇرۇش مەيدانىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ باشلاپ كېلىپ، ئۆز دائىرىسىگە كىرگۈزۈش كېرەك. «شوتا قويۇپ» دۈشمەننى ئالداش — ئۇرۇش پەيتى يارىتىشنىڭ جەريانى بولۇپ، بەزىدە سەۋرچانلىق بولۇش كېرەك. 1947 - يىلى لەيۇۋ ئۇرۇشىدىن كېيىن، گومىنداڭ ئارمىيىسى بۇرۇنقى مەغلۇبىيەتلىرىدىن ساۋاق ئېلىپ «تىك لىنىيىلىك مۇداپىئەنى كۈچەيتىش، رەت يېقىنلىشىش. پۇختا ئورۇنلىشىپ، پۇختا ئۇرۇش قىلىش، تەدرىجىي ئىلگىرىلەش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، شەندۇڭ ئازاد رايونىمىزغا قارىتا نۇقتىلىق ھۇجۇم قوزغىدى. دۈشمەن ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتكەن چاغدا، بىز يەنىلا بۇرۇنقىدەك بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچ بىلەن دۈشمەننىڭ يان ئارقا تەرىپىگە زەربە بەرسەك بولىدۇ، دەيدىغان بولساق، دۈشمەننى يۆتكەش ياكى پارچىلاش، ئۇنىڭ بىر قىسمىنى ئالداپ ئۆگزىگە چىقىرىش مەقسىتىگە يېتەلمىگەن بولاتتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەرقىي جۇڭگو دالا ئۇرۇشى ئارمىيىمىز ھەربىي كومىتېتنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، ئەڭ زور سەۋرچانلىق بىلەن، دۈشمەن ئارقا سەپىنى بەكمۇ بالدۇر ئۆزگەرتىۋەتمەي، تەشەببۇسكارلىق بىلەن يەنە ئارقىغا چېكىنىپ، ئۇدۇل تەرىپىنى بوش قويۇپ، دۈشمەننى ئەركىن ئىچكىرىلەپ كىرىشكە ئالدىرىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۈشمەننى خاتا ھۆكۈم چىقىرىدىغان قىلىپ، ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇق ۋە بېشەملىك روھىي ھالىتىنى ئۇلغايتىپ، يېنىكلىك

بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان قىلىش ئۈچۈن، ئاساسلىق كۈچىمىز ۋاقتىنچە ئالدىن بەلگىلەنگەن ئۇرۇش مەيدانىغا يوشۇرۇنماستىن، يوشۇرۇن پەيت كۈتۈش ئورنىغا بېرىپ، پۇرسەت كۈتتى. 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنىگە كەلگەندە، دۈشمەننىڭ 2 - بىڭتۇەننى زىبو دېگەن جايغا، 1 - بىڭتۇەننى تەنفۇ دېگەن جايىنىڭ جەنۇبىغا ئالداپ ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈپ، تۇيۇقسىز بۆسۈپ كىرىش ھالىتى شەكىللەنگەندىن كېيىن، ئارمىيىمىز دۈشمەننىڭ ئىككى يان تەرىپىنى بۆلۈپ تاشلاپ، ئوتتۇرىسىدىن بۆسۈپ كىرىپ، ئۇنىڭ 74 - دىۋىزىيىسىنى مىڭلياڭگۇ رايونىدا مۇھاسىرىگە ئېلىپ تېزلا يوقاتتى.

«شوتا قويۇش» — دۈشمەننى ئالداشنى مەقسەت قىلىدۇ. «شوتىنى تارتىۋېتىش» دۈشمەننى يوقىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. «شوتىنى تارتىۋېتىش» تەدبىرى — يېرىپ كىرىپ بۆلۈپ تاشلاش، مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ياردەمگە كەلگەنلەرنى يوقىتىشتىن ئىبارەت.

## 29. قۇرۇق چاقماقتىن ئوت چىقىرىش

قۇرۇق چاقماقتىن ئوت چىقارغىلى بولمايدۇ، لېكىن، پوپاڭ كۆتۈرۈپ، ھەيۋە قىلغاندا، كىشىلەرنى راست بىلەن يالغاننى پەرقلەندۈرەلمەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇش مۇمكىن. ئۇرۇش ھادىسىلىرى باشقا ھەر قانداق ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇرەككەپ بولىدىغانلىقتىن، ئۇنىڭدا راستچىللىق تېخىمۇ ئاز بولىدۇ. قوماندىرلارنىڭ سۇبيېكتىپ ھۆكۈمى ئاسانلا تۈرلۈك يالغان ھادىسىلەر تەرىپىدىن قايمۇقتۇرۇلۇپ قالىدۇ. يالغان ئەھۋال پەيدا قىلىپ، تۇزاقلارنى ئەپ بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، قۇرۇق تېرە تاراقشىتقاندا، دۈشمەننى ئەمەلىي كۈچ ئىشلەتمەي تۇرۇپمۇ بوي



سۇندۇرغىلى بولىدۇ.

ئۆزىگە قولايسىز شارائىتتا، ئۇرۇش پەيتىنى يارىتىش ۋە ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مەزكۇر تەدبىر بىلەن دۈشمەننى قىلتاققا چۈشۈرگىلى بولىدۇ. 1947 - يىلىنىڭ كۈز ۋە قىش پەسلىدە، چېن گېڭ — شيې فۇجى بىڭتۇەنى غەربىي خېنەنگە يۈرۈش قىلغان چاغدا، ئالدى بىلەن ئىككى بىرىگادا (13 -، 25 - بىرىگادا) نى ئاساسىي كۈچ قىلىپ ماسكىرۇۋكىلاپ، «كالىنى بۇرنىدىن يېتىلەش تاكتىكىسى» نى قوللىنىپ، لى تېجۇننىڭ بەش بىڭتۇەننى فۇنيۇشەن تېغىغا يۆتكىگۈزۈپ كەلدى. ئۆزىمىزنىڭ ھەقىقىي ئاساسىي كۈچىمىز بولسا، پەيت كۈتۈش ئۈچۈن يوشۇرۇنغانىدى. دەل شۇ چاغدا، لى تېجۇن ئاساسلىق كۈچىمىز بىلەن ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلماقچى بولۇپ ئىزدەپ يۈرگەن چاغ ئىدى. «كالىنى بۇرنىدىن يېتىلەش» ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان 13 - بىرىگادىمىز گوگۇتدا نەنتەي دېگەن يەردىن يولغا چىقىپ، جېنپىڭ دېگەن جايغا قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ. دۈشمەندە ئاساسىي كۈچ يولغا چىقىپتۇ دېگەن تۇيغۇ پەيدا قىلىش ئۈچۈن، مەزكۇر بىرىگادا قەستەن كۆپ يولغا بۆلۈنۈپ، كەڭ ئىلگىرىلەش فرونتى ھاسىل قىلىپ ماڭىدۇ. يېرىم كېچىگىچە ماڭغان بولسىمۇ، قوغلاپ كېلىۋاتقان دۈشمەن كۆرۈنمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم كۈچى قايتىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ بۇرۇن تۇرغان كەنتلەرگە جايلىشىدۇ. ئۇلار بارغانلىكى كەنتلەردە ئوچاق سېلىپ ئوت ياقىدۇ. ئەتىسى كەنتلىكلەر ئۆز ئارا: «8 - ئارمىيە كەلدى! ئات - قېچىرلىرى كېچىچە ئۆتتى!»، «بىزنىڭ كەنتىمىزگە بىر نەچچە مىڭ ئادەم چۈشتى، كەنت ئېغىزى ۋە يول ياقىلىرىغا ناھايىتى جىق ئوچاق سالىدى» دېگەن خەۋەرلەرنى يەتكۈزىدۇ. خەۋەر دۈشمەن لاگېرىغا يېتىپ بارىدۇ. ھېيلىگەر لى تېجۇن ئالدى بىلەن سىناپ بېقىش ۋە

تىك ـ تىڭلاشقا بىر بىرىگادىنى چىقىرىدۇ، ئاساسىي كۈچـ
ىمىز يەنىلا يېنىكلىك قىلمايدۇ. بىزنىڭ ماسكىروپكىلانغان
قىسىملىرىمىز ئاساسىي كۈچ قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، جىنپىڭغا
ھۇجۇم قىلغاندا، لى تېجۇن ئاندىن شەخسەن ئۆزى زور
قوشۇننى باشلاپ چىقىپ بىر بىلەن ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش
قىلىدۇ. بۇ چاغدا، ماسكىروپكىلانغان قىسىملىرىمىز جىنپىڭدىن
چېكىنىپ چىقىدۇ، ئۇلار بىر تەرەپتىن يۈرۈپ بىر تەرەپتىن
توختاپ، قوغلاپ كېلىۋاتقان دۈشمەن بىلەن مەلۇم ئارىلىق
ساقلاپ ماڭىدۇ. بىر تەرەپتىن ئۇرۇش قىلىپ، بىر تەرەپتىن
چېكىنىش دۈشمەننى بىزنىڭ قوشۇنىمىزنى قوغلاشتىن ۋاز
كەچمەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدۇ. دۈشمەننى يەنىمۇ
قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن، ماسكىروپكىلانغان قىسىملىرىمىز ئىشنى
بولدى قىلماي، كۆندۈزى يۈرۈش قىلىپ، ماڭغان يوللىرىدا
چاڭ ـ توزان چىقىرىپ، يېشىلىپ كەتكەن شىكىللارنى تاشـ
لاپ قويۇپ، زور قوشۇن ئۆتكەندەك قىلىپ كۆرسىتىپ، قەسـ
تەن دۈشمەننىڭ ھاۋارازۋېتكىسى بايقىيالمايدىغان يالغان
ئەھۋال پەيدا قىلىدۇ. ئارقا سەپنى قوغداش ۋەزىپىسىنى
ئۈستىگە ئالغان قىسىملار ھەر قېتىم دۈشمەن بىلەن ئۇچراشـ
ماقچى ياكى كىچىكرەك بىر قېتىم توسۇپ زەربە بېرىش
ئۇرۇشى قىلماقچى بولغاندىمۇ، چېكىنگەندىن كېيىن دۈشمەنـ
لەرگە «ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇش» ئۈچۈن، ئورغۇنلىغان ئىسـ
تىھكاملارنى ياساپ قويىدۇ. ئۇدا بىر قانچە ئاي مۇشۇنداق
قىلىش نەتىجىسىدە، لى تېجۇن باشتىن ئاخىر ماسكىروپكىلانـ
غان قىسىملىرىمىزنى ئاساسىي قىسىم دەپ خاتا چۈشىنىپ
قېلىپ، بىزنىڭ يېتىلىشىمىز بويىچە مېڭىپ، ھالسىراپ ۋەتـ
ۋەرىكى چىقىپ كېتىدۇ.



## 30. پەگادىن تۆرگە چىقىش (ئالا مۇشۇكى ئۆي مۇشۇكىنى قوغلاپتۇ)

پەگادىن تۆرگە چىقىشنىڭ مەنىسى: «ساھىبخان مېھـ
مانغا ئۆزىنى كۈتكۈزۈپتۇ» دېگەندىن ئىبارەت. ئۇنى ھەرـ
بىي ئىشلارغا ئىشلەتكەندە، پاسسىپلىقتىن تەشەببۇسكارلىق
ئورنىغا ئۆتۈش، ئۇرۇشنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى ئۆزـ
گەرتىش ۋە قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت تەدبىرنى كۆرسىتىدۇ.
پاسسىپلىقتىن تەشەببۇسكارلىق ئورنىغا ئۆتۈش ئۈچۈن،
سان ئۆزگىرىشىدىن سۈپەت ئۆزگىرىشىگە ئۆتۈشتىن ئىبارەت
جەريان كېتىدۇ. ستراتېگىيىلىك ۋەزىيەت پايدىسىز شارائىتتا،
ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئەمەلىي كۈچنى كېڭەيتىپ ۋە
تولۇقلاپ، ستراتېگىيىلىك ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىپ، ھەل قىلـ
غۇچ ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ «ئاساسلىق ئورۇن» نى قولغا
كەلتۈرۈش ئۈچۈن، «مېھمانلىق ئورۇن» دا ئولتۇرۇش كېرەك.
سۇي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، لى يۈەن دېھقانلارنىڭ
قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرىنىڭ سۇي سۇلالىسىنىڭ ئاساسلىق
قوشۇنىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرغان پەيتىدىن پايدىلىنىپ،
مەخپىي يۈرۈش قىلىدۇ ھەمدە لى مىغا خەت يېزىپ ئۇنى
ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، كېيىن، ۋەزىيەتتە ئۆزـ
گىرىش بولغاندا ئۇ لى مىنى يوقىتىپ. تاڭ سۇلالىسىنى
قۇرىدۇ؛ ليۇباڭ كۈچ جەھەتتە شياڭ يۈگە تاقابىل تۇرۇش
قىيىن بولغان ئەھۋال ئاستىدا «پەيت كۈتۈش ئۈچۈن سەۋرـ
تاقەت قىلىش، ئاكتىپلىق بىلەن تەييارلىق كۆرۈش» فاڭجېـ
نىنى قوللىنىپ، تەدرىجىي يوسۇندا ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ،
گەيشادىكى ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشتا شياڭ يۈنى بىراقلا
يوقىتىدۇ.

ئوپېراتسىيىلىك ئۇرۇشلاردا، پەگادىن تۆرگە چىقىش – پاسسىپ مۇداپىئەدىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈش مەنىسىگە ئىگە. مەركىزىي ئامالنى ئىشلەتكەندە، ئومۇمەن تەدرىجىي ئىلگىرىلىمەستىن، بەلكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تۇيۇقسىز ئالغا بېسىپ، شىددەتلىك ئىلگىرىلەش كېرەك.

1947 – يىلى 6 – ئايدا، شەنشى – خېبېي – شەندۇڭ – خېنەن دالا ئارمىيىمىز خۇاڭخېدىن ئىبارەت تەبىئىي توسۇقتىن ئۆتۈپ، غەربىي جەنۇبىي شەندۇڭ ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسىنى باشلايدۇ. دۈشمەن قوماندانلىق شتابى بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈپ كېتىپ، ئالدىراپ – تېنەپ ۋاڭ جىنجۇنى ياردەمچى قوشۇنلارنى باشلاپ كېلىشكە ئەۋەتىپ، ئارمىيىمىزنى غەربىي جەنۇبىي شەندۇڭدا يوقاتماقچى ۋە خۇاڭخېدىن قايتا ئۆتۈشكە مەجبۇر قىلماقچى بولىدۇ. خەرىتىدىن قارىغاندا، غەربىي جەنۇبىي شەندۇڭ دەل خۇاڭخې، دايۈنخې، قانىلى ۋە لەنجۇ – لييەنيۈنگاڭ تۆمۈريولى لىنىيىسى تەرىپىدىن ئۈچ بۆلۈك قىلىپ بۆلۈۋېتىلگەن، يۈەنجىن ناھىيىسى ئۈچ بۆلۈكنىڭ باش تەرىپىگە جايلاشقان. لەنجۇ – لييەنيۈنگاڭ تۆمۈر يولى لىنىيىسى ئۈچ بۆلۈكنىڭ ئاستى تەرىپىدە ئىدى. ئارمىيىمىزنى شەھەرگە يېقىنلاشتۇرماسلىق ئۈچۈن، ۋاڭ جىنجۇ بىر تەرەپتىن، قورشىۋېلىنغان يۈەنجىن ناھىيىسىدىكى دۈشمەنلەرگە چىڭ تۇرۇپ ياردەم كۈتۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن شىمالدىكى ياردەمگە كەلگەن دۈشمەنلەرنى ئىككى يۆنىلىشكە: يەنى بىرىنچى يۆنىلىشتىكى 153 – بىرىگادا ساشەن ناھىيىسى ئارقىلىق دىڭتاغىچە بېرىپ، خېزىغا چېكىنىپ بارغان دۈشمەنلەر بىلەن بىرلىشىپ سول تەرەپ قىسىم بولۇپ تۇرۇشقا؛ ئىككىنچى يۆنىلىشتىكىلەرنى خېشياڭ ئارقىلىق شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، جياشياڭ رايونىدىكى دۈشمەنلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئوڭ تەرەپ قىسىم



بولۇپ تۇرۇشقا بۆلۈۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۆلۈنۈپ ئىلگىرىلەپ، بىرلىشىپ زەربە بېرىدىغان قىسقۇچ شەكىللىك ھۇجۇمنى شەكىللەندۈرۈپ، ئارمىيىمىزنى ئۈچ بۆلۈكنىڭ ئۈستى تەرىپىدە تۇرۇپ قىرغاق ئۇرۇشى قىلىشقا مەجبۇرلىماقچى بولىدۇ. لىيۇ بوچېڭ، دېڭ شياۋپىڭ يولداشلار دۈشمەننىڭ سۈيقەستىنى بىلىۋېلىپ، ئۆز يولى بىلەن ئۆزىنى باپلىماقچى بولۇپ، پەگادىن تۆرگە چىقىدۇ. يەنى بىر تەرەپتىن ئارمىيىمىزنىڭ 1 – كالونىسىغا يۈەنجىن ناھىيىسىدىكى دۈشمەننى ھۇجۇم بىلەن قەتئىي يوقىتىپ، داۋاملىق شىمالغا يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن 1 –، 6 – كالونىسىغا ئىككى يۆنىلىشتىكى دۈشمەننىڭ ئارىلىقىدىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ شىددەت بىلەن قادىلىپ كىرىپ، دۈشمەننىڭ 153 – بىرىگادىسى دىڭتادا تېخى مۇستەھكەم ئورۇنلىشالمىغان، خېزىدىكى دۈشمەنلەر بىلەن بىرلىشىپ كېتەلمىگەن پەيتتىن پايدىلىنىپ، بىراقلا يوقىتىپ، دۈشمەننىڭ سول قانىتىنى پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىزنىڭ 3 – كالونىمىز جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلەپ تېزلىكتە دۈشمەننىڭ يان ئارقا تەرىپىگە يېتىپ بارىدۇ. نەتىجىدە، ئۇرۇشنىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى تېز ئۆزگىرىپ، يۈەنجىن، دىڭتادىكى دۈشمەنلەر كەينى – كەينىدىن يوقىتىلىپ، ئۇرۇش ئوڭۇشلۇق ھالدا چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ.

«ئۇستاتلىق ئامالى» نىڭ ئومۇمىي مەنىسىدىن ئېيتقاندا، پەگادىن تۆرگە چىقىشنى ئىتتىپاقداش قوشۇنلارغا ياردەم بېرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، پۇختا پۇت تىرەپ تۇرۇۋېلىپ، ئاندىن قەدەممۇ قەدەم ئورۇنلىشىۋېلىپ، ئىتتىپاقداش قوشۇنلارنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىش ياكى كونترول قىلىۋېلىش دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

## 5. بۆلۈم يېڭىلدۈرۈش ئامالى

### 31. سەتەڭلەردىن پايدىلىنىش ھىيلىسى

قەدىمكى ھەربىي ئالىملار ئالدى بىلەن دۈشمەن سەركەردىلىرىنى ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن مەغلۇپ قىلىشقا ئېتىبار بېرىپ كەلگەن، قەدىمكى كىتابلاردا مۇنداق دېيىلىدۇ: بىۋاستە ھەرىكەت ئارقىلىق بويسۇندۇرغىلى بولمايدىغان دۈشمەننى سەتەڭلەرنى ئەۋەتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئېزىقتۇرۇپ بويسۇندۇرغىلى بولىدۇ.

ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۆرەشنى ھەربىي سەپتىكى كۆرەشنىڭ ياردەمچىسى قىلغىلى، ئۇ ئارقىلىق ئۇرۇش مەيدانىدا يەتكىلى بولمايدىغان مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. قەدىمكىلەر كىچىك دۈشمەن ئالدىدا ئۆزىنى قوغداپ، كۈچ - قۇۋۋەت توپلاش ئۈچۈن، ۋاقىتىنچە دۈشمەننىڭ ئىرادىسىگە ماسلىشىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىرادىسىنى يوقىتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلغان «ماسلىشىش» دېگەنلىك ئۆزگەرتىلگەن كۆرەش شەكلى بولۇپ، بۇنى ئىقتىدارسىزلىق قىلىپ تىز پۈكۈش. تەسلىم بولۇش بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدۇ. ئەمىنىيە دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى، يۆ بەگلىكىنىڭ بېگى گوجيەن ۋۇ بەگلىكى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، ۋۇ بەگلىكىنىڭ بېگى فۇچەيگە ساھىبجامال شى شىنى ۋە قىممەتلىك بايلىقلارنى تەقدىم قىلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ، ئۇنى راھەت - پاراغەتتىن بەھرىمەن قىلدۇرۇپ،



ھوشيارلىقىنى بوشاشتۇرۇپ، ئەخلاقلىق ۋە قابىلىيەتلىك ئادەملىرىگە زىيانكەشلىك قىلغۇزىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يۆ بەگلىكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ لەشكەرلىرىنى چىقىرىپ ۋۇ بەگلىكىنى يوقىتىدۇ.

ھەربىي مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان سەتەڭلەردىن پايدىلىنىش ھىيلىسى ئادەتتە جاسۇسلۇق ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئىشلىتىلىدۇ. بۇنى ئاجىزلار ئىشلىتىپلا قالماستىن، كۈچلۈكلەرمۇ ئىشلىتىدۇ. شۇڭا بۇنىڭ ئىپادىلىنىشىمۇ بىرخىل شەكىل بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ.

### 32. شەھەرنى بوشىتىپ قويۇش ھىيلىسى

بۇ — پىسخىك تاكتىكا. تارىخشۇناسلىق ساھەسىدىكى بەزى كىشىلەر «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» دە بايان قىلىنغان جۇگېلياڭ لەشكەرلىرىنى ياكېپىڭغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، «شەھەرنى بوشىتىپ قويۇش ھىيلىسى» نى ئىشلىتىپ، سىمايىنى چېكىندۈرگەن دېگەن ئەھۋالنىڭ ۋاقىت ۋە ئورۇن جەھەتتىن ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاپ، بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىي بولغان - بولمىغانلىقىدىن گۇمانلانغان. لېكىن ئۇرۇش تارىخىدا بۇ ھىيلىنى ئىشلىتىپ دۈشمەن لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرگەنلەر ئاز ئەمەس. تاڭ شۈەنزۇڭ دەۋرىدە (مىلادىنىڭ 707 - يىلى)، تىبەتلەر گۇاجۇ ئايمىقىغا (بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئەنشى ناھىيىسى) ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ يەرنى ساقلاۋاتقان سەركەردە ۋاڭ جۈن شۇ قېتىمقى جەڭدە ئۆلىدۇ. جاڭ شۇگۇي گۇاجۇ ئايمىقىنىڭ پاسىبانلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. ئۇ خىزمەت ئورنىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، دەرھال ئامىنى تەشكىللەپ ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. جاڭ شۇگۇي دۈشمەن كۆپ، بىز ئاز، شۇڭا قىلىچ، ئوقيا، تاش -

توقماقلار بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشكە بولمايدۇ، ھىيلە ئىشلىتىپ دۈشمەن لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرۈش كېرەك، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، كۆپچىلىكنى ياسىداق بىر راۋاقتا زىياپەت ئۇرۇنلاشتۇرۇپ، سازەندىلەرنى تېپىپ كېلىپ داقا - دۇمباق، ساز چېلىشقا بۇيرۇيدۇ. جاڭ شۇگۇي سەركەردە ۋە لەشكەرلىرى بىلەن ھاراق - شاراب ئىچىپ تاماشا قىلىدۇ ھەمدە شەھەر دەرۋازىسىنى يوغان ئېچىپ قويىدۇ. تىبەتلەر بۇنى كۆرۈپ، شەھەر ئىچىدە مۆكۈنۈپ قويغان لەشكەرلىرى بولسا كېرەك دەپ گۇمانلىنىپ، لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ قايتىپ كېتىدۇ.

جىددىي پەيتتە، داداللىق ۋە قاراملىق بىلەن ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق دۈشمەننىڭ خاتا ھۇجۇم قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغاندا، كۆپىنچە خەۋپتىن قۇتۇلۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. قەدىمكىلەر «شەھەرنى بوشىتىپ قويۇش ھىيلىسى» دېگەن بۇنداق تەدبىرنى شەھەرنى ساقلاشقا ئىشلىتىپلا قالماستىن، دۈشمەن كۆپ، ئۆزى ئاز بولغان ئۇچراشمىدا جەڭ قىلىشمۇ ئىشلەتكەن. خەن ۋۇدى دەۋرىدە، چەۋەندازلار سانغۇنى لى گۇاڭ چېگرىنى قوغداش ئۈچۈن لەشكىرىنى باشلاپ چىقىدۇ. ئۇ، چارلاش سەپىرىدە، ھۇنلارنىڭ شىكارغا چىققان ئۈچ ئادىمىنى قوغلاپ ئاتىمەن دەپ، ھۇنلارنىڭ ئاتلىق قوشۇنى بىلەن ئۇشتۇمتۇت ئۇچرىشىپ قالىدۇ. دۈشمەن نەچچە مىڭلىغان ئاتلىقلار بولۇپ، لى گۇاڭغا ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلار يۈزلا ئاتلىق لەشكەر ئىدى. ھۇنلارنىڭ سەركەردىسى خەن سۇلالىسىنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ بۇنچىلىك ئازلىقىنى كۆرۈپ، قايمۇقتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان كىچىك قوشۇن بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلىپ، ئالدىراپ - تېنەپ تاغ چوققىسىنى ئىگىلەپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە تىزىلىپ سەپ تارتىپ تۇرىدۇ. بۇ چاغدا، لى گۇاڭ قول ئاستىدىكىلەرگە بىز ھازىر ئارقىمىزغا قاچىدىغان بولساق، دۈشمەنلەر جەزمەن قوغلاپ كېلىپ چاپ - چاپ-



قا چۈشىدۇ. بىز قاچمىساق، ئۇلار قىزىقتۇرۇپ قىلتاققا چۈشۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، دەپ گۇمانلىنىپ، يېنىكلىك بىلەن قاراملىق قىلىشقا پېتىنالمايدۇ، دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، لى گۇاڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ دۈشمەن پوزىتسىيىسىگە ئىككى چاقىرىم كەلگۈدەك يەرگىچە ئىلگىرىلەپ بېرىپ، ئەمدى ماڭمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئاتلىرىنىڭ ئېگەرلىرىنى ئالىدۇ. دۈشمەن پوزىتسىيىسىدىن بىر ئاق ئاتلىق سەركەردە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنىڭ راست - يالغانلىقىنى سىناش ئۈچۈن چىقىپ كەلگەندە، لى گۇاڭ كىركىرەك كىرىپ ئالدىغا بېرىپ، دۈشمەن سەركەردىسىنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. قايتىپ كېلىپ يەنە لەشكەرلىرىگە ئاتلارنى يېشىپ قويۇپ بېرىشكە بۇيرۇق قىلىدۇ. تۈن قاراڭغۇسى بولاي دېگەندە، ھۇن لەشكەرلىرى ئەتراپىمىزدا خەن سۇلالىسىنىڭ يوشۇرۇنغان لەشكەرلىرى بار ئوخشايدۇ دەپ گۇمانلىنىپ، ئالدىراشلىق بىلەن چېكىنىپ كېتىدۇ. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە، لى گۇاڭ قاتارلىقلار ھۇن لەشكەرلىرىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، بىمالال - تەمكىن ھالدا مەغرۇرانە قايتىپ كېلىدۇ.

ھازىرقى زامان شارائىتىدا رازۋېتكا تېخنىكىسى، ھۇجۇم ۋە مۇداپىئە قوراللىرى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى، ئۇرۇش شەكلىدىمۇ تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. «شەھەرنى بوشىتىپ قويۇش ھىيلىسى» ئەمدى ئانچە ئاقمايدىغان بولۇپ قالدى، لېكىن بۇنداق «پسىخىك تاكتىكا» نى يەنىلا قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

## 33 · تىڭچىلىق ھىيلىسى

ئۇرۇشتا جاسۇس ئىشلىتىش قەدىمدىن تارتىپ بولۇپ كەلگەن. سۇنزى مۇنداق بەش خىل جاسۇسلۇق بولىدىغانلىق-

نى ئېيتقان: دۈشمەن زېمىنىدىكى پۇقرالاردىن پايدىلىنىپ قىلىنىدىغان جاسۇسلۇق، ئۇ ئاددىي جاسۇسلۇق دېيىلىدۇ؛ دۈشمەن تەرەپلەرنىڭ ئەمەلدارلىرىنى ئۆزىگە تارتىش يولى بىلەن قىلىنىدىغان جاسۇسلۇق، ئۇ — ئىچكى جاسۇسلۇق دېيىلىدۇ؛ دۈشمەن تەرەپنىڭ جاسۇسىنى ئۆزىگە تارتىپ ياكى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، بۇ — ئۆز جاسۇسى بىلەن ئۆزىنى باپلاش دېيىلىدۇ؛ غەرەزلىك ھالدا يالغان ئەھۋال پەيدا قىلىش ۋە ئۇنى دۈشمەن تەرەپنىڭ جاسۇسىغا ئاشكارىلاپ بېرىش، بۇ — پىداكارانە جاسۇسلۇق دېيىلىدۇ؛ دۈشمەننىڭ ئىچكى قىسمىغا جاسۇس كىرگۈزۈپ، مۇھىم ئاخبارات ئوغرىلاش، بۇ چەتتىن قىلىنغان جاسۇسلۇق دېيىلىدۇ. قەدىمكىلەر تىڭچىلىق ھىيلىسىنى چۈشەندۈرگەندە «دۈشمەن تەرەپتىن پايلاپ كەلگەن جاسۇسنى ئالدىنئالا بىلىش ياكى پارا بېرىپ ئالداپ قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ياكى بىلمىگەن بولۇۋېلىپ، يالغان ئەھۋال كۆرسىتىپ ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىپ، ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» دېگەنىدى. ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە ۋېي پادىشاھلىقى بىلەن ۋۇ پادىشاھلىقى چىبى دېگەن جايدا تىركىشىپ قالىدۇ. ساۋساۋ يېنىدىكى مەسلىھەتچىسى جياڭ گەن بىلەن ۋۇ پادىشاھلىقىنىڭ باش قوماندانى جۇيۇنىڭ ئاغىنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، جياڭ گەننى ئاغىنىسىنى يوقلاپ كەلگەنلىكىنى باھانە قىلىپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ۋۇ پادىشاھلىقىنىڭ ھەربىي ئەھۋالىنى تىڭلاپ، جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرىنى قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. جۇيۇ جياڭ گەننىڭ كېلىش غەرىزىنى بىلىۋېلىپ، ئۆز يولى بىلەن ئۆزىنى باپلايدۇ. جۇيۇ ساۋساۋنىڭ سۇ لەشكەرلىرىنىڭ باش قوماندانلىرى سەي ماۋ، جاڭ يۈنلەرنىڭ ۋۇ پادىشاھلىقى بىلەن خۇپىيانە ئالاقىلىشىپ، ساۋساۋغا قارشى تۇرۇش قەستىدە بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان



بىر يالغان ئاخباراتنى ئويدۇرۇپ چىقىدۇ، ھەمدە مەي-شاراپ ئىچىپ مەست بولۇپ قالغانلىقىنى باھانە قىلىپ، جياڭ گەننىڭ بۇ ئاخباراتنى ئوغرىلاپ كېتىشىگە پۇرسەت چىقىرىپ بېرىدۇ. ساۋساۋ بۇنى راست دەپ بىلىپ، سەي ماۋ، جياڭ يۈنلەرنى ئۆلتۈرىدۇ. نەتىجىدە ساۋساۋ چىبىدىكى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇرۇشىدا، خەۋەرلىشىش تېخنىكىسى ۋە ئالاقىلىشىش ۋاستىلىرى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. جاسۇسلۇق ئۇسۇللىرىنىمۇ تارىختىكى ئۇسۇللارغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، تىڭچىلىق ھىيلىسىنىڭ ئىپادىلىنىشى تېخىمۇ كۆپ خىل بولىدۇ. دۇنيا ئۇرۇشىدا، ئەنگلىيىنىڭ دېڭىز ئارمىيە ئاخبارات ئورگىنى قولغا چۈشۈرگەن گېرمانىيە جاسۇسىنى ئۆزىگە تارتىپ «تىغ ئۇچىنى كەينىگە قارىتىدىغان» ئىككى بىسلىق جاسۇس قىلىپ تەربىيىلەپ، ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش قىلىش غەرىزى بويىچە، مەخسۇس يالغان ئاخباراتلارنى ياكى ئەمەلىي ئەھمىيىتى بولمىغان ئاخباراتلارنى گېرمانىيە ئاخبارات دائىرىلىرىگە يوللاپ بېرىپ، تۈرلۈك ئالدامچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ. مەسىلەن، ئەنگلىيە — گېرمانىيە سۇ ئاستى پاراخوت ئۇرۇشىدا، گېرمانىيىنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتلىرى چارلاشقا قارشى بىر يۈرۈش تاكتىكىلارنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. گېرمانىيىنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتلىرى ھەر قېتىم ئەنگلىيىنىڭ «سۇ ئاستى پاراخوتىدىكى چارلىغۇچى سايمان» لىرىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئۇچرىغاندا، تورپېدالىسىدىن سىرتقا يەل قويۇپ بېرىپ، زور مىقداردا كۆپۈك پەيدا قىلىپ، ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ «سۇ ئاستى پاراخوتلىرىدىكى چارلىغۇچى سايمان» لىرىنى كۆپۈكنىڭ ئىزىغا چۈشۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ. گېرمانىيىنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتلىرى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كۆز بوياپ قېچىپ

كېتىدۇ. ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ بۇنداق چارلاشقا قارشى تاكتىكىسىغا بۇزغۇنچىلىق سېلىش ئۈچۈن، ئالىملارغا يېڭى تېخنىكىنى تەتقىق قىلىشنى تاپشۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تات ئىسىملىك ئىككى بىسلىق بىر جاسۇسقا گېرمانىيىنىڭ ئاخبارات ئىدارىسىگە مەخپىي تېلېگرامما بەرگۈزىدۇ. ئۇ تېلېگراممىدا: مەن يېقىندا ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ يېڭى تېپىشكىنى قوغلىغۇچى پاراخوتىدىكى بىر كوماندىرنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلدىم. بۇ كوماندىر ھاراق ئىچكەندىن كېيىن، سىرنى پاش قىلىپ: بىز گېرمانىيىنىڭ چارلاشقا قارشى تاكتىكىسىغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ يېڭى چارىسىنى تاپتۇق، گېرمانىيىلىك بۇ ھاماقەتلەر ئۆزلىرى چىقارغان كۆپۈكنىڭ دەل بىزگە ياردەم بەرگەنلىكىنى بىلمەيدۇ، — دېدى، دەپ يالغان ئېيتىدۇ. تات بۇ ئاخباراتنى ئۇنىڭ ئالدىدىلا ئەنگلىيىلىكلەر تاسادىپىي ئېتىپ چۆكتۈرۈۋەتكەن گېرمانىيىنىڭ چارلاشقا قارشى تۇرۇش مەشقىدىن ئۆتكەن بىر سۇ ئاستى پاراخوتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، گېرمانىيىنىڭ ئاخبارات ئورگىنىغا مەلۇم قىلىدۇ. گېرمانىيىلىكلەر ئەنگلىيىنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتىغا قارشى تۇرۇش تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىنى خاتا ھالدا مۆلچەرلەپ، بۇ خىل تاكتىكىنى بىر مەھەل بولدى قىلىپ تاشلاپ قويىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ كۆپ زىيانغا ئۇچرايدۇ.

## 34. جىسمانىي ئازاب ھىيلىسى

بۇ — دۈشمەننى بىخوتلاشتۇرۇش ياكى جاسۇسلۇق ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىشتا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇش مەقسىتىدە، ئۆزىگە زىيان يەتكۈزۈش ئارقىلىق، دۈشمەننىڭ ئىشەنچىسىنى



قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان بىرخىل تەدبىر. ئۇنىڭ قوللىنىلىشى ھەرخىل بولىدۇ، يېتىدىغان مەقسەتمۇ ئوخشاش بولۇۋەرمەيدۇ. ئەمىنىيە دەۋرىدە، جىڭ بەگلىكىنىڭ بېگى جىڭ ۋۇگۇڭ خۇ بەگلىكىگە جازا يۈرۈشى قىلماقچى بولۇپ، ئالدى بىلەن قىزىنى خۇ بەگلىكىنىڭ بېگىگە بېرىدۇ، ھەمدە خۇ بەگلىكىگە جازا يۈرۈشى قىلىشنى كۈچەپ تەشەببۇس قىلىۋاتقان ۋەزىرى گۈەن جىنىڭ كاللىسىنى ئوچۇقتىن-ئوچۇق ئالىدۇ. خۇ بەگلىكىنىڭ بېگى جىڭ بەگلىكى راستىنلا بىزگە يېقىنچىلىق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ھېسابلاپ، مۇداپىئە تەدبىرى قوللانمايدۇ. جىڭ بەگلىكى ئارقىدىنلا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغاپ، خۇ بەگلىكىنى يوقىتىدۇ. بۇمۇ جىسمانىي ئازاب ھىيلىسىگە تەئەللۇق ئىش.

جىسمانىي ئازاب ھىيلىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى — «ئادەم ئۆزىگە زىيان يەتكۈزمەيدۇ» دېگەن قائىدىدىن پايدىلىنىپ، زۆرۈر بولغان قان ئاققۇزۇش ھېسابىغا دۈشمەننى ئالداش مەقسىتىگە يېتىشتىن ئىبارەت. بۇ خىل تەدبىر يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زاماندىكى جاسۇسلۇق ئۇرۇشلىرىدا يەنىلا كۆپلەپ قوللىنىلماقتا. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ بىر تۈركۈم «ئىككى بىسلىق جاسۇس» لىرى ئىچىدە، نورۋېگىيىلىك مورت ۋە كېيۇ دەيدىغان ئىككى ئادەم بولغان. ئەسلىدە ئۇلارنى گېرمانىيە ئاخبارات ئىدارىسى ئەنگلىيىگە ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ۋەھىمىلىك ۋەقەلەرنى پەيدا قىلىپ، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش، ھەمدە ھەربىي ئاخباراتلارنى توپلاش ئىدى. ئەنگلىيە ئۇلارنى داۋاملىق تۈردە گېرمانىيە ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە قىلىش مەقسىتىدە، ئالدى بىلەن ئۇلارنى بەزىبىر «ئاجايىپ مۆجىزە» يارىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلماقچى

بولۇپ، ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى ئاخبارات ئىدارىسى ئالاقىدار دائىرىلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئىككى قېتىم مەخسۇس ئاشۇ ئىككى ئادەم ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلب قىلغۇدەك پارتلاش ۋەقەسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەن. 1 - قېتىمقىسى 1941 - يىلى 11 - ئايدا بولغان بولۇپ، ئەنگلىيىلىكلەر ئالدىنئالا ۋېردىندۇننىڭ يېقىندىكى يېمەكلىكلەر لاپىسىدىن ئەمەلىيەتتە ئانچە كۆپ زىيان بولمايدىغان بىر جايىنى تاللاپ، مورت بىلەن كىيۇغا ئۇ يەرنى پارتلاتقۇزىدۇ. بۇ ئاھالىلەر زىچ رايون بولۇپ، ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان نۇرغۇن ئادەملەر كېلىپ ئوتتىن قۇتقۇزۇشقا قاتناشقان، ئىشتىن كېيىن، ئەنگلىيە گېزىتلىرى ۋەقەنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن بۇ ۋەقەنى خەۋەر قىلغان. ئارقىدىنلا ئەنگلىيىلىكلەر يەنە نۇۋىنلاندىن ئاھالىسى شالاڭ، ئەمما خەرىتىدە بىر كونا ھەربىي ئوق - دورا زاۋۇتى كۆرسىتىلگەن بىر جايىنى تاللاپ، مورت بىلەن كىيۇغا يەنە بىر قېتىم «پارتلىتىش» ۋەقەسىنى پەيدا قىلدۇرغۇزغان. گېرمانىيە جاسۇسلىرى بۇزغۇنچىلىق قىلدى دېگەن يالغان قىياپەتنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن، نەق مەيداندا يەنە ئەتەيگە ئەنزە پەيدا قىلغان ئىسپاتلارنى، جۈملىدىن مورت «ئېھتىياتسىزلىق» تىن نەق مەيداندا چۈشۈرۈپ قويغان نورۋېگىيىدە ئىشلەنگەن قاپلىق كومپاسنىمۇ قالدۇرۇپ قويغان. ئەنگلىيە ھەربىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ 5 - باشقارمىسى ئالاھىدە تەكشۈرگۈچىلەرنى چىقىرىپ، كۆپلىگەن يىپ ئۇچلىرىنى «ئىزدەش» تىن ئاۋۋال، ئەنگلىيىلىكلەر بۇ ۋەقەنى سۆزلەپ يۈرمىگەن، بۇ خىل ساختىلىق دەل جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقتىن، گېرمانىيىلىكلەر بۇ ئىككى قېتىملىق ۋەقەدىن قاتتىق مەمنۇن بولۇشقان. مورت بىلەن كىيۇ بۇنىڭ بىلەن گېرمانىيىلىكلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە تېخىمۇ ئېرىشىۋېلىپ، پۇرسەتتىن



پايدىلىنىپ ئۇلارنى يالغان ئاخبارات بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان، شۇنداق قىلىپ ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى ئۈچۈن دۈشمەننى ئالدايدىغان نۇرغۇنلىغان ھەرىكەتلەرنى ئىشلەپ بارغان.

## 35. چېتىپ قويۇش ھىيلىسى

بۇ ــ بالانى دۈشمەنگە ئىتتىرىپ قويۇپ ياكى «دۈشمەنگە بالا تېپىپ بېرىپ»، دۈشمەننى ئۆزىنىڭ پۇت - قولىنى ئۆزىگە چۈشەتكۈزۈپ، ھەرىكەت ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىش تەدبىرى بولۇپ، بىر تال يىپقا ئىككى چېكەتكىنى باغلاپ قويۇلسا، ھېچقايسىسى قاچالمايدۇ، دېگەنلىكتۇر، دېمەك، بۇ چېتىپ قويۇپ ئىسكەنجىگە ئېلىشنىڭ رولىنى كۆرسىتىدۇ.

ئومۇمەن، چېتىپ قويۇش ئامالىنىڭ مەنىسى «دۈشمەننى ھاردۇرۇش» تا بولۇپ، ئۇنىڭدا يەنە «دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىش» ئامالى قوشۇلىدىغان بولسا، ئۇ ئىككىسى بىرلىشىپ تازا قاملىشىدۇ - دە، ئاندىن غەلىبە قازانغىلى بولىدۇ. «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» نىڭ 47 - بابىدىكى «پاڭ تۇڭنىڭ چېتىپ قويۇش ئامالىنى ماھىرلىق بىلەن ئىشلىتىشى» دە مۇنداق دېيىلگەن: چىبى ئۇرۇشىدا لىۋ بېينىڭ مۇشاۋۇرى پاڭ تۇڭ ساختا ئەل بولۇۋېلىپ، ساۋ ساۋنىڭ بارگاھىغا بېرىپ، ساۋ ساۋنى كېمىلەرنى زەنجىر بىلەن چېتىپ قويۇشقا ئۈندەيدۇ. بۇ، كىرۇنۇشتە ۋېي قوشۇنلىرىنىڭ سۇ ئۈستىدە جەڭ قىلىشقا ئادەتلەنمەستەك ئاجىزلىقىنى يېڭىشكە ياردەم بەرگەنلىك بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئاشۇ كېمىلەرنى قاچالمايدىغان قىلىپ قويۇپ، ۋۇ - شۇ پادىشاھلىقلىرى بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ ئوت بىلەن قىلغان ھۇجۇمىنى

ئىشقا ئاشۇرۇشىدىكى ئۆلۈك نىشانغا ئايلاندۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ئىدى. پاك تۈگىنىڭ چېتىپ قويۇش ئامالىنى ئىشلىتىپ ئۇرۇش كېمىلىرىنى ئۈستىلىق بىلەن چېتىپ قويۇشىدىن، جۈيۈنىڭ قىيناش ئامالىنى ئىشلىتىپ خۇاڭ گەيدە ساختا ئەل بولغان بولۇۋېلىپ، چېبىگە ئوت قويۇۋېتىشكە قەدەر بولغان ئىشلار مۇكەممەل بىر تەدبىر زەنجىرىنى شەكىللەندۈرگەن.

ھەرىكەت ئەركىنلىكى — ئارمىيىنىڭ جان تومۇرى، چېتىپ قويۇش ئامالىنى ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى ناھايىتى كۆپ، لېكىن بۇنىڭدا جەڭنىڭ غەلىبىسى ياكى مەغلۇبىيىتىنى بەلگىلەيدىغان ئامىللار ئىچىدىكى دۈشمەن تەرەپنىڭ ھالقىلىق ئاجىزلىقىنى تۇتۇۋېلىپ، چارە - تەدبىرلەرنى جايىدا ئىشلىتىپ، پۈتكۈل دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ ھەرىكەت ئەركىنلىكىنى قامال قىلىپ، ئۇبدان جەڭ پەيتىنى يارىتىش مەقسەت قىلىنىدۇ. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بى زەييۇ ئالتۇن خانىنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن تۇتۇشۇپ قالىدۇ ئۇ ئالدى بىلەن كۆچمە پارتىزان ئۇرۇشى ئارقىلىق دۈشمەن تەرەپنى ئازدۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ دۈشمەن تەرەپنىڭ ئاتلىرى ھېرىپ - ئېچىپ، ئادەملىرى ھالىدىن كەتكەندە، ئالدىنئالا خۇش پۇراقلىق دورا - دەرمانلار بىلەن قوشۇپ پىشۇرۇپ قويغان قارا پۇرچاقلارنى پوزىتسىيە ئالدىغا چېچىپ قويۇپ، دۈشمەننى ئالداپ ئېلىپ كېلىپ جەڭ قىلماقچى بولىدۇ. بۇ چاغدا، ئالتۇن خانىنىڭ ئېچىرقاپ كەتكەن جەڭ ئاتلىرىنىڭ بۇرنىغا پۇرچاقنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئۇرۇلۇش بىلەن تاقەت قىلالماي كوسىلدىتىپ پۇرچاق يېيىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، قانچىلاپ قامچا ئۇرۇلسىمۇ مىدىر قىلىپ قويمايدۇ. بى زەييۇ بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ لەشكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ چاپ - چاپقا ئۆتتۈپ، جەڭدە چوڭ زەپەر قۇچىدۇ.

چېتىپ قويۇش ئامالىنىڭ دۈشمەنگە ئاز - تولا نەپ



بېرىپ قويۇپ، بالانى دۈشمەنگە ئىتتىرىپ قويۇشتىن ئىبارەت بۇ بىر مەزمۇننى ستراتېگىيە جەھەتتىمۇ قوللىنىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ 1 - يىلىدا، جياڭ جېيشى ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغايدۇ. ئارمىيىمىز بولسا جايلارنى ساقلاپ قېلىش ياكى تارتىۋېلىشنى ئاساسىي نىشان قىلماستىن، بەلكى دۈشمەننىڭ جانلىق كۈچلىرىنى يوقىتىشنى ئاساسىي نىشان قىلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋاقتىنچە 105 شەھەردىن ۋاز كېچىپ، مۇشتىنى تۈگۈۋالىدۇ. ھالبۇكى، دۈشمەنلەر بۇ رايونلارنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن بەش بارمىقىنى تەڭ ئىشقا سالماي بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار نۇرغۇن ئەسكىرىي كۈچىنى ئۇزاق «نۇقتا»، «سەپ» كە چېچىۋېتىدۇ. ئاخىرى بېرىپ، دۈشمەننىڭ ئۇرۇشنىڭ 1 - سېپىگە بىۋاستە سالغىلى بولىدىغان ئەسكىرىي كۈچى ئەسلىدىكى 117 بىرىگادىدىن 85 بېرىگادىغا چۈشۈپ قالىدۇ. دېمەك، بۇ 105 شەھەر «پۇرچاق چېچىپ ئاتلارنى قامال قىلىش» رولىنى ئوينايدۇ. ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ 2 - يىلىدا، جياڭ جېيشى ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمنى نۇقتىلىق ھۇجۇمغا ئۆزگەرتىدۇ. ئۇرۇش ئوپېراتسىيىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش داۋامىدا، چېتىپ قويۇش ئامالىنى ئىشلىتىش ھەرقايسى جەڭ مەيدانلىرىنىڭ ئالاقىلىشىشىگە، ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسى تەرەققىياتىنىڭ ھەربىر باسقۇچىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالىدۇ. پىڭجىن ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسىدە، يولداش ماۋزېدۇڭ ئىككى ھەپتە ئىچىدە بېيپىڭ، تيەنجىندىكى دۈشمەنلەرنى ئايرىپ تۇرۇش، ئەمما مۇھاسىرىگە ئالماسلىق؛ جياڭجاكۇ ۋە شىنباۋئەندىكى دۈشمەنلەرنى قورشاپ تۇرۇش، ئەمما يوقاتماسلىق؛ خۇەيخەي جەڭ مەيدانىدىكى دۈيۈمىڭ گۇرۇھىغا نىسبەتەن ئەڭ ئاخىرقى يوقىتىشنى ئېلىپ بارماسلىق قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بېيپىڭ، تيەنجىندىكى شاھمات

ئۇرۇقسىنى قولغا ئېلىپ نەگە قويۇشنى بىلمەي تۇرۇۋاتقان
دۈشمەنلەر ئۈچۈن «يۇك» بولۇپ قالىدى. شۇنىڭ بىلەن
ئۇلار قاچاي دېسە قاچالماي، جەڭ قىلاي دېسە مادارى
يەتمەي، يېپىز باغلىنىپ قالدى.

## 36. تۇرالمىساڭ، قېچىپ كەت

«تۇرالمىساڭ، قېچىپ كەت» دېگەن سۆز پايدىسىز
ۋەزىيەتتە دۈشمەن بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشتىن ساق-
لىنىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك بۇنىڭ ئۈچلا يولى
بار، يەنى تەسلىم بولۇش، سۈلھ قىلىش، چېكىنىش. بۇ
ئۈچنى ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندا، تەسلىم بولۇش ئۈزۈل-كېسىل
مەغلۇپ بولغانلىق بولىدۇ، سۈلھ قىلىش يېرىم مەغلۇپ
بولغانلىق بولىدۇ. چېكىنگەندە بولسا مەغلۇبىيەتنى غالىبى-
يەتكە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. شۇڭا بۇ «دانا تەدبىر» دەپ
ئاتىلىدۇ.

ئاجىز قوشۇن كۈچلۈك قوشۇنغا تاقابىل تۇرغاندا،
كۆپ ھاللاردا چېكىنىش ئارقىلىق دۈشمەننى ئالداپ ئېلىپ
كىرىپ پارچىلاپ تاشلاپ، جەڭ پۇرسىتىنى يارىتىدۇ.
«سپارتاك» رومانىدا مۇنداق بىر ۋەقەلىك
بار: بىر قېتىملىق ۋەھىمىلىك كوللېكتىپ ئېلىشىشتا، گلادى-
ئاتور سپارتاكنىڭ ھەمراھلىرى يېڭىلىپ تۈگەيدۇ. قارشى
تەرەپتە بولسا يەنە ئۈچ ئادەم ئېشىپ قالىدۇ. گلادىئاتورلۇق
ماھارىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سپارتاك ھەممىدىن ئۈستۈن
تۇراتتى. بىراق، ئۈچ ماھىر بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلسا، سپار-
تاكنىڭ ئۇنىڭغا تەڭ كېلىشى تەس ئىدى. بۇ چاغدا، سپار-
تاك دەرھال پەنت ئويلاپ چىقىپ، رەقىبلىرىنىڭ كۆزىنى
ئالىچەكمەن قىلىپ، ئۆرۈلۈپلا بەدەر تىكىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچ



رەقىبى بولسا ئۆلەـتىرىلىشكە باقماي ئىزىپسىپ قوغلايدۇ. ھەر
بىر ئادەمنىڭ ھەرىكەت سۈرئىتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، بۇ
ئۈت كىشىنىڭ ئارىلىقى بارا ـ بارا يىراقلايدۇ. بىر چاغدا،
سپارتاك تۇساتتىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا ئۇلار بىلەن ئېلىشىشقى
باشلاپ، دەرھال بىرىنچى بولۇپ ئۆزىنى قوغلاپ كېلىۋاتقان
رەقىبىنى ئۆجۈقتۇرىدۇ. مۇنبەردە ئەسلى ئۇنى مەسخىرە قىلىپ
ئولتۇرغان ئاقسۆڭەكلەر ئاخىرى بېرىپ ئۇنىڭغا بىسارىكاللا ئېيت-
تىشىدۇ...... بۇ يەردە شۇنىسى ناھايىتى روشەنكى، سپارتاك-
نىڭ ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ مەغلۇبىيەتنى غالىبىيەتكە
ئايـلاندۇرالىشى ـــ ئۇنىڭ بىر قېتىمدا بىر ئادەم ئۈچ رەقىب-
كە توغرا كېلىپ قالغان ئۇسال ۋەزىيەتنى ئۈچ قېتىمدا بىر
ئادەم بىر رەقىبكە تاقابىل تۇرىدىغان ئۆزگۈشلۈق ۋەزىيەتكە
ئۆزگەرتىپ، بىر ـ بىرلەپ بابلاش ئارتىلىق ئاز بىلەن كۆپنى
يېڭىش مەقسىتىگە يېتەلىگەنلىكىدە.

ئارمىيىنىڭ ھەرىكەت قىلىش ئىختىدارىنىڭ پەرقلىق بو-
لۇشى، ھەرقايسى قىسىملارنىڭ ھەرىكەت سۈرئىتىنىڭ ئوخشاش
بولماسلىقى، ھاۋا كېلىماتى، يول ۋە ئارقا سەپ كاپالىتىگە
بولغان تەلەپنىڭ ھەر خىل بولۇشى ھەربىي ھەرىكەت جەھەت-
تە ناھايىتى ئوڭايلا بوشلۇق پەيدا قىلىدۇ. بولۇپمۇ، يىراق
مۇساپىلىق ھۇجۇم ئۇرۇشىدا، ئالدىنئالا قارامىلىق بىلەن ئىل-
گىرىلەۋېرىپ، ئارقا سەپ مۇھاپىزىتى ۋە يان تەرەپ مۇھاپى-
زىتى ھەم يان تەرەپ ھىمايىسىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئەھ-
ۋاللار دائىم دېگۈدەك كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا، قەدىمدە: «مىڭ
چاقىرىملىق سەپەردە سەركەردىلەرنى يوقاتقىلى بولىدۇ.» دې-
گەن سۆز تارقالغان. ھالبۇكى، مۇداپىئەلەنگۈچىلەر بولسا
«كېتىش» ئارقىلىق دۈشمەننىڭ يۈرۈشىدىن پايدىلىنىپ يۈرۈپ جەڭ
پۇرسىتىنى يارىتىۋالىدۇ.

«تۇرالمىساڭ قېچىپ كەت» دېگەن بۇ سۆزنى مۇھاسىرى-

نى بۇزۇپ ئۆتۈش ۋە يۆتكىلىشتە ئىشلەتكەن چاغدا، ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگىرىش ياساپ، چېكىنىش بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، يۆنىلىشىنى يوشۇرۇن ئۆزگەرتىش ۋە مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈش كېرەك. مەسىلەن، ئىشچى - دېھقان قىزىل ئارمىيىمىز ئۇزۇن سەپەر داۋامىدا ئېلىپ بارغان چىشۈي دەرياسىدىن تۆت قېتىم ئۆتۈش جېڭىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئەينى ۋاقىتتا، قىزىل ئارمىيە زۇنيىدىن شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، چىشۈي دەرياسىدىن بىرىنچى قېتىم ئۆتكەندىن كېيىن، سىچۈەندىكى لۇجۇ بىلەن يىبىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ شىمالىغا كېلىپ ئۆتۈپ، 4 - فرونتىۋوي ئارمىيىسى بىلەن ئۇچرىشىپ، شىمالغا بېرىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرماقچى بولىدۇ. بۇ چاغدا، گومىنداڭ مەركىزىي ئارمىيىسى بىلەن سىچۈەن، خۇنەن، گۇيجۇ ۋە يۈننەندىكى مىلىتارىست قىسىملىرى تۆت تەرەپتىن قورشاپ ئالدىراپ تېنەپ يېتىپ كېلىدۇ. قىزىل ئارمىيە كەسكىنلىك بىلەن ئەسلىدىكى پىلاننى ۋاقتىنچە ئۆزگەرتىپ، بۇرۇلۇپلا يۈننەننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى زاسى (ۋېيشىن) غا بېرىپ توپلىنىپ پۇرسەت كۈتۈش قارارىغا كېلىدۇ. ئارقىدىن گۇيجۇ چېگرىسى ئىچىدىكى دۈشمەنلەرنىڭ تەنها قالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، دەرھال سەپەرنى شەرققە توغرىلاپ، چىشۈي دەرياسىدىن 2 - قېتىم ئۆتۈپ، لۇشەنگۇەن ۋە زۇنيى رايونىدا غەلىبىلىك ئۇرۇش قىلىدۇ. تاپ بېسىپ ئەگىشىپ يۈرگەن دۈشمەنلەرنى قايمۇقتۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ بۇرنىدىن يېتىلەش ئۈچۈن، قىزىل ئارمىيە چىشۈي دەرياسىدىن 3 - قېتىم ئۆتۈپ، سىچۈەننىڭ جەنۇبىدىكى گۇيلىڭ رايونىغىچە ئىلگىرىلەپ بېرىپ، دۈشمەندە ئەتەيگە چاڭجياڭدىن ئۆتۈپ شىمالغا يۈرۈش قىلىدىكەن دېگەن خاتا تۇيغۇنى پەيدا قىلىدۇ. دۈشمەنلەر يەنە بىر قېتىم سىچۈەننىڭ جەنۇبىغا توپلىنىپ مۇھاسىرىگە ئالغان ۋە توس-



غان چاغدا، قىزىل ئارمىيە يەنە بۇرۇلۇپلا شەرققە قاراپ يۈرۈش قىلىپ، چىشۈي دەرياسىدىن 4 - قېتىم ئۆتۈپ، جەنۇبتا ۋۇجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈپ گۇيياڭغىچە ئىلگىرىلەپ بارىدۇ. ئارقىدىنلا يەنە خۇنەن - گۇيجۇ تاش يولىنى كېسىپ ئۆتۈپ ئۇدۇل يۈننەنگە بېرىپ، جىنشاجياڭ دەرياسىدىن ئۇستىلىق بىلەن ئۆتۈپ، ئاخىرى نەچچە يۈزمىڭ دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ قورشاش، ئارقىدىن قوغلاش، ئالدىدىن توسۇشىدىن قۇتۇلىدۇ.

بىز يۇقىرىدا قەدىمدىن تارتىپ تاھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلارنىڭ ھىيلە بىلەن بولىدىغانلىقى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇشتا تۈرلۈك ئامال، چارە - تەدبىرلەرنىڭ قوللىنىلىدىغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتتۇق. بىر ئېغىز سۆزگە يىغىنچاقلىغاندا، بۇ ئۇرۇش تاكتىكىسى دېگەندىنلا ئىبارەت.

ئۇرۇش قىلىشنىڭ پرىنسىپى ۋە ئۇسۇلى تاكتىكا دەپ ئاتىلىدۇ. تاكتىكىنىڭ تەتقىق قىلىدىغان ئوبيېكتى — ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئۇرۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، ھۇجۇمغا ئۆتۈش ۋە مۇداپىئە كۆرۈش، مەركەزلەشتۈرۈش، ئالغا ئىلگىرىلەش، چېكىنىش ۋە ئايلىنىپ ئۆتۈش، بۆلۈۋېلىش، مۇھاسىرىگە ئېلىش، يوشۇرۇن زەربە بېرىش، ئۇچرىشىش، تۇيۇقسىز زەربە بېرىش، قاتتىق ھۇجۇم قىلىش، بۆسۈپ ئۆتۈش، قوغلاپ زەربە بېرىش ھەمدە جەڭگە تەييارلىق قىلىش ۋە تەمىنلەش قاتارلىقلار.

تاكتىكا ھەربىي تېخنىكا سەۋىيىسىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ، ئۇرۇش خاراكتېرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، ئوپېراتسىيىگە بېقىنىدۇ ھەمدە ئوپېراتسىيە ئارقىلىق ستىراتېگىيىگە بويسۇنىدۇ.

بىز ئۇرۇشنىڭ ھىيلە بىلەن بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينالغان بىر مەيدان كومېدىيە ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى:

1944 - يىلى ئەتىيازدا، غەرب ئەللىرى ئىتتىپاقداش ئارمىيىسى كۆلىمى ناھايىتى زور بولغان قۇرۇقلۇققا چىقىش ئۇرۇش پىلانى — مەشھۇر نورماندىدىن قۇرۇقلۇققا چىقىش ئۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. ئەينى ۋاقىتتا، ئەنگلىيە - ئامېرىكا بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ ئاخبارات تارمىقى بۇنداق چوڭ ھۇجۇمچى قوشۇننىڭ تەشكىللەنگەنلىكىنى گېرمانىيە ئارمىيىسى بىلىپ قالارمۇ، ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ قۇرۇقلۇققا چىقىدىغان جايىنى سېزىۋالارمۇ، دېگەن ئەندىشىلەردە بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دۈشمەن تەرەپنى قايمۇقتۇرۇپ، ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە، تولىمۇ قىزىقارلىق بىر كۆز بوياش ھىيلىسىنى قوللاندى. يەنى گېرمانىيىلىكلەرنى ئەتىگە ئاز - تولا «پاكىت» قا ئىگە قىلىپ، ئەنگلىيە قۇرۇقلۇققا چىققۇچى قىسىملىرىنىڭ قوماندانى مارشال مونگومېر ئەنگلىيىنىڭ ئۆز تۇپرىقىدىن ئايرىلىپ جەبىلتارىق ۋە ئالجىرنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن كەتتى، دېگەننى ئىسپاتلىماقچى بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئەنگلىيىنىڭ ئاخبارات تارمىقى قۇرۇقلۇق ئارمىيە لېيتنانتى جېيمنى مارشال مونگومېرنىڭ رولىنى ئېلىپ چىقىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

لېيتنانت جېيمنىڭ قەددى - قامىتى ۋە رەڭگى-روھى مارشال مونگومېرغا ئاجايىپ ئوخشاپ كېتەتتى، لوندوندا چىقىدىغان بىر گېزىت جېيمنىڭ رەسىمىنى باسقان ھەمدە «بۇ مونگومېر ئەمەس، لېيتنانت» دەپ ئالاھىدە ئىزاھمۇ بەرگەن. ئۇرۇشتىن ئىلگىرى جېيم 25 يىللىق كەسپىي ئەرتىس بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەر خىل روللارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاپ، رول ئېلىشتا مول تەجرىبىگە ئىگە بولغانىدى، بۇنداق ئەۋزەل ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ مارشال مونگومېرنىڭ رولىنى ئوينىشىغا ياخشى ئاساس بولۇپ بەردى. بۇ چاغدا، ئەنگلىيىنىڭ ئاخبارات تارمىقى مەخپىيەتلىكنى قاتتىق ساقلاش شەرتى ئاستىدا، ئىنتا-



يىن ئەتراپلىق بولغان بىر پىلان تۈزۈپ چىقتى. ئالدى بىلەن لېيتنانت جېيم قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مارشال مونگومېرنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ۋە يۈرۈش - تۇرۇشىنى پىششىق ئۆزلەشتۈردى. ھەتتا ئۇنىڭ تۇرمۇشتىكى ئىنتايىن ئۇششاق ئادەتلىرىنىمۇ چالا قويماي ئۆگەندى. ئاندىن كېيىن، جېيم بىر مەزگىل مارشال مونگومېر بىلەن بىرگە تۇرمۇش ئۆتكۈزۈپ، تاكى كىشىلەر ئۇ ئىككىيلەننى پەرقلەندۈرەلمەيدىغان بولغىچە بىرگە بولدى.

بارلىق تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن، شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، مارشال مونگومېرچە ياسالغان لېيتنانت جېيم ئالىي دەرىجىلىك گېنېراللارنىڭ ئۇزىتىشى بىلەن، باش ۋەزىرنىڭ مەخسۇس ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ، جەبىلتارىق ۋە ئالجىرغا قاراپ يولغا چىقتى. دەل شۇ چاغدا، ئەنگلىيىنىڭ ئاخبارات تارمىقى مەقسەتلىك ھالدا: «مونگومېرنىڭ جەبىلتارىق ۋە ئالجىرلارغا سەپەر قىلىشتىكى مۇھىم ۋەزىپىسى — ئەنگلىيە - ئامېرىكا بىرلەشمە ئارمىيىسىنى تەشكىللەش، بىرلەشمە ئارمىيە فرانسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى دېڭىز قىرغىقىدىن قۇرۇقلۇققا چىقىشى مۇمكىن» دەپ خەۋەر تارقىتىدۇ. فاشىست گېرمانىيىسى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەسلەپتە تازا ئىشىنىپ كەتمەيدۇ ھەمدە بۇ خەۋەرنىڭ راست - يالغانلىقىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، گېستاپودا قاتتىق تەربىيىلەنگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، گىتلېر قالتىس ياقتۇرىدىغان ئىككى جاسۇسنى جەبىلتارىق ۋە ئالجىرغا بېرىپ رازۋېتكا قىلىپ كېلىشكە ئالاھىدە ئەۋەتىدۇ. لېيتنانت جېيمنىڭ مونگومېرنىڭ رولىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئوينىغانلىقى يەنە كېلىپ مەخپىيەتلىك ئوڭايلا تارقىلىپ كېتىدىغان بەزى سورۇنلاردا قەستەن ئەنگلىيە - ئامېرىكا بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە پاراڭ قىلغانلىقى، ھەمدە گېرمانىيە جاسۇسلىرى بارلى-

قىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ئاشكارا كۆرۈنۈپ يۈرگەنلىكى گېرمانىيە جاسۇسلىرىنى مارشال مونگومىر ھەققەتەن جەبىلتارىقتا كەپتۇ، دېگەن ئىشەنچىگە كەلتۈرىدۇ. ھەتتا جەبىلتارىقنىڭ باش ۋالىيسى، مارشال مونگومىرنىڭ يېقىن دوستى بولغان گېنېرال شالبىرمۇ مارشال مونگومىر ئۆز پىلانىنى ۋاقتىنچە ئۆزگەرتىپ، بۇ يەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن كەپتۇ، دېگەن ئويغا كېلىپ قالىدۇ.

ئەنگلىيە ئاخبارات تارمىقىنىڭ بۇ كۆز بوياش ھىيلىسى كۈتكەندەك ئۈنۈم بېرىدۇ، گېرمانىيە قوماندانلىق شتابى غەرب ئەللىرى ئىتتىپاقداش ئارمىيىسىنىڭ فرانسىيىنىڭ كالى رايونىدىن قۇرۇقلۇققا چىقماقچى بولۇۋاتقانلىقىغا راستىن ئىشىنىپ، نورماندىيە رايونىنى ساقلاۋاتقان ئىككى تانكا دىۋىزىيىسى ۋە پىيادىلەر دىۋىزىيىسىنى (ئالتە دىۋىزىيە) كالى رايونىغا يۆتكەپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاقداش ئارمىيىسىنىڭ نورماندىدىن قۇرۇقلۇققا چىقىشىدىكى توسقۇنلۇق زور دەرىجىدە ئازىيىپ، شۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا پايدىلىق بولىدۇ.



# بەشىنچى باب
# قوماندان ۋە ئۇرۇشتا قوماندانلىق قىلىش سەنئىتى

## 1 - بۆلۈم قوماندان

قوماندان ئارمىيىدە جەڭگە قوماندانلىق قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي خادىمنىڭ ئومۇمىي نامىدۇر. ئارمىيە ــ دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ بىرى، ئارمىيىنىڭ خاراكتېرى دۆلەتنىڭ سىنىپىي خاراكتېرى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئارمىيىدە دۆلەت تەرىپىدىن تۈزۈلىدىغان، دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ھەربىي قانۇن ــ تۈزۈملەردىن تەركىب تاپقان بىر يۈرۈش قانۇن، ھەربىي ئىشلار قانۇنى، ئۇستاپ ۋە قوماندانلىق تۈزۈملىرى تەسىس قىلىنغان بولىدۇ.

قوماندانلىق ئارمىيە باشلىقلىرىنىڭ قارىمىقىدىكى قىسىملارنىڭ ئۇرۇش قىلىش ھەرىكىتىگە نىسبەتەن ئېلىپ بارىدىغان رەھبەرلىك پائالىيىتى بولۇپ، ئاساسلىقى قارارغا كېلىش قارىمىقىدىكىلەرگە ۋەزىپە تاپشۇرۇش، ئۆز ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ ياردەم بېرىش، ئەھۋالغا ئاساسەن ئەسكىرىي كۈچلەرنى توغرا

ئىشلىتىپ، ستراتېگىيە، تاكتىكىنى جانلىق قوللىنىپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قوماندان ئۆز ۋەتىنىگە، خەلقىگە، مىللىتىگە سادىق بولۇپ، بارلىقىنى ۋەتەننىڭ بىخەتەرلىكى، خەلقنىڭ تىنچ - پاراۋان تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشى، مىللەتنىڭ گۈللەپ - ياشناپ روناق تېپىشى ئۈچۈن تەقدىم قىلىش روھىغا ئىگە بولۇشى كېرەك؛ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ كىم ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن، قانداق جەڭ قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە، راستچىللىق روھىدا تەربىيىلىنىشكە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

XI ئەسىردە ئۆتكەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» دېگەن كىتابىدا قوماندانىنىڭ قانداق شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە مەخسۇس توختالغانىدى. ئۇ، ھەربىي قوماندانىنىڭ ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلىرى، ئۇنىڭدا بولۇشقا تېگىشلىك خۇسۇسىيەتلەر؛ ئەسكەرلەرنى قوماندانغا ئىتائەت قىلدۇرۇش ۋە بېقىندۇرۇش تەدبىرلىرى؛ ھەربىي يۈرۈشتە ۋە جەڭدە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپلار؛ قوماندانىنىڭ ئاخباراتچى ۋە تەدبىر ئىشلىتىپ دۈشمەن ئەھۋالىنى ئىگىلىشى، ئۇرۇشتا باتۇرلۇق كۆرسەتكەنلەرنى قانداق مۇكاپاتلاش كېرەكلىكى ھەققىدە نۇرغۇن پرىنسىپلارنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇ پرىنسىپلار ھېلىمۇ ئۆز قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە قوماندان ئۈچۈن «لەشكەر تۈزۈپ قوشۇن باشلىماق ۋە ياۋنى قىرماق ناھايىتى چوڭ ئىشتۇر» دېيىلگەن. بۇنىڭ ئۈچۈن «بۇ ئىشقا جەسۇر، يېشىدىن ئىش ئۆتكەن، ناھايىتى قاتتىق ئەر يۈرەك، خىل ۋە ھوشيار ئەرەن كېرەك. شۇ چاغدا ئۇ، غاپىللىق بىلەن تۆھمەت كۆرمىگەي. ئۇ، مۇلايىم، باتۇر، سېخىي، تەمكىن، نان - تۇزى كەڭرى بولسۇن. قوشۇن باشلار كىشى سېخى بولۇپ، ئۇنىڭ قېشىغا



سەر خىل كىشىلەر يىشى يىغىلغاي، ئۇ، ئۆزىگە بىر ئات، تون ۋە قورال قالدۇرۇپ، بارلىق مېلىنى چېرىكلەرگە (جەڭچىلەرگە) ئۈلەشتۈرۈپ بەرسە، ھەممىنى ئۆزىگە ئاداش - دوست ۋە قولداش تۇتسا، ئېتى جاھانغا مەشھۇر بولسا، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايىدۇر».

ئۇنداق بولسا، قانداق پەزىلەتنى ھازىرلىغان كىشى قوماندان بولالايدۇ؟ بۇنىڭغا «قۇتادغۇبىلىك» تە مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىلگەن: ئالدى بىلەن «قوماندان يۇسۇن تۈزۈپ، ئۆزىنىڭ مۇنداق بىر قانچە ئىشىنى رەتكە سېلىشى لازىم: بىرىنچى، قوماندانىنىڭ سۆزى چىن، ئېيتقىنى تامامەن راست بولسۇن. چۈنكى، ئۇلۇغ كىشى يالغانچى بولسا، ئاۋام چىن پۈتمەس. ئىككىنچى، قوماندان سېخىي بولغاي. چۈنكى، ئاللارمەن كىشى بېخىلغا يولىماس. ئۈچىنچى، قوماندان يۈرەكلىك ۋە جەسۇر بولسۇن. چۈنكى، يۈرەكسىز ئادەم ياۋنى كۆرسە ئاغرىپ ياتىدۇ. تۆتىنچى، ئۇ (قوماندان) ھىيلە ۋە پىلان بىلىدىغان بولسۇن (ئىش قىلسۇن). چۈنكى كىشى ھىيلە بىلەن ئارسلان تۇتىدۇ. شۇڭا، قوشۇننى بۆسۈشكە چىڭ بولماق، چېرىك قوزغىتىشقا تېز بولماق كېرەك. ئەگەر قوماندانىدا مۇشۇ خىسلەتلەر بولسا يېخىنى (دۈشمەننى) يېڭىپ ھەيۋىسىنى يوقىتىدۇ. شۇ خىل قوماندان قوشۇننى باشلىسا دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ.»

قورقماس - يۈرەكلىك بولۇش قوماندان ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئەڭ ئەۋەللىي شەرتلەرنىڭ بىرى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ شەرت ھەققىدە مۇنداق توختالغان: «يۈرەكسىز كىشى سوقۇشتا كارغا كەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ، چېچىغا ئوخشايدۇ، ئۇ قوشۇننى بۇزىدۇ. قوشۇن بۇزۇلسا، قوشۇندىكى ئەرلەر بىر بىرىنى بۇزىدۇ. شۇڭا، ئۇرۇشتا قوماندان يۈرەكلىك، چىدامىلىق بولۇش كېرەك»، «قوشۇن بېشى كەمتەر، مۇلايىم بولسا، ئۇ

ئۆزىنى دائىم خەلققە سۆيدۈردۇ. كىچىك دىل (كەمتەر) كىشى كىشىنى ئىللىتىدۇ، ئىتتىك تىل كىشى كىشىنى قاچۇرىدۇ. قوماندان ئۆزىنى يوغان (تەكەببۇر) تۇتاركەن، دۈشمەندىن بىگۇمان تاياق يېگەي. تەكەببۇر كىشىلەر غاپىللىق قىلىدۇ، غاپىللار بۇزۇلىدۇ ياكى بىۋاقىت ئۆلىدۇ.»

قوماندان «...يولۋاستەك يۈرەكلىك، يىلپىز بىلەكلىك، تۇڭگۇزدەك تەرسا، بۆرىدەك كۈچلۈك، ئېيىقتەك ئېتىلغاق، قوتازدەك ئۆچ ئالغۇچى، قىزىل تۈلكىدەك ھىيلىگەر، بۇغرا تۆگىدەك ئاداۋەتچى بولسۇن. سېغىزخاندىن سەگەكرەك، كۆز قىيا قۇزغۇندەك يىراقنى كۆرىدىغان، ھەر زامان ھوقۇشتەك ئويغاق تۇرىدىغان، ھەممەتتە ئارسلاندەك بولسۇن.»

قوماندان «ئەگەر يېغىغا ھۇجۇم قىلسا، يېغى ئۇرار ئەرلەرنى ئۆزىگە يېقىن تۇتسۇن. قوماندان چارلىغۇچى قىسىملىرىنى خىل قىلماق، قۇلاق - كۆزىنى ساقلاپ يىراق قارىماق كېرەك. چارلاۋچى تۇتقان (دۈشمەننىڭ ئالدىنقى قىسمى) غا ئۇچراشسا، ئارقىدىن يېتىپ بېرىپ ھۇجۇم قىلسۇن، قوشۇنىنى ساقلىسۇن، مۇنتىزىم قىلسۇن، سەپتە ھېچكىم ئىلگىرى - كېيىن يۈرمىسۇن. ئۇ، قارار گاھ (باش شتاب) ۋە يۇرتۇغ (مۇھاپىزەتچى قىسىم) تۈزۈشنى بىلسۇن. قوشۇن ساقچىلىرى ھوشيار تۇرسۇن، ئەلەم تۇتقان ئەر ھەرىكەتنى كۆزەتسۇن، ياۋنى ئۇرار ئەر ھېچ چەتتە قالمىسۇن، پۇختا جاي كۆرۈپ قوشۇننى چۈشۈرسۇن (ئورۇنلاشتۇرسۇن). قوشۇن توپ بولۇپ تۇرسۇن، يىراق كەتمىسۇن. ئۇ (قوماندان) ھوشيار بولسۇن، غەبلەتتە قالمىسۇن، غاپىل بولسا دۈشمەن زىيان ئۇرىدۇ. دۈشمەننىڭ دىرىكىنى ئېلىپ ياۋغا يېقىنلاشسا، ئوت، سۇنى كۆرۈپ قارارگاھ (باش شتاب) قۇرسۇن».

ئۇرۇشتا دۈشمەننى يوقىتىشتا ئادەمنىڭ كۆپلۈكىگە قارىماستىن، ئۇرۇش قىلغۇچى جەڭچى - كوماندىرلارنىڭ پەم -



پاراستىگە تايىنىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، قوماندان ئۇرۇشتا قەتئىي ئىرادىلىك بولۇپ، ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە ئۆزگىرىشچانلىقى تېز بولغان ئۇرۇش مەيدانىدا، قىلچە تەۋرەنمەي ئۆزىنىڭ ئەسلى قارارىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن جەڭ مەيدانىنىڭ ۋەزىيىتىنى ئەستايىدىل ۋە ئەتراپلىق كۆزىتىشى، يېڭى تاكتىكا تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، قول ئاستىدىكى جەڭچى كوماندىرلارنىڭ جان پىدالىق بىلەن جەڭ قىلىش جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇشى يەنىمۇ قەيسەرلىك بىلەن ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارغا مەنىۋى جەھەتتە داۋاملىق ئىلھام ۋە يوليورۇقلارنى بېرىپ تۇرۇشى لازىم. شۇ بىر مەيدان ئۇرۇشنىڭ ئۆز تەرەپ ۋەزىيىتىنى ئۇڭشاشقا پايدىلىق بولغان تەرەپكە ئوت كۈچى ياكى تاكتىكىلىق ياردەملەرنى بېرىپ، دۈشمەننىڭ ھەيۋىسىنى ئاجىزلىتىپ، ئۆز تەرىپىنىڭ دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ۋاقتىدا تۈرلۈك چارە تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا ماھىر بولۇش كېرەك.

جەڭ قىلىش داۋامىدا، چېكىنىش ياكى تۈرلۈك خەتەرلىك ئەھۋاللارغا دۇچ كەلگەندە، قوماندان ئىنتايىن ئېغىر، سالماق بولۇپ، جەڭ مەيدانىنىڭ قالايمىقانلىشىپ، تەرتىپسىزلىكلەرنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيەتكە پايدىسىز بولغان باش - باشتاقلىق ئىش - ھەرىكەتلەرنى سادىر قىلىشنى توسۇش ئۈچۈن، قاتتىق ئىنتىزامچانلىقنى، بۇيرۇققا قەتئىي ئىتائەت قىلىشنى تەكرار تەكىتلىشى لازىم. چۈنكى، ئۇرۇش مەيدانىدا ئېغىر ئىنتىزامسىزلىق تۈپەيلىدىن ئىنتايىن پايدىسىز ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

ئۇرۇشتا قوماندان پاجىئەلىك ۋەزىيەتنى ئوڭشاپ، پاسسىپلىق ئىچىدىن تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كىتۈرۈشكە، ئەسكەر ۋە كوماندىرلارنىڭ ئىجادچانلىق ۋە ئۆز ئارا ھەمكار-

تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھەرىكەتچانلىق ۋە ئەپچىللىك بىلەن جەڭ قىلىپ، دۈشمەننىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ، جاسارىتىنى يەرگە ئۇرۇشتا، دۈشمەنلەرنى كۆپلەپ يوقىتىش شەرت ـ شارائىتىنى يارىتىشتا ماھىر بولۇش لازىم.

ئۇرۇش داۋامىدا، قوماندان، ئەسكەر ۋە كوماندىرلارنىڭ روھىي كەيپىياتىغا ۋە جەڭگىۋار ئىرادىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

## 2 ـ بۆلۈم قوماندان ـ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ماھىر بولۇش لازىم

ھەربىي ئىلىمدە تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلەر ناھايىتى كۆپ، يىغىپ ئېيتقاندا، دۈشمەن بىلەن ئۆزىمىزدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت. سۇنزى: «ئۆزگىنىمۇ، ئۆزۈڭنىمۇ بىلسەڭ ھەر قانداق جەڭدە يېڭىلمەيسەن» دېگەنىدى. دېمەك، قوماندان دۈشمەن ئەھۋالى بىلەن پىششىق تونۇشماي تۇرۇپ ئۇرۇشتا ئۇتۇملۇك قوماندانلىقنى ئىشقا ئاشۇرالمايدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» تە قوماندانىنىڭ دۈشمەن ئەھۋالىنى ئىگىلىشى ھەققىدە مۇنداق مەخسۇس مەزمۇنلار بار: قوماندان ئۆز تەرەپنىڭ ھەربىي مەخپىيەتلىكىنى قاتتىق ساقلاپ، دۈشمەنگە بىلدۈرمەسلىك، ئامال قىلىپ دۈشمەن تەرەپنىڭ ھەربىي ئاخباراتىنى ئىگىلەپ، ئۇنى يوقىتىشنىڭ چارىسىنى قىلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن «ئۇ، قوشۇننى كۆزەتسۇن، دۈشمەنگە تىل (خەۋەر) بەرمىسۇن، قوشۇن ئازمۇ ـ كۆپ، ياۋ ئۇنى بىلمىسۇن. ئەڭ ئاۋۋال تىرىشىپ تىل ئالماق كېرەك.



بۇ تىلدىن ياۋ ھالىنى بىلمەك كېرەك. ئىشنى شۇنىڭغا قاراپ ئىشلىسۇن، ياۋ بېشىنى كېسىپ، بويىنىنى يەنچىسۇن.»

— «ياۋنى يوقىتماققا ئىككى قورال كېرەك، بۇ ئىككى قورالدىن ياۋ زاۋال كۆرىدۇ. ئەڭ ئاۋۋال ھىيلە ئىشلىتىش كېرەكتۇر. ياۋ ئالدانغانلىقىدىن يۈزى قىزارسۇن. ئىككىنچى سەگەكلىك، ئويغاقلىق لازىمدۇر. كىم سەزگۈر، ساق بولسا، ئۈستۈن كېلىدۇ. كىم جەڭدە ساق، ئويغاق، ھوشيار بولىدىكەن، ئۇ ياۋغا گۇمانسىز زىيان سالىدۇ ۋە ئۇتۇپ چىقىدۇ.»

«دۈشمەننى غەپلەتتە قوي، كېچىسى ھۇجۇم قىل، چۈنكى، كېچىدە ئادەم سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى بىلىنمەس.»

«چېرىكتىن بىر قىسمىنى مۆكتۈرۈپ قوي، سەن ئالدىن يۈرەر يا ياق ئوقچىنى سال. ساقال ـ چاچلىرى ئاقارغان كىشى كۆرەشچى ۋە كۆپ ئىشنى بىلىدىغان كېلىدۇ. كىچىك، ياش ـ يىگىتلەرنىڭ ھەرىكىتى بەكمۇ تېز بولىدۇ، ئەمما ئۇلار يۈز ئۆرۈسە، ئوتتىن تېز ئۆچىدۇ. شۇڭلاشقا، يېشى چوڭ، كۆرەشچان، جەسۇرلارنى سەپ ئالدى قىل، جەڭچىلەرنى باشلاپ ماڭسۇن. ئالدى بىلەن سەپنىڭ ئوتتۇرىغا ئىشەنچلىك كىشىنى قوي، كېيىن ئوڭ ـ سولغا يەنە باشقىدىن ئادەم بېكىت. لەشكەرلەر يېقىنلىشىپ ئەرلەر تۇتۇشقاندا، نەرىلەر تارتىپ ئۇدۇلدىكىنى ئۇرسۇن. ئەڭ ئاۋۋال يىراقتىن ئوق ئاتقۇلۇق. يېقىنلاشسا، نەيزە بىلەن تىققۇلۇق. جەڭگە كىرىشكەندە، دۈشمەننى پالتا، قىلىچ بىلەن چاپ. تىرناقتا تاتىلاپ، ياقىدىن تۇت، چىشلە، چىمدا، ياۋغا ئارقاڭنى تۇتۇپ بەرمە، ياۋنى يوقات ياكى ئۇرۇشتا ئۆلۈپ يات.»

شۇنىڭ ئۈچۈن، قوماندان دۈشمەننى تەتقىق قىلغاندا، ھەربىي ئىشلارنى، دائىر تەرەپلىرىنى تەتقىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە جەمئىيەت ئەھۋالىنى، خەلقنىڭ رايى، جۇغراپىيە ۋە پەسىللىك ھاۋا كىلىماتى

قاتارلىق تەرەپلىرىنىمۇ تەتقىق قىلىشى لازىم.

ھەربىي جەھەتتىن تەتقىق ئېلىپ بارغاندا، دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ شتابى، قورال - جابدۇقلىرى، ستراتېگىيە - تاكتىكىسى، قوماندانلىق ئالاھىدىلىكى، ئۆتمۈشتىكى ئۇرۇش ئەھۋاللىرى ۋە ئۇيۇشتۇرۇۋاتقان تۈرلۈك ھەربىي مانېۋىرلىرى، ئارمىيىسىنىڭ ھازىر ئېلىپ بېرىۋاتقان تەلىم - تەربىيە ئەھۋالى، قىسىم ئىچىدە يۈگۈزۈۋاتقان تۈزۈم - تەرتىپلىرى ئۈستىدە تەتقىق ئېلىپ بېرىش بىلەن تۈرلۈك ھەربىي ماتېرىيال، گېزىت - ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ۋە رازۋېتكا ئارقىلىق قولغا چۈشكەن ماتېرىياللىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش كېرەك.

ئۆزىمىزنى تەتقىق قىلغاندا، ئارمىيىمىزنىڭ ئۆتمۈشتىكى جەڭ قىلىش ئەھۋاللىرى، غەلىبىگە ئېرىشكەن ياكى مەغلۇبىيەتكە يولۇققان جەڭ تەجرىبىلىرىنى ياخشى تەدبىق قىلىپ، غەلىبىگە ئېرىشكەن تەجرىبىلىرىنى قانداق قىلىپ يېڭى ئەھۋاللارغا ئاساسەن راۋاجلاندۇرۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ چارە - تەدبىرلىرىنى تېپىش لازىم.

ئۆتكەنكى تەجرىبىلەرنى تەتقىق قىلىشتا، بەزى پرىنسىپ ئۈستىدە تۇرۇپ قېلىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن: «ئۆزگىنىمۇ، ئۆزەڭنىمۇ بىلسەڭ ھەرقانداق جەڭدە يېڭىلمەيسەن» دېگەن پرىنسىپ بىر ئاساسىي پرىنسىپ، بۇ بىر ئاساسىي پرىنسىپنى بىلىۋالغان بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ. چۈنكى كونكرېت شارائىتتا پرىنسىپنى قانداق ئىشلىتىش بىر - بىرىگە زادى ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاساسىي پرىنسىپنى ئەھۋالغا قاراپ جانلىق قوللىنىش، راۋاجلاندۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىش لازىم.

ھەربىي تارىخنى تەتقىق قىلىش دېگىنىمىز ئۆتكەنكى ئۇرۇش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۇرۇش قانۇنىيىتىنى تەتقىق



قىلىش دېگەنلىكتۇر.

بىر ھەربىي قوماندانىنىڭ تارىخىي بىلىمى بەك كەمچىل بولسا، ناھايىتى زور چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. قەدىمكىلەر «پاراسەت يېتەرلىك بولغاندا تەدبىر كۆپ بولىدۇ»، «سەركەردە قەدىمكىنى ۋە ھازىرنى بىلمىسە، بىلىمسىز باتۇر بولۇپ قالىدۇ» دېگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆز خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان بىر ھەربىي قوماندان بولۇش ئۈچۈن، سىياسىي شەرتلەردىن باشقا چوقۇم كۈچ سەرپ قىلىپ ھازىرقى زامان ئۇرۇشى نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىشتىن باشقا، مەلۇم ھەربىي تارىخىي بىلىم ۋە مەلۇم دەرىجىدە پەن - تېخنىكا بىلىملىرىگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

قوماندان ئۇرۇش قىلىشتىكى تۈرلۈك ئەھۋاللارنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىپ، ئۇرۇش قىلىش ئامىللىرىنى ئىگىلەش بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ كۆرۈپ ئاندىن جەڭگە قوماندانلىق قىلىشى، بېرىلگەن ۋەزىپە، دۈشمەن ئەھۋالى، ئۆز ئارمىيىسىنىڭ ئەھۋالى يەر تۈزۈلۈشى، ۋاقىت چەكلىمىسى قاتارلىق ئامىللارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشلىق تەرەپلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىپ تەكشۈرگەندىن كېيىن قارارغا كېلىش لازىم.

ھازىرقى زامان ھەربىي پەن - تېخنىكىسى ۋە قوراللارنىڭ تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، كەلگۈسىدىكى ئۇرۇشلاردا تېخىمۇ يېڭى، قۇدرەتلىك، قۇۋۋىتى ئىنتايىن زور بولغان قوراللار سىستېمىسى مەسىلەن: مۇقىم يۆنىلىشلىك، ئېنېرگىيىلىك قوراللار سىستېمىسى، ئالەم ستراتېگىيىسى قوراللىرى سىستېمىسى، چوڭقۇر دېڭىز ستراتېگىيىسى قوراللىرى سىستېمىسى ۋۇجۇتقا كېلىپ، ھازىرقى قوراللار سىستېمىلىرى تېخىمۇ ياخشىلىنىدۇ. ئاخبارات ئالاقە سىستېمىسى ئاجايىپ ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ، پۈتۈنلەي يېڭىلانغان خەۋەر - ئالاقە ۋاستىسى

قوللىنىلىدۇ، تولۇق ئاپتوماتىك قوماندانلىق سىستېمىسى تۇرغۇزۇلىدۇ. كەلگۈسىدىكى ئۇرۇشتا زامان، ماكان ۋە جىددىيلىك دەرىجىسى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىلگىرىكى ئۇرۇشلارغا پەقەت ئوخشىمايدىغان تېخىمۇ كۆپ ئالاھىدىلىكلەر ۋۇجۇتقا كېلىپ ئېلېكترون ئۇرۇشى كەلگۈسىدىكى ئۇرۇشنىڭ مۇھىم شەكلى بولۇپ قالىدۇ، ستراتېگىيىلىك مۇداپىئە بىلەن ستراتېگىيىلىك ھۇجۇم تېخىمۇ زىچ بىرلەشتۈرۈلىدۇ. ستراتېگىيە ۋە تاكتىكىدا زور ئۆزگىرىش بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، قوماندان ھازىرقى زامان ئۇرۇشى نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىشى، مەلۇم ھەربىي تارىخىي بىلىم ۋە مەلۇم پەن - تېخنىكا بىلىملىرىگە ئىگە بولۇشى، ئۆز قول ئاستىدىكىلەرنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشى. بولۇپمۇ ھازىرقى زامان شارائىتىدىكى بىرقانچە ئارمىيە تۈرلىرىنىڭ قوشۇلما ئارمىيە تەلىم - تەربىيىسىدىن بىر قەدەر تولۇق خەۋەردار بولۇشى ئۈچۈن ئۆز قىسىملىرىنىڭ يادرو شارائىتىدىكى تەلىم - تەربىيىسىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

قوماندان تىنچلىق ۋاقتىدا ئۆز تەركىبىدە بولغان تەلىم - تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىي ئۇرۇشقا يېقىن كېلىدىغان مانېۋىرلارنى كۆپرەك ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى كوماندىرلارنىڭ سىياسىي، ئىدىيە، تاكتىكا، تېخنىكا سەۋىيىسى، ئۇيۇشتۇرۇش، تەشكىللەش ۋە قوماندانلىق قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى دائىم تەكىتلەپ تۇرۇشى كېرەك.

بولۇپمۇ ھازىرقى زامان ئۇرۇشىدا، تېز ھەرىكەتچان بولۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئورمانلىق، ساسلىق، تاغلىق ۋە قۇملۇق جايلاردا ھەرىكەتچانلىق بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

سۇنزى: «سەركەردە ئۇرۇشقا ماھىر بولسا، لەشكەرلەر



ئۇنىڭ ئەمرىدە بولىدۇ» دېگەنىدى. ئۇ بۇ يەردە كوماندىرلارنىڭ مۇھىملىقىنى كۆزدە تۇتقان. قوماندان بولغان كىشى ھازىرقى زامان ئۇرۇشىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ۋە ستراتېگىيە - تاكتىكىنى بىلسىلا، باشقا ئىككى تەرەپنىڭ رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، قۇدرەتلىك، جەڭگىۋار كۈچ ھاسىل قىلالايدۇ.

ھەرقانداق ئارمىيە ھەربىي بىلىمى بولمىسا مۇۋەپپەقىيەتلىك جەڭ قىلالمايدۇ. قوماندانلارنىڭ ئۆز تەركىبىدىكىلەرنى تەربىيىلەشتىكى تۈپكى ئۇسۇلى ئۇلاردىن ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت. تۈرلۈك كۇرسلارنى، مەكتەپلەرنى ياخشى يولغا قويۇش ئىنتايىن مۇھىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەربىي تەلىم - تەربىيىدە كۆپ مەشىق قىلىش كوماندىرلار كۆپ كىتاب ئوقۇش، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

قوماندان تەركىبىدىكىلەرنىڭ جەڭ تارىخىنى ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلىشى، ئۇلارغا تۈرلۈك جەڭ مىساللىرىنى ۋە تارىختا ئۆتكەن ئاتاقلىق قوماندانلارنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي تەجرىبىلىرىنى سۆزلەپ تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ جەڭ قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. چۈنكى، جەڭ تارىخى ئۇرۇش مەكتىپى بولۇپ، بارلىق ئۇرۇش سەنئىتى نەزەرىيىلىرىنىڭ بىردىنبىر ئەقلىگە مۇۋاپىق ئاساسى جەڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق تىكلىنىدۇ. قوماندان كوماندىرلارنىڭ ھەربىي نەزەرىيە بىلىم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تۈرلۈك ھەربىي مەكتەپ ۋە كۇرسلارغا قەدەرلىك ئەۋەتىپ ئۇلارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم.

ھەربىي نەزەرىيە ئۇرۇش توغرىسىدىكى ئىدراكىي بىلىشتۇر. ئىلمىي بولغان ھەربىي نەزەرىيە ئۇرۇش جەريانىدا شەكىللەنگەن ھەمدە ئەمەلىي جەڭلەردە ئىسپاتلانغان نەزەرىيە بولۇپ،

ئۇرۇشنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتىنىڭ توغرا ئىنكاسىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن كوماندىرلارنىڭ ھەربىي نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشى ئىنتايىن مۇھىم.

قوماندان ھەرقانداق قىياس ۋە پەرەزلەر ئۈستىدە سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرماستىن دەرھال قارارغا كېلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، قوماندانىنىڭ شۇ مەسىلە ئۈستىدە ئالدىنئالا كۆڭلىدە سان بولۇشى، قول ئاستىدىكىلەردىن ئەھۋالنى ئەتراپلىق، سان ـ سىفىر ماتېرىياللار بىلەن قىسقا، چۈشىنىشلىك دوكلات قىلىشنى تەلەپ قىلىشى لازىم. ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغاندا، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ماتېرىياللارنى تولۇق ئىگىلەپ، دۈشمەن ۋە ئۆز تەرىپىنىڭ ئەھۋاللىرى ئۈستىدە چوڭقۇر، ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى لازىم.

قوماندان، مەيلى قانداق ۋاقىتتا بولمىسۇن، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ تەۋەككۈلچىلىك بىلەن ئىش قىلىشىغا قەتئىي يول قويماسلىقى لازىم؛ قوماندان ئۆز تەركىبىدىكىلەرنىڭ ئۇرۇش ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن، تۈرلۈك ئالاقە ۋاسىتىلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، قوماندانلىق شتابىدىن جەڭ قىلىۋاتقان بۆلۈملەرگە ۋەكىل ئەۋەتىپ تەكشۈرۈشى، ياردەم بېرىشى كېرەك؛ قوماندان مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە ھەر ساھەدىكى ئادەملەر يەنى ھەر ساھەدىكى مۇتەخەسسىسلەر بىلەن مۇزاكىرە قىلىپ تۇرۇشى كېرەك؛ قوماندان تۆۋەندىكىلەردىن دوكلات ئاڭلىغاندا، ئەھۋالنى ناھايىتى ئىنچىكىلەپ چۈشەندۈرۈشنى تەلەپ قىلىشى لازىم.

قوماندان تۆۋەنىنىڭ تەكلىپ ـ تەلەپلىرىنى سوراپ تۇرۇشى، ئىمكانىيەتكە قاراپ ھەل قىلىپ بېرىشى لازىم. ئۆز تەركىبىدىكىلەرنىڭ دەرد ئەھۋالىغا يېتىپ ھۇزۇر ـ ھالاۋەتتە، جاپا مۇشەققەتتە بىللە بولۇشى لازىم.

قومانداندا ھەرقانداق مۆلچەر ۋە پىلان بولۇشى كېرەك.



پىلاننى ئەتراپلىق ۋە ئىنچىكە تۈزۈش بىلەن جانلىق ئىجرا قىلىشى، مۇھىم بۇيرۇقنى ئۆز قولى بىلەن يېزىپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئىجرالاشتۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى كېرەك.

قوماندان ناھايىتى قەيسەر ئىرادىلىك، باتۇر ئەزىمەتلەرنى ئەتراپىغا توپلاش بىلەن ئۇلارنى ئۆستۈرۈش ۋە تەربىيىلىنىشىگە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

قوماندان ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغاندا، دۈشمەن ئەھۋالى، ئۆز تەرىپىنىڭ ئەھۋالى، ھاۋا كىلىماتى ۋە يەر تۈزۈلۈشى قاتارلىق سۇبيېكتىپ، ئوبيېكتىپ شارائىتلارغا ئاساسەن ئوخشاشمىغان ستراتېگىيە ـ تاكتىكىنى قوللىنىپ، كوماندىرلارنىڭ ئۆز قىسمىنىڭ مىجەزى دۈشمەنىنىڭ مىجەزىنى پىششىق بىلىپلا قالماستىن يەنە جەڭ بىلەن ئالاقىدار بولغان باشقا بارلىق شەرئەتلەرنى مەسىلەن: سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋال، جۇغراپىيە، ھاۋارايى قاتارلىقلارنى پىششىق بىلىشنى قاتتىق تەكىتلىشى لازىم.

ھەربىي ئىشلارغا ئائىت يەر تۈزۈلۈشىنى تەتقىق قىلغاندا، كۆز ئالدىمىزدىكى جەڭ مەيدانى ۋە ئۆز رايونىمىز بىلەن چەكلىنىپ قېلىشقا بولمايدۇ. تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بارغاندا، دۈشمەنگە تەلتۆكۈس زەربە بېرىپ، ئۇنىڭ قايتا تاجاۋۇزچىلىق قىلىپ چاتاق چىقىرىشىغا يول قويۇلمايدىغانلىقىنى تونۇتۇپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ.

شۇڭا، ھەربىيگە ئائىت يەر تۈزۈلۈشىنى تەتقىق قىلغاندا، ئۇرۇشنىڭ ئۈزۈل ـ كېسىل غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، نەزەر دائىرىمىزنى كەڭرەك تۇتۇپ، دۈشمەن چېگرىسى ئىچىدە جەڭ ئېلىپ بارىدىغان يەر تۈزۈلۈشى ئۈستىدىمۇ ئەتراپلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىش كېرەك.

قوماندان يەر تۈزۈلۈشىنى تەتقىق قىلىشنى شتاب ياكى شتاب ئوفىتسېرلىرىنىڭ ئىشى، دەپ قارىماستىن، بەلكى ئۆزى بىۋاسىتە تەتقىق قىلىش لازىم.

يەر تۈزۈلۈشىنى تەتقىق قىلىشتا دوكلات ئاڭلاش، خەرىتە ئۈستىدە كۆز يۈگۈرتۈپ قويۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يەر تۈزۈلۈشىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق دۈشمەننىڭ قوللىنىش ئېھتىماللىقى بولغان تاكتىكا ھەرىكىتىنى ۋە ئۆزىمىز قوللىنىشقا تېگىشلىك توغرا ئۇرۇش ئۇسۇلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش لازىم. شۇڭا، ھەر بىر قوماندان ھەربىي يەر تۈزۈلۈشىنى تەتقىق قىلىشتا ئۆزلىرى بىۋاسىتە تىزۋەنگە چىقىشىپ تەكشۈرۈپ، بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئىگە بولۇشى كېرەك.

ئۇرۇشتا قوماندانلىق قىلىشتا، تۆۋەن دەرىجىلىك كوماندىرلارمۇ ھەربىي توپوگرافىيىنى ئۆزلىرى بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك بىر مۇھىم ئىش دەپ قاراپ، ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىش كېرەك. تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇشتا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ستراتېگىيە تاكتىكىلىرىنى تەتقىق قىلغاندا، يەر تۈزۈلۈشىنى قوشۇپ تەتقىق قىلىش ئوخشاشلا زۆرۈر.

ھازىرقى زامان ئۇرۇشىدا، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئارمىيىسى كۆپلىگەن باشقۇرۇلىدىغان بومبا، تانكا قاتارلىق زامانىۋىلاشقان قورال - جابدۇقلار بىلەن قوراللانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ماشىنىلىشىش سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى، زەربىدارلىق بۆسۈپ ئۆتۈش كۈچى بىر قەدەر كۈچلۈك، ھۇجۇم قىلىش سۈرئىتى بىر قەدەر تېز بولسىمۇ، لېكىن ماشىنىلاشقان قىسىملاردا تېخنىكىلىق قوراللار كۆپ بولىدۇ. ھەرىكەت قىلغاندا، كۆپرەك يەر تۈزۈلۈشى ۋە يوللارغا تايىنىدۇ. تاغلىق، ئورمانلىق، سۇلۇق، زىرائەتلىك ۋە باشقا مۇرەككەپ يەر تۈزۈلۈشلەردە ھەرىكەت قىلغاندا، مەلۇم چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يەر تۈزۈلۈشىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، دۈشمەننىڭ ئاجىزلىقىنى چوڭايتىپ، ئۆز كۈچىمىزنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن شەرت - شارائىت ھازىرلاش لازىم.



## 3 - بۆلۈم ھەربىي پەن - تېخنىكىنىڭ زامانىۋىلىشىشى ۋە قوماندان

ئۇرۇش بارلىققا كەلگەندىن تارتىپ، ئۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ قوللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ھامان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، جۈملىدىن پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ كەلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەم بىلەن قورالدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئامىلنىڭ ئورتاق رولىنىڭ نەتىجىسى.

جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخى ۋە مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى ئۇرۇشلارنىڭ تارىخى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، پەن - تېخنىكىدىكى ئىجادىيەت ۋە كەشپىيات ھامان ھەممىدىن بۇرۇن ياكى ئەڭ ئاخىردا مۇقەررەر يوسۇندا ھەربىي ساھەدە قوللىنىلىپ، ئارمىيىنىڭ قورال - ياراقلىرىنى ياخشىلايدۇ. ھالبۇكى، ئارمىيىنىڭ قورال - جابدۇق، تېخنىكا شارائىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشى يەنە مۇقەررەر يوسۇندا ئۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئېنگېلس بۇ نۇقتىنى ئىنتايىن چوڭقۇر شەرھلەپ ئۆتكەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «تېخنىكا جەھەتتىكى ئىلغارلىقلار ھەربىي مەقسەت ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان بولسا، ئۇ ئىلغار تېخنىكىلار ئۇرۇش ئۇسۇلىدا شۇ زامان مەجبۇرىي دېگۈدەك، بەلكى كۆپ چاغلاردا كوماندىرنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ بولغان ھالدا يېڭىلاش ھەتتا ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.» تارىخىي پاكىتلار دەل شۇنداق. قەدىمكى زاماندا كىشىلەر سوغۇق قوراللار بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا مەيلى ھۇجۇم، مەيلى مۇداپىئەدە بولسۇن، ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلى پەقەتلا سەپ تارتىپ قىلچىۋازلىق قىلىپ ئېلىشىشتىن

ئىبارەت بولغانىدى. لېكىن مىلتىق دورىسى ۋە ئوت قوراللىرى
ھەربىي ئىشلاردا قوللىنىلىش بىلەنلا، نوقۇل تېخنىكا جەھەتـ
تىلا بولغان بۇ ئىلگىرىلەش ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلىدا تۈپ
ئىنقىلابنى بارلىققا كەلتۈردى. دۈشمەنگە يېقىنلىشىش ھەرىكىتى،
تارالغان سەپ — تىزىم، ئوت كۈچى بىلەن ھەرىكەتنى
بىرلەشتۈرۈش قاتارلىق يېڭى ئۇرۇش ئۇسۇللىرى كەينى —
كەينىدىن قوللىنىلىشقا باشلىدى.

زامانىۋى پەن — تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ھەمدە،
ئۇنىڭ ھەربىي ساھەدە كەڭ قوللىنىلىشى — ئارمىيە قورال —
جابدۇقلىرىنىڭ بىر باسقۇچ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشىنىڭ مەيـ
دانغا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈردى، بۇ خىل ئۆزگىرىش ئەنئەـ
نىۋى ئۇرۇش ئۇسۇللىرىغا بىر قېتىم مۇسابىقە ئېلان قىلىپ،
ئارمىيىنىڭ ستراتېگىيە، تاكتىكىسىنى راۋاجلاندۇرۇشنى جىدـ
دىي تەلەپ قىلماقتا.

ئۇرۇشنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى پىلان ۋە
ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش ستراتېگىيە دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ،
دۈشمەن بىلەن ئۆزىمىزدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ ھەربىي،
سىياسىي، ئىقتىسادىي، جۇغراپىيە قاتارلىق ئامىللارغا ئاساسەن،
ئۇرۇشنىڭ جەريانىنى ئالدىنئالا مۆلچەرلەپ، ھەربىي كۈچلەرـ
نىڭ تەييارلىنىشىنى ۋە ئىشلىتىلىشىنى بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن،
ئۇ، قوراللىق كۈچلەرنىڭ قۇرۇلۇشى، دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇش
ئەسلىھەلىرى، ھەربىي لاۋازىمەت ماددىي ئەشيالىرىنىڭ ئىشـ
لەپچىقىرىلىشى ۋە زاپاس ساقلىنىشى، ئۇرۇش سەپەرۋەرلىكى،
ئاساسىي ئۇرۇش يۆنىلىشىنىڭ بەلگىلىنىشى ۋە ئۇرۇش رايونـ
لىرىنىڭ بۆلۈنۈشى، ئۇرۇش قىلىش فاڭجېنى ۋە ئۇرۇشقا يېـ
تەكچىلىك قىلىش پرىنسىپلىرىنىڭ تۈزۈپ چىقىلىشى قاتارلىقـ
لارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەلۇم ستراتېگىيىلىك مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن،



بىرلىككە كەلگەن پىلان بويىچە مەلۇم ئۇرۇش يۆنىلىشى ۋە
ۋاقىت چەكلىمىسى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر قاتار
جەڭلەر ئوپېراتسىيە دەپ ئاتىلىدۇ. مەيلى ھەرقانداق قوراللار
بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇرۇش بولمىسۇن، جەڭ ئوپېراتـ
سىيىسىنىڭ ۋە ياكى ستراتېگىيىلىك جەڭنىڭ غەلىبىسىنى
قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئاساسى يەنىلا تاكتىكا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇرۇش قىلىشنىڭ پرىنسىپى ۋە ئۇسۇلى تاكتىكا دەپ
ئاتىلىدۇ. تاكتىكىنىڭ تەتقىق قىلىدىغان ئوبيېكتى — ئۇرۇشنى
ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئۇرۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى مەسىلىـ
لەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، ھۇجۇمغا ئۆتۈش
ۋە مۇداپىئە كۆرۈش؛ ئەسكىرىي كۈچنى مەرـ
كەزلەشتۈرۈش ۋە تارقاقلاشتۇرۇش؛ ئالغا ئىلگىرىلەش ۋە
چېكىنىش؛ ئايلىنىپ ئۆتۈش، بۆلۈۋېتىپ مۇھاسىرىگە ئېلىش؛
يوشۇرۇنۇپ زەربە بېرىش؛ ئۇچرىشىش جېڭى قىلىش؛ تۇيۇقسىز
زەربە بېرىش؛ قاتتىق ھۇجۇم قىلىش؛ بۆسۈپ ئۆتۈش،
قوغلاپ زەربە بېرىش ھەمدە جەڭگە تەييارلىق قىلىش تەمىنـ
لەش قاتارلىقلار.

تاكتىكا ھەربىي تېخنىكا سەۋىيىسىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ، ئۇرۇش خاراكتېرىنىڭ تەسىـ
رىگە ئۇچرايدۇ. ئۇ ئوپېراتسىيىگە بېقىنىدۇ ھەمدە ئوپېراتسىيە
ئارقىلىق ستراتېگىيىگە بويسۇنىدۇ. ھەرقانداق چوڭ جەڭلەر
ياكى كىچىك كۆلەملىك ئېلىشىشلاردا بولسۇن، جەڭنىڭ غەلىـ
بىسى ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، پەي، لېيەن، يىڭ، تۇەنلەرـ
نىڭ تاكتىكىلىق سەۋىيىسىگە، ئۇلارنىڭ تاكتىكىلىق ۋەزىپىلـ
لىرىنى ئورۇنداش ماھارىتىگە باغلىق. بۇنىڭ ئۈچۈن كومانـ
دىرلارنىڭ جەڭگە قوماندانلىق قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ،
ھەرقايسى فېندۇي ۋە قىسىملارنىڭ ئوت كۈچى، زەربىدارلىق
كۈچى ۋە ھەرىكەتچانلىق كۈچىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇش

ئۈچۈن، ئارمىيىنىڭ تاكتىكىلىق تەلىم - تەربىيىسىنى زور دەرىجىدە ياخشىلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ھەربىي تەلىم - تەربىيە دېگىنىمىز، قىسىملارنىڭ تېخنىكا ۋە تاكتىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۆگىنىش ۋە مەشىق قىلىش ھەرىكىتى. ئۇ، قىسىملارنىڭ جەڭگىۋارلىق كۈچىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىر. شۇنىڭ ئۈچۈن ماۋجۇشىنىڭ ھەربىي ئىدىيىسىنى ئۆگىنىپ ۋە ئىگىلەپ، قاتتىق مەشىق قىلىش، قاتتىق تەلەپ قويۇش، ئەمەلىي جەڭنىڭ ئېھتىياجى بويىچە مەشىق قىلىپ، شەكىللىۋازلىققا قارشى تۇرۇش كېرەك.

تاكتىكا جېڭىنى ئېلىپ بېرىشتا يەر تۈزۈلۈشىدىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇش لازىم. ئېنگېلس: «يەر تۈزۈلۈشىنىڭ بارلىق پايدىلىق ياكى پايدىسىز تەرەپلىرى ئۈستىدە تېزلىكتە ھۆكۈم چىقىرىپ، ئۆز قوشۇنلىرىنى يەر تۈزۈلۈشىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تېزلىكتە ئورۇنلاشتۇرۇش — كوماندىرلارغا قويۇلىدىغان ئاساسىي تەلەپلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.» دېگەنىدى. ھەرىكەت ئۈستىدىكى دۈشمەننى يوقىتىشتا شارائىت بولۇشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن پايدىلىق جەڭ مەيدانىنى توغرا تاللاشقا توغرا كېلىدۇ. يەر تۈزۈلۈشىنى تاللاشتا، قورال - جابدۇقلىرى ناچار ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئارمىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا، تاغلىق جايلار دۈشمەننىڭ تانكا ۋە ماشىنىلاشقان قىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەپ، ئۇنىڭ قورال - جابدۇقلىرىنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇشقا قولايلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىزنىڭ يوشۇرۇنۇشىمىز، ھۇجۇمغا ئۆتۈشىمىز، شۇ ئارقىلىق تېز ھەل قىلغۇچ جەڭنى ئېلىشقا ئاشۇرۇشىمىزغىمۇ پايدىلىق.

تاكتىكىنى جانلىق قوللىنىش دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنىڭ مۇھىم پرىنسىپى، جانلىقلىق ئالدى بىلەن ئورۇش



پىلانىدا قوللىنىلىدۇ. بىزنىڭ تۈزگەن ئۇرۇش پىلانىمىز ئەمەلىيەتكە، جانلىقلىققا ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، تۈرلۈك ئەھۋاللار ئۈستىدە ئەتراپلىق تەھلىل يۈرگۈزۈپ ۋە بۇ ھەقتە ھۆكۈم چىقىرىپ، 2 - 3 لايىھە تۈزۈپ چىقىش لازىم. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئەڭ ياخشى تاكتىكا ۋە ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلىنى تاللاش كېرەك. ھەر قانداق تاكتىكا ۋاستىسىنىڭ قوللىنىلىشى يەر تۈزۈلۈشىدىن ئايرىلالمايدۇ. مەسىلەن: دۈشمەننى يوقىتىشنىڭ شەرت - شارائىتلىرىنى ھازىرلاش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن مەلۇم ساندىكى قىسىملارنى ئىشقا سېلىپ، قولايلىق يەر تۈزۈلۈشىدىن پايدىلىنىپ، مۇداپىئە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، دۈشمەننىڭ كۈچىنى خورىتىش، ئاندىن پىلانلىق ھالدا چېكىنىپ، دۈشمەننىڭ بۇرنىدىن يېتىلەپ، مۆلچەرلىگەن جەڭ مەيدانىغا ئېلىپ كىرىپ، يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ زەربە بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، دۈشمەننى تېزلىكتە يوقىتىشقا بولىدۇ ياكى تاغ ئېغىزلىرىدىكى پايدىلىق يەر تۈزۈلۈشلىرىگە يوشۇرۇنۇپ، تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ، ئەمەللا يېتىپ كەلگەن دۈشمەنگە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ بىر قىسمىنى يوقاتقاندىن كېيىن كېتىپ قېلىشقىمۇ بولىدۇ. تۈرلۈك جەڭلەرنى تەشكىللىگەن چاغدا، يوشۇرۇنۇپ زەربە بېرىش، شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىش، بۆلۈنۈپ ئىلگىرىلەپ، بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق تاكتىكا ۋاستىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ قوللىنىش لازىم.

ھۇجۇم: ئارمىيىنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن دۈشمەنگە زەربە بېرىدىغان ئۇرۇشىدۇر. ئۇ، ئاساسىي ئۇرۇش شەكلىنىڭ بىرى بولۇپ، دۈشمەننى يوقىتىشنىڭ ئاساسىي ۋاستىسىدۇر.

مۇداپىئە: دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا قارشى زەربە بېرىدىغان ئۇرۇشتۇر. ئۇمۇ ئاساسلىق ئۇرۇش شەكلىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ، ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ھۇجۇمغا ياردەم قىلىش

پاكى ھۇجۇمغا كىرىشىش تەييارلىقىنى ئىشلەشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى، بۇنىڭدا ئاكتىپ مۇداپىئەلىنىش ئاساسىي پرىنسىپ قىلىنىدۇ.

ھۇجۇم بىلەن مۇداپىئە ھەربىي ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي فورماتسىيىسى بولۇپ، قەدىمدىن ھازىرغىچە، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە بولغان ئۇرۇشلارنىڭ ئاساسىي شەكلى ھۇجۇم بىلەن مۇداپىئەدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولۇپ كەلدى. ھالبۇكى، قوغلاپ زەربە بېرىش ھۇجۇمنىڭ داۋامى، چېكىنىش مۇداپىئەنىڭ داۋامى ھېسابلىنىدۇ.

يولداش ماۋ زېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان ھۇجۇم داۋامىدىكى مۇداپىئە — ستراتېگىيىلىك مۇداپىئە داۋامىدىكى ئوپېراتسىيىلىك ھۇجۇم ۋە جەڭ خاراكتېرلىك ھۇجۇمنى كۆرسىتىدۇ. مۇداپىئە داۋامىدىكى بۇ خىل ھۇجۇم ئۆز نۆۋىتىدە ھۇجۇم خاراكتېرلىك مۇداپىئە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ، ئاكتىپ مۇداپىئەنىڭ ئاساسىي ئالامىتى. ستراتېگىيىلىك مۇداپىئەلا بولۇپ، ئوپېراتسىيىلىك ھۇجۇم ۋە جەڭ خاراكتېرلىق ھۇجۇم بولمىسا، ئۇ، نوقۇل مۇداپىئە يەنى پاسسىپ مۇداپىئە بولۇپ قالىدۇ.

ئوپېراتسىيىلىك ھۇجۇم ۋە جەڭ خاراكتېرلىق ھۇجۇم دۈشمەننىڭ ھەرىكىتىنى كېچىكتۈرۈپ ۋە ئۇنىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىپ، ئۇزۇنغا سوزۇلغان مۇداپىئە ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈشكە پايدىلىق. مۇداپىئە داۋامىدىكى ھۇجۇم — مۇداپىئە ئوپېراتسىيىسى ۋە جېڭىدىكى پوزىتسىيە، ئالدىغا چىقىپ زەربە بېرىش، تاكتىكىلىق قايتارما ھۇجۇم ۋە ئوپېراتسىيىلەردىكى قايتارما زەربە قاتارلىق ھۇجۇم ھەرىكەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىچكى سەپ ئىچىدىكى تاشقى سەپ؛ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇش داۋامىدىكى تېز ھەل قىلىش ئۇرۇشى؛ مۇداپىئە داۋامىدىكى ھۇجۇم ئۇرۇشتا يېتەكچىلىك قىلىشتىكى ھەم بىر -



بىرىگە قارشى بولغان ھەم بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان ئۈچ پرىنسىپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

پەن - تېخنىكىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ھەربىي ئىشلاردا كەڭ قوللىنىلىشى — مۇقەررەر ھالدا ئۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. دېمەك، بىز مەسىلىگە ماتېرىيالىستىك نۇقتىئىنەزەرى بويىچە قارىشىمىز ۋە شۇ بويىچە ئۇنى تەكشۈرۈشىمىز لازىم. ھەرقانداق بىر شەيئى يوقتىن بارلىققا كېلىدۇ، كىچىكلىكتىن زورىيىدۇ. ئاجىزلىقتىن كۈچىيىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ، ئۆزگىرىدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو ئىنقىلابى دېموكراتىك ئىنقىلابتىن سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب باسقۇچىغا قەدەم قويدى. جۇڭگو خەلق ئارمىيىسىنىڭ ۋەزىپىسى ئۆتمۈشتىكى ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش، دۆلەتنى قوغداش ۋە گۈللەندۈرۈش، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئۆزگەردى. بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى ۋە مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى مۇنتىزىملىشىش، زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنى تىرىشىپ كۈچەيتىپ، ئەسلىدىكى بىر خىل ئەسكىرىي تۈردىن قەدەممۇ قەدەم تەرەققىي قىلىپ كۆلىمى خېلى زور بولغان، كۆپ خىل ئەسكىرىي تۈردىن تەركىب تاپقان قوشۇلما ئارمىيىگە ئايلاندى. ئېلىمىزنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قورال - جابدۇقلىرى، تاكتىكا - تېخنىكا سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ياخشىلانماقتا ۋە ئۆسمەكتە. خەلق ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئاساسىدا، مۇنتىزىملىشىش، زامانىۋىلىشىش، ئىنقىلابىي ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا.

ئارمىيىمىزنىڭ قورال - جابدۇقلىرى مەملىكەت بويىچە

غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. مەلۇم ساندىكى دېڭىز ئارمىيىسى ۋە ھاۋا ئارمىيىسىگە ئىگە بولدۇق، تۇنجى قىسىملار، بىرونېلىق قىسىملار قاتارلىق ئالاھىدە ئەسكىرىي تۈرلەرمۇ كۆپەيدى. باشقۇرۇلىدىغان بومبا، يادرو قوراللىرىمىزمۇ بولدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ 1958 - يىلى ھەربىي كومىتېتنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: ئارمىيىمىز قورال - جابدۇقلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى: بىرىنچى باسقۇچ، ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش مەزگىلى، بۇ چاغدا سۆڭ بىلەن مىلتىققا تايىنىلغان؛ ئىككىنچى باسقۇچ، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش مەزگىلى، بۇ چاغدا سۆڭ بىلەن مىلتىققا ئازراق ئايروپىلان، زەمبىرەك قوشۇلدى؛ بۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر يېڭى تەرەققىيات باسقۇچى بولىدۇ، دائىمىي قوراللارغا ئالاھىدە قوراللار قوشۇلىدۇ. ھازىر ئارمىيىمىزنىڭ پەن - تېخنىكىسى، قورال - ياراق تەرەققىياتى ماۋ زېدۇڭ كۆرسەتكەن يۆنىلىشنى بويلاپ ئالغا قاراپ راۋاجلانماقتا. ھازىر ئارمىيىمىز تەرەققىي قىلىپ نەچچە خىل ئارمىيە تۈرى ۋە ئەسكىرىي تۈرلەردىن تەركىب تاپقان قوشۇلما ئارمىيىگە ئايلاندى.

نۆۋەتتە، خەلقئارا ۋەزىيەت بىزگە پايدىلىق، دۆلەت مۇداپىئەسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئارمىيىمىزنىڭ قورال - جابدۇقلىرىنى ياخشىلاشنىڭ تۈپ ئاساسى. بۇنىڭدا يەنىلا ئەلىمىزنىڭ دۆلەت مۇداپىئە سانائىتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا تايىنىدۇ. ئەلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ تېخىمۇ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئارمىيىمىزنىڭ زامانىۋىلاشقان قورال - جابدۇق سەۋىيىسىمۇ ئۆسۈپ، تېخىمۇ يېڭى بالداققا كۆتۈرۈلىدۇ. لېكىن، شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، بىزنىڭ ئارمىيىمىزنىڭ تېخنىكىلىق قورال - جابدۇقلىرى دۇن-



يادىكى تەرەققىي تاپقان چوڭ دۆلەت ئارمىيىلىرىنىڭ قورال - جابدۇقلىرىغا نىسبەتەن يەنىلا خېلى ئارقىدا. بىزنىڭ تېخنىكىلىق قورال - جابدۇقلىرىمىزنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، تەرەققىي تاپقان چوڭ دۆلەتلەر ئارمىيىسىنىڭ قورال - جابدۇقلىرىمۇ ھازىرقى ئاساستا يەنە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز دۈشمەننىڭ يۇقىرىقى دەرىجە زامانىۋىلاشقان ئارمىيىسىگە تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلىنىشىمىز لازىم. ناچار قوراللار بىلەن ئۈستۈنلۈككە ئىگە قوراللارنى يېڭىش — ئارمىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى، لېكىن بۇ ئېسىل ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇش ئوبيېكتىپ ئەمەلىي ئەھۋالنى ئاساس قىلىشى ھەمدە يېڭى شارائىت ئاستىدا يېڭى ئۇسۇللار تەتقىق قىلىنىشى كېرەك. ئەمەلىي ئەھۋال بىلەن كارى بولماي، كونكرېت ئۇسۇللارنى تەتقىق قىلماي، ئابستراكت ھالدا ناچار قوراللار ئارقىلىق ئېسىل قوراللار بىلەن قوراللانغان دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۈستىدە گەپ سېتىلسا، بۇ ئىدىئالىزملىق بولىدۇ. بىز ھازىرقىنى ئاساس قىلىپ، تەرەققىياتقا نەزەر سېلىپ، ھازىرقى زامان ئۇرۇشىنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىشىمىز لازىم. بولۇپمۇ ھازىرقى زامان شارائىتىدا، ناچار قوراللار ئارقىلىق ئېسىل قوراللار بىلەن قوراللانغان دۈشمەنلەرنى يېڭىش ئۇسۇلىنى داۋاملىق ۋە نۇقتىلىق تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

دۈشمەن بىلەن ئۆزىمىزدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ يېڭى قورال - جابدۇقلاردىن ئۇرۇش مەيدانىغا سالغانىكەن، ئۇرۇش ھەرىكىتىگە زور تەسىر كۆرسىتىشى تۇرغان گەپ. تۈپ ئاساسىدىن قارىغاندا، ئۇرۇش شارائىتىدا «ئۆزىنى ساقلاپ، دۈشمەننى يوقىتىش» — ئۇرۇشنىڭ تۈپكى مەقسىتى ۋە ئاساسىي پرىنسىپى، شۇنداقلا بارلىق ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاساسى.

غەلبىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى مەلۇم ساندىكى دېڭىز ئارمىيىسى ۋە ھاۋا ئارمىيىسىگە ئىگە بولدۇق، تۇنجى قىسىملار، برونېلىق قىسىملار قاتارلىق ئالاھىدە ئەسكىرىي تۈرلەرمۇ كۆپەيدى. باشقۇرۇلىدىغان بومبا، يادرو قوراللىرىمىزمۇ بولدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ 1958 - يىلى ھەربىي كومىتېتنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: ئارمىيىمىز قورال - جابدۇقلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى: بىرىنچى باسقۇچ، ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش مەزگىلى، بۇ چاغدا سىلاھ بىلەن مىلتىققا تايىنىلغان؛ ئىككىنچى باسقۇچ، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش مەزگىلى، بۇ چاغدا سىلاھ بىلەن مىلتىققا ئازراق ئايروپىلان، زەمبىرەك قوشۇلدى؛ بۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر يېڭى تەرەققىيات باسقۇچى بولىدۇ، دائىمى قوراللارغا ئالاھىدە قوراللار قوشۇلىدۇ. ھازىر ئارمىيىمىزنىڭ پەن - تېخنىكىسى، قورال - ياراق تەرەققىياتى ماۋ زېدۇڭ كۆرسىتىپ ئۆتكەن يۆنىلىشنى بويلاپ ئالغا قاراپ راۋاجلانماقتا. ھازىر ئارمىيىمىز تەرەققىي قىلىپ نەچچە خىل ئارمىيە تۈرى ۋە ئەسكىرىي تۈرلەردىن تەركىب تاپقان قوشۇنلىما ئارمىيىگە ئايلاندى.

نۆۋەتتە، خەلقئارا ۋەزىيەت بىزگە پايدىلىق، دۆلەت مۇداپىئەسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئارمىيىمىزنىڭ قورال - جابدۇقلىرىنى ياخشىلاشنىڭ تۈپ ئاساسى. بۇنىڭدا يەنىلا ئېلىمىزنىڭ دۆلەت مۇداپىئە سانائىتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا تايىنىدۇ. ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ تېخىمۇ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئارمىيىمىزنىڭ زامانىۋىلاشقان قورال - جابدۇق سەۋىيىسىمۇ ئۆسۈپ، تېخىمۇ يېڭى بالداققا كۆتۈرۈلىدۇ. لېكىن، ... نىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، بىزنىڭ ئارمىيىمىزنىڭ تېخنىكىلىق قورال - جابدۇقلىرى دۇن-



يادىكى تەرەققىي تاپقان چوڭ دۆلەت ئارمىيىلىرىنىڭ قورال - جابدۇقلىرىغا نىسبەتەن يەنىلا خېلى ئارقىدا. بىزنىڭ تېخنىكىلىق قورال - جابدۇقلىرىمىزنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، تەرەققىي تاپقان چوڭ دۆلەتلەر ئارمىيىسىنىڭ قورال - جابدۇقلىرىمۇ ھازىرقى ئاساسىدا يەنە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز دۈشمەننىڭ يۇقىرىقى دەرىجە زامانىۋىلاشقان ئارمىيىسىگە تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلىنىشىمىز لازىم. ناچار قوراللار بىلەن ئۈستۈنلۈككە ئىگە قوراللارنى يېڭىش — ئارمىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى، لېكىن بۇ ئېسىل ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇش ئوبيېكتىپ ئەمەلىي ئەھۋالنى ئاساس قىلىشى ھەمدە يېڭى شارائىت ئاستىدا يېڭى ئۇسۇللار تەتقىق قىلىنىشى كېرەك. ئەمەلىي ئەھۋال بىلەن كارى بولماي، كونكرېت ئۇسۇللارنى تەتقىق قىلماي، ئابستراكت ھالدا ناچار قوراللار ئارقىلىق ئېسىل قوراللار بىلەن قوراللانغان دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۈستىدە گەپ سېتىلسا، بۇ ئىدىئالىزملىق بولىدۇ. بىز ھازىرقىنى ئاساس قىلىپ، تەرەققىياتقا نەزەر سېلىپ، ھازىرقى زامان ئۇرۇشىنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىشىمىز لازىم. بولۇپمۇ ھازىرقى زامان شارائىتىدا، ناچار قوراللار ئارقىلىق ئېسىل قوراللار بىلەن قوراللانغان دۈشمەنلەرنى يېڭىش ئۇسۇلىنى داۋاملىق ۋە ئۇقتىلىق تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

دۈشمەن بىلەن ئۆزىمىزدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ يېڭى قورال - جابدۇقلاردىن ئۇرۇش مەيدانىغا سالغانىكەن، ئۇرۇش ھەرىكىتىگە زور تەسىر كۆرسىتىشى تۇرغان گەپ. تۈپ ئاساسىدىن قارىغاندا، ئۇرۇش شارائىتىدا «ئۆزىنى ساقلاپ، دۈشمەننى يوقىتىش» — ئۇرۇشنىڭ تۈپكى مەقسىتى ۋە ئاساسىي پرىنسىپى، شۇنداقلا بارلىق ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاساسى.

غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. مەلۇم ساندىكى دېڭىز ئارمىيىسى ۋە ھاۋا ئارمىيىسىگە ئىگە بولدۇق، تۈنجى قىسىملار، بىرونىلىق قىسىملار قاتارلىق ئالاھىدە ئەسكىرىي تۈرلەرمۇ كۆپەيدى. باشقۇرۇلىدىغان بومبا، يادرو قوراللىرىمىزمۇ بولدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ 1958 - يىلى ھەربىي كومىتېتنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: ئارمىيىمىز قورال - جابدۇقلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى: بىرىنچى باسقۇچ، ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش مەزگىلى، بۇ چاغدا سۆك بىلەن مىلتىققا تايىنىلغان؛ ئىككىنچى باسقۇچ، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش مەزگىلى، بۇ چاغدا سۆك بىلەن مىلتىققا ئازراق ئايروپىلان، زەمبىرەك قوشۇلدى؛ بۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر يېڭى تەرەققىيات باسقۇچى بولىدۇ، دائىمىي قوراللارغا ئالاھىدە قوراللار قوشۇلىدۇ. ھازىر ئارمىيىمىزنىڭ پەن - تېخنىكىسى، قورال - ياراق تەرەققىياتى ماۋ زېدۇڭ كۆرسىتىپ ئۆتكەن يۆنىلىشنى بويلاپ ئالغا قاراپ راۋاجلانماقتا. ھازىر ئارمىيىمىز تەرەققىي قىلىپ نەچچە خىل ئارمىيە تۈرى ۋە ئەسكىرىي تۈرلەردىن تەركىب تاپقان قوشۇنغا ئايلاندى.

نۆۋەتتە، خەلقئارا ۋەزىيەت بىزگە پايدىلىق، دۆلەت مۇداپىئەسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئارمىيىمىزنىڭ قورال - جابدۇقلىرىنى ياخشىلاشنىڭ تۈپ ئاساسى. بۇنىڭدا يەنىلا ئېلىمىزنىڭ دۆلەت مۇداپىئە سانائىتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا تايىنىدۇ. ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ تېخىمۇ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئارمىيىمىزنىڭ زامانىۋىلاشقان قورال - جابدۇق سەۋىيىسىمۇ ئۆسۈپ، تېخىمۇ يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈلىدۇ. لېكىن، شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، بىزنىڭ ئارمىيىمىزنىڭ تېخنىكىلىق قورال - جابدۇقلىرى دۇن-



يادىكى تەرەققىي تاپقان چوڭ دۆلەت ئارمىيىلىرىنىڭ قورال - جابدۇقلىرىغا نىسبەتەن يەنىلا خېلى ئارقىدا. بىزنىڭ تېخنىكىلىق قورال - جابدۇقلىرىمىزنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، تەرەققىي تاپقان چوڭ دۆلەتلەر ئارمىيىسىنىڭ قورال - جابدۇقلىرىمۇ ھازىرقى ئاساسدا يەنە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ. شۇڭا ئۇچۇن، بىز دۈشمەننىڭ يۇقىرىقى دەرىجە زامانىۋىلاشقان ئارمىيىسىگە تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلىنىشىمىز لازىم. ناچار قوراللار بىلەن ئۈستۈنلۈككە ئىگە قوراللارنى يېڭىش — ئارمىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى، لېكىن بۇ ئېسىل ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇش ئوبيېكتىپ ئەمەلىي ئەھۋالنى ئاساس قىلىشى ھەمدە يېڭى شارائىت ئاستىدا يېڭى ئۇسۇللار تەتقىق قىلىنىشى كېرەك. ئەمەلىي ئەھۋال بىلەن كارى بولماي، كونكرېت ئۇسۇللارنى تەتقىق قىلماي، ئابستراكت ھالدا ناچار قوراللار ئارقىلىق ئېسىل قوراللار بىلەن قوراللانغان دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۈستىدە گەپ سېتىلسا، بۇ ئىدىئالىزملىق بولىدۇ. بىز ھازىرقىنى ئاساس قىلىپ، تەرەققىياتقا نەزەر سېلىپ، ھازىرقى زامان ئۇرۇشىنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىشىمىز لازىم. بولۇپمۇ ھازىرقى زامان شارائىتىدا، ناچار قوراللار ئارقىلىق ئېسىل قوراللار بىلەن قوراللانغان دۈشمەنلەرنى يېڭىش ئۇسۇلىنى داۋاملىق ۋە ئۈنۈملۈك تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

دۈشمەن بىلەن ئۆزىمىزدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ يېڭى قورال - جابدۇقلاردىن ئۇرۇش مەيدانىغا سالغانىكەن، ئۇرۇش ھەرىكىتىگە زور تەسىر كۆرسىتىشى تۇرغان گەپ. تۈپ ئاساسىدىن قارىغاندا، ئۇرۇش شارائىتىدا «ئۆزىنى ساقلاپ، دۈشمەننى يوقىتىش» — ئۇرۇشنىڭ تۈپكى مەقسىتى ۋە ئاساسىي پرىنسىپى، شۇنداقلا بارلىق ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاساسى.

ئۇرۇشنىڭ ئومۇمىيىتىدىن قارىغاندا، دۈشمەننى يوقىتىش ئاساس، پەقەت دۈشمەننى كۆپ مىقداردا يوقاتقاندىلا، ئاندىن ئۆزىنى ئۈنۈملۈك ساقلىغىلى بولىدۇ. دۈشمەننىڭ جانلىق كۈچلىرىنى يوقىتىشنى نەزەردە تۇتۇش — ئارمىيىمىزنىڭ ئۇرۇش قىلىشتىكى ئاساسىي يېتەكچى ئىدىيىسى، بۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ. لېكىن، بۇ ئاساسىي پرىنسىپنى ئىشلىتىشتە، ئۇرۇش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇرۇش ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسلىنىپ ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىپ تۇرۇش لازىم. بىز «ئۆزىنى ساقلاپ دۈشمەننى يوقىتىش»نىڭ دىئالېكتىكىلىق بىرلىك مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇشىمىز ۋە ئوبدان ھەل قىلىشىمىز كېرەك. ھازىرقى زامان شارائىتىدىكى ئۇرۇش — سترولۇق ئۇرۇش بولىدۇ. قۇرۇقلۇق، ھاۋا، ئالدىنقى سەپ ۋە ئارقا سەپتە بىرلا ۋاقىتتا بولىدىغان زور كۆلەملىك ئۇرۇشلار «سترولۇق ئۇرۇش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ، كۆپ خىل ئارمىيە ۋە ئەسكىرىي تۈرلەر ھەمكارلىشىپ ئۇرۇش قىلىش، جەڭ مەيدانىدا زامانىۋىلاشقان قورال - جابدۇقلارنى كۆپلەپ ئىشلىتىش، ئۇرۇشنىڭ كۆلىمى زور بولۇش، ئەھۋال شىددەت بىلەن كۆپ ئۆزگىرىپ تۇرۇش، تەشكىللەش، قوماندانلىق قىلىش مۇرەككەپ بولۇش، ئارقا سەپ كاپالىتى ۋەزىپىسى ئېغىر بولۇشتەك ئاساسىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بۇنداق ئەھۋالدا، دۈشمەنلەر قىرىش كۈچى، خاراپ قىلىش كۈچى مىسلىسىز زور بولغان قوراللار ۋە يىراقتا تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىدىغان تېخنىكىلىق قوراللارنى ئىشلەتكەچكە، بىزنىڭ ئالدىنقى سەپ ۋە ئارقا سېپىمىز بىرلا ۋاقىتتا ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى مۇمكىن، ھەمدە ئارمىيىمىز دۈشمەننى يوقىتىشتىن بۇرۇن ئېغىر دەرىجىدە قىرغىنچىلىققا دۇچ كېلىشى ياكى ئارمىيىمىز دۈشمەننى يوقاتقاندىن كېيىن، ئۆچ ئېلىش خاراكتېرىدىكى ئېغىر قىرغىنچىلىققا دۇچ كېلىشى مۇمكىن. بۇن-



داقتا، كەلگۈسىدىكى ئۇرۇشلاردا «ئۆزىنى ساقلاپ، دۈشمەننى يوقىتىش»قا نىسبەتەن يېڭى مەزمۇن ۋە يېڭى تەلەپلەر قوشۇلىدۇ. بۇ بىزنىڭ ئارمىيىمىزنىڭ ستراتېگىيە، تاكتىكىسىنى مۇناسىپ ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىز پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇللىرىنىڭ ئۆزگىرىشىدە زور رول ئوينايدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان باشقا ئامىللارغا قىلچىمۇ سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. توغرا ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلى — ئادەم بىلەن قورالدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئامىلنىڭ ئەپچىل بىرلەشتۈرۈلۈشىنىڭ ئىپادىسى. پەقەت قورالنىڭلا رولىنى كۆرۈش، مەلۇم بىر خىل قورالنىڭ رولىنى كۆپتۈرۈشتەك مېتافىزىكىلىق ئىدىيە بۇرژۇئا ھەربىي ئالىملىرىدا ناھايىتى ئەۋج ئالغان. مەسىلەن، 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇن، ئەنگلىيە دۇنيادا دېڭىز ئارمىيىسى كۈچلۈك دۆلەت بولۇپ، نۇرغۇنلىغان يېڭى تىپتىكى ھەربىي پاراخوتلارغا ئىگە ئىدى. ئىنگلىزلار «دېڭىز ئارمىيىسى غالىب نەزەرىيىسى»نى تەرغىب قىلغانىدى. 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئايروپىلاننىڭ كۆپلەپ بارلىققا كېلىشى بىلەن بۇرژۇئا ھەربىي ئالىملىرى يەنە ئايروپىلاننىڭ رولىنى جېنىنىڭ بارىچە كۆتۈرۈپ «ھاۋا ئارمىيىسى غالىب نەزەرىيىسى» نى تەرغىب قىلغان. لېكىن بۇ سەپسەتىلەر رەھىمسىز پاكىتلار ئالدىدا بەربات بولدى. يولداش ماۋزېدۇڭ: «دۇنيادىكى ئىشلاردا، ھامان ھەر نەرسىنىڭ بىر كۈشەندىسى بولىدۇ. بىر نەرسە ھۇجۇم قىلسا، يەنە بىر نەرسە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرىدۇ» دېگەنىدى. پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، تارىختا تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان ھەرقانداق بىرخىل قورال بولغان ئەمەس، پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى يېڭى نەرسىلەر قورالغا تاقابىل تۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ ھەم

تەبىئىي شارائىتنىڭ، ھەم ئىجتىمائىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، زامانىۋى قورال ـ جابدۇقلار زامانىۋى ئۇرۇش مەيدانى شارائىتىغا ئېھتىياجلىق. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇنىڭ ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى ناھايىتى قىيىن. دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى بويىچە بولىدۇ، يەنى نەيزە بولىدىكەن، قالقانمۇ بولىدۇ. ھەربىي پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىمۇ بۇ قانۇنىيەتتىن قېچىپ كېتەلمەيدۇ. كەلگۈسىدىكى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇشلاردا، بىز يەنىلا خەلق ئۇرۇشى قىلىمىز. بىزنىڭ ستراتېگىيە، تاكتىكىمىز خەلق ئۇرۇشىنى ئاساس قىلىدۇ. بىز قورال ـ جابدۇقلار تەرەققىياتىنىڭ ئۇرۇش ئۇسۇلىغا كەلتۈرىدىغان تەسىرىنى تەتقىق قىلغاندا، ئارمىيىمىز قورال ـ جابدۇقلىرىنىڭ دۈشمەننىڭكىدىن ئارقىدا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز — خەلق ئۇرۇشىنىڭ ستراتېگىيە، تاكتىكىسىنى تېخىمۇ ياخشى تەتقىق قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈندۇر.

ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، دۈشمەن ھەربىي كۈچ جەھەتتىن كۆرۈنەرلىك ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ ھەيۋىسى راسا ئەۋجىگە چىقىدۇ. دۈشمەن ئۆزىنىڭ ستراتېگىيىلىك تېز ھەل قىلىش غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىزنىڭ ئاساسىي كۈچلىرىمىزنى توپلاپ ئىشلىتىشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ. لېكىن بۇ ۋاقىتتا، دۈشمەننى كۆپلەپ يوقىتىشىمىز قىيىنغا چۈشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاساسىي كۈچىمىزنى توپلاپ دۈشمەن بىلەن ستراتېگىيىلىك ھەل قىلغۇچ جەڭ ۋە چوڭ ئوپېراتسىيىلىك ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلماسلىقىمىز، بەلكى مۇمكىنقەدەر ئاساسىي كۈچلىرىمىزنى ساقلاپ، دۈشمەننى ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش قىلىشقا، خورىتىش ئۇرۇشى قىلىشقا مەجبۇر قىلىشىمىز كېرەك. بىز



ستراتېگىيە جەھەتتە، ئىچكى سەپتىكى ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان مۇداپىئە ئۇرۇشى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئوپېراتسىيە ۋە جەڭلەردىمۇ مەلۇم ساندىكى ئەسكىرىي كۈچ بىلەن مۇداپىئە ئۇرۇشى قىلىش ھەمدە خېلى كۆپ ساندىكى ئەسكىرىي كۈچ بىلەن تاشقى سەپتە تېز ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك ھۇجۇم جېڭى قىلىشىمىز كېرەك. بۇنداق ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلىدىن پەرقلىنىدىغان يېرى، بىرىنچى، ئوپېراتسىيە ۋە جەڭلەردە مەلۇم ساندىكى ئەسكىرىي كۈچ بىلەن مۇداپىئە ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىلىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدا نۇقتىلىق مۇداپىئە كۆرۈش، نۇقتىلىق ساقلاش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش زۆرۈر بولغانلىقتىن، بىر مۇھىم ئۇرۇش قىلىش يۆنىلىشىدىكى مۇھىم ئورۇنلارنى چىڭ ساقلاپ، مۇستەھكەم پوزىتسىيىلەرگە ھۇجۇم قىلىدىغان مۇداپىئە ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق دۈشمەننىڭ ئۇدۇل ئۇسۇپ كىرىشىنى توسۇپ، ھەرىكەتچان ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق دۈشمەننى يوقىتىشقا شەرت ـ شارائىت يارىتىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىككىنچى، خېلى كۆپ ساندىكى ئەسكىرىي كۈچ بىلەن ئوپېراتسىيە ۋە جەڭلەردە ھۇجۇم جېڭى ئېلىپ بېرىش، لېكىن دۈشمەن بىلەن كەڭ كۆلەمدە ھەل قىلغۇچ جەڭ ئېلىپ بېرىشتىن ساقلىنىش لازىم. بۇ خىل ئۇرۇشتا مۇستەھكەم مۇداپىئە جېڭىنىڭ زىچ ماسلىشىشى ئاستىدا، دۈشمەننى ئالداش، خاتالىق ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرلاشقا ئوخشاش بىزگە پايدىلىق شەرت ـ شارائىت ۋە پۇرسەتنى يارىتىپ ۋە تاللاپ، پايدىلىق جەڭ پەيتىنى سەزگەن ھامان پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ھۇجۇم قوزغاپ، دائىرىسى ئوخشاش بولمىغان يوقىتىش جېڭى ئېلىپ بېرىپ، دۈشمەنگە ئۈنۈملۈك تۈردە زەربە بېرىش كېرەك. مەسىلەن: ئالدىن تەييارلانغان ئۇرۇش مەيدانىمىزغا تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ بېسىپ كىرگەن دۈشمەنلەرنى، يان تە-

رىپى ئاشكارىلىنىپ قالغان دۈشمەنلەرنى، چارچاپ ھالى قالمىغان دۈشمەنلەرنى ھەم تەمىناتى كەمچىل دۈشمەنلەرنى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆز ۋاقتىدا يوقىتىشىمىز كېرەك. كوماندىرلار سۇبيېكتىپ تەشەببۇسكارلىقىنى يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، پۇرسەتكە قاراپ ئىش كۆرۈشى كېرەك. يۇقىرىقىدەك خىلمۇ خىل پايدىلىق ۋەزىيەت يارىتىلغان ھامان پائال جەڭ قىلىپ، دۈشمەننى قەتئىي يوقىتىش كېرەك. بۇ خىل ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق، دۈشمەننىڭ ستراتېگىيىلىك تېز ھەل قىلىش غەرىزىنى بىتچىت قىلىپ، ئۇنى بىز بىلەن ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر قىلىشىمىز، ئۇزلۇكسىز تۇردە كىچىك غەلىبىنى چوڭ غەلىبىگە ئايلاندۇرۇپ، دۈشمەن بىلەن ئۆزىمىزنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىنىڭ بىزگە پايدىلىق بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

«دۈشمەننى ئالداپ ئىچكىرى كىرگۈزۈش» نىڭ مەنىسى ۋە ئۇنى قانداق شارائىتتا ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقى، قانداق شارائىتتا ئىشلىتىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئېنىقلىۋېلىش — ھەربىي كومىتېت ئوتتۇرىغا قويغان ستراتېگىيىلىك فاڭجېنىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇرۇش قىلىش ئىدىيىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يولداش لىۋ بوچېڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «دۈشمەننى ئالداپ ئىچكىرى كىرگۈزۈش — بىر يولدىكى دۈشمەننى پىستىرما دائىرە ئىچىگە ئالداپ كىرگۈزۈشتىكى بىر خىل ھەرىكەت، ئۇ، دۈشمەننى مۇنتىزىم ئارمىيىنىڭ ئىچكى سېپىگە كىرگۈزۈۋېتىدىغان گالۋاڭلىق ئەمەس». يولداش لىۋبوچېڭ ‹‹دۈشمەننى ئالداپ ئىچكىرى كىرگۈزۈش›› تە كەلگۈسىدىكى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدا، مۇنتىزىم ئارمىيىمىز ئاساسەن ئىچكى سەپتە ئوپېراتسىيىلىك ئۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان ئەھۋالدا ‹دۈشمەننى ئالداپ ئىچكىرى كىرگۈزۈش› تىن



ئىبارەت ستراتېگىيىلىك فاڭجېننى قوللانماسقا بولمايدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئىش دۈشمەننىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولۇپ چىقىدۇ – دە، ئارمىيىمىز تېخىمۇ پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ» دەپ توغرا كۆرسەتكەنىدى.

ستراتېگىيە جەھەتتە «دۈشمەننى ئالداپ ئىچكىرى كىرگۈزۈش» فاڭجېنىنى قوللانمىدىكەنمىز، دۈشمەن كەڭ زېمىنىمىزنى، ھەممىدىن ئاۋۋال چېگرا رايونىدىن تارتىپ چېكىنىش نۇقتىسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى كەڭ رايونلىرىمىزنى ئىشغال قىلىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەننى كۆپلەپ خورىتىش ۋە يوقىتىش، دۈشمەننىڭ ئىلگىرىلەش گۇرۇپپىروۋكىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش، ئۆز چوڭقۇرلۇقىمىزنى قوغداشتىن ئىبارەت ھەرىكەت ئەركىنلىكىمىزدىن مەھرۇم قالىمىز.

«دۈشمەننى ئالداپ ئىچكىرى كىرگۈزگەن» دە دۈشمەن ئىنتايىن تېزلىك بىلەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە چوڭقۇرلۇقىمىزغا بۆسۈپ كىرىشكە پۇرسەت يارىتىپ بېرىپ قالىمىز. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك ئېلىپ بېرىپ، ئۇرۇش ۋاقتىدىكى تۈزۈمگە ئۆتۈشنى ھىمايە قىلىپ، ئەسكىرىي كۈچلەرنى يىغىش ۋە يۆتكەش، ستراتېگىيىلىك يېيىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت قىممەتلىك ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ قويىمىز.

كەڭ زېمىنىمىز دۈشمەن تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، دۈشمەن بۇ جايلاردىكى ماددىي زاپاس ۋە ئىقتىسادىي مەنبەلەردىن پايدىلىنىپ، ئۇرۇشنى ئۇرۇش بىلەن تەمىنلەپ، شۇ جايدىن تەمىنات ئېلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ماددىي ئەشيا ۋە بايلىق مەنبەلىرىمىزدىن پايدىلىنىپ ئۆزىمىز بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال دۈشمەن ئۈچۈن پايدىلىق، ئۆزىمىزگە پايدىسىز بولغان ستراتېگىيىلىك ۋەزىيەتنى پەيدا قىلىدۇ، ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسى ئېلىپ بېرىۋاتقان دۈشمەنلەرنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشىغا پايدىلىق بولىدۇ، بىزنىڭ ستراتې-

گىيىلىك مۇھىم جايلىرىمىز ۋە قوشۇنلىرىمىز دۈشمەننىڭ زەربە بېرىش تەھدىتى ئاستىدا قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۈشمەن ۋاقىتلىق قولغا كىرگۈزگەن «غەلىبىسى» نى ھەدەپ تەشۋىق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلقىمىزنىڭ رايى، قوشۇنلىرىمىزنىڭ كەيپىياتىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يېتىدۇ. شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كەلگۈسىدىكى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدا ستراتېگىيە جەھەتتە «دۈشمەننى ئالداپ ئىچكىرى كىرگۈزۈش» كە قەتئىي بولمايدۇ.

ئۇنداق بولسا «دۈشمەندىن دۆلەت دەرۋازىسى سىرتىدا مۇداپىئەلىنىش» كېرەكمۇ؟ ئۇنداق قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. «دۈشمەندىن دۆلەت دەرۋازىسى سىرتىدا مۇداپىئەلىنىش» — ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە دۆلەتنىڭ ھەممە قوشۇنىنى دۆلەت چېگرىسىغا ئېلىپ چىقىپ، دۈشمەن بىلەن ستراتېگىيىلىك ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش ئېلىپ بېرىش دېگەنلىك. بۇ دەل دۈشمەننىڭ تېز ئۇرۇش قىلىپ تېز ھەل قىلىش تەلپىگە ئۇيغۇن، بىزگە ئىنتايىن پايدىسىز. تاجاۋۇزچىلارنىڭ يېڭىپ بولمايدىغان بىر ئاجىزلىقى شۇكى، ئۇلارنىڭ ھۇجۇم قىلغۇچى كۈچلىرى ۋاقىتنىڭ ئۇزۇرىشىغا ئەگىشىپ تەدرىجىي ئاجىزلىشىپ بارىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ شەھەر — زېمىنلارنى بېسىۋېلىشى مۇقەررەر ھالدا قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرايدۇ، ئۇلار كۆپلەپ زىيانغا ئۇچرايدۇ؛ ئىشغال قىلىۋالغان جايدىكى خەلقنىڭ قارشىلىقىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن شۇ جايغا قوشۇن قالدۇرىدۇ؛ ئۆزلىرىنىڭ بارغانسېرى ئۇزىراۋاتقان قاتناش لىنىيىسىنى قوغداش ئۈچۈن، بىر قىسىم قوشۇنلىرىنى ئاجرىتىپ، قاتناش لىنىيىسىنىڭ يان تەرىپىدىكى پارتىزانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ؛ باشقا دۆلەتنىڭ چېگرىسىغا كىرىپ ئۇرۇش قىلىشتا ئۇزۇن سەپەر قىلىشقا توغرا كەلگەچكە، كېسەللىك ھادىسىلەر تۈپەيلىدىن ئادەملىرى ئازىيىدۇ ۋە ماشىنا ۋە قورال — ياراق-



لىرى خورايدۇ. مەسىلەن، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا، گىتلېر گېرمانىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ ئۈچ ھەپتە ئىچىدە ئۈچ يۆنىلىشتىن 300 دىن 600 كىلومېتىرغىچە ھۇجۇم قىلىپ كىرگىچىلىك 50% تانكىسى زىيانغا ئۇچرىغان. بۇنىڭ 20% ى ئۇرۇشتا يوقىتىلغان، 30% ى يول ئۈستىدە بۇزۇلغان. دۈشمەن ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى، ئۇنىڭ ئارقا سېپى شۇنچە يىراقلىشىپ، تەمىناتى قىيىنلىشىدۇ، تاجاۋۇزچىلار راسا ھالىدىن كېتىپ، ھالاكەت گىردابىغا يەتكەن چاغدىلا، ھەيۋىسى چۈشۈپ، ئۇرۇش توختىتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ھۇجۇم قىلىش مۇساپىسىنىڭ «ئاخىرقى نۇقتىسى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇنداق «ئاخىرقى نۇقتا» نى بەلگىلىگەن ئامىللار ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل ھۇجۇم قىلىش داۋامىدا دۇچ كەلگەن قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچىدۇر. قارشىلىق بولمىسا، ياكى بولغاندىمۇ كۈچلۈك بولمىسا، تاجاۋۇزچىلارنىڭ ھۇجۇمى تاجاۋۇز قىلىنغۇچى دۆلەتنى مۇنقەرز قىلغاندىلا، ئاندىن «ئاخىرقى نۇقتا» غا يەتكەن بولىدۇ. شۇڭلاشقا، كەلگۈسىدىكى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى «ئاخىرقى نۇقتا» غا بالدۇر يېتىپ بېرىشقا مەجبۇر قىلىش ئۈچۈن، ئارمىيە — خەلق بىر گەۋدە بولۇپ، دۈشمەنگە ھەممە بىردەك لەنەت ياغدۇرۇپ، باتۇر ۋە قەيسەرلىك بىلەن پوزىتسىيىلىك ئۇرۇش، ئاكتىپ ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەرىكەتلىك ئۇرۇش، جانلىق ۋە تېتىكلىك بىلەن پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، دۈشمەننى ھەربىر كىلومېتىر ئىلگىرىلىگەندە ئېغىر دەرىجىدە چىقىم تارتىدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇشىمىز لازىم.

قىسقىسى، كەلگۈسىدىكى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئاكتىپ مۇداپىئەدىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك فاڭجېننى ئىز-

چىللاشتۇرۇشتا، ئۇرۇشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى مۇستەھكەم مۇداپىئەلەنگەن پوزىتسىيىلىك ئۇرۇشنى ئاساس قىلىپ، ھەرىكەتلىك ئۇرۇش، پارتىزانلىق ئۇرۇشنى قوشۇمچە قىلىپ، دۈشمەنگە قەيسەرلىك بىلەن زەربە بېرىپ، ئۇلارنىڭ جانلىق كۈچىنى كۆپلەپ يوقىتىش ۋە خورىتىش لازىم. ئاكتىپ مۇداپىئە چېكىنىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، كەلگۈسىدىكى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، بىز مۇھىم جايلارنى ساقلاپ، مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، زۆرۈر بولغان پەيت ۋە مەلۇم شارائىتتا، داۋاملىق ساقلاپ تۇرمىسىمۇ بولىدىغان جايلارنى تاشلاپ كېتىۋېرىمىز. بۇنىڭدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، بۇ ئامالسىز ئەھۋالدا بولىدىغان ئىش بولۇپ، يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتىكى «كىرگۈزۈۋېلىپ يوقىتىش» ئەمەس؛ قانلىق ئۇرۇشتىن كېيىن، داۋاملىق ساقلاپ تۇرۇشقا چارىسىز بولغان مۇھىم جايلاردىن ئەڭ ياخشىسى چېكىنىش؛ بۇنداق تاشلاپ كېتىش زۆرۈر بولغان پەيت ۋە مەلۇم شارائىتتا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇ، ھەرقانداق ئەھۋالدا يول قويۇشقا بولىدىغان ئىش ئەمەس. شۇڭلاشقا، بۇنداق چېكىنىش ھەرگىز ستراتېگىيە جەھەتتىكى «دۈشمەننى ئالداپ ئىچكىرى كىرگۈزۈش» ئەمەس. بۇ، ئاكتىپ مۇداپىئەدىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك فاڭجېننىڭ يېتەكچىلىكىدە دۈشمەننى ئالداپ يوقىتىدىغان بىر خىل كونكرېت ئۇرۇش ھەرىكىتى بولۇپ، يەنى تاكتىكىلىق تەدبىر سۈپىتىدە دۈشمەننى ئالداپ مەلۇم رايونغا كىرگۈزۈپ تۇرۇپ يوقىتىش بىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلىمىزدۇر.

ماركسىزملىق ھەربىي ئىشلار دىئالېكتىكىسىدا قوراللارنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشىنى بەلگىلەيدۇ، دېگەندىن ئىبارەت بىر ئاساسىي نۇقتىئىنەزەر بار. بۇ نۇقتىئىنەزەر بىزگە شۇنى



ئۇقتۇرىدۇكى، ئارمىيە زامانىۋىلىشىشقا قاراپ يۈرۈش قىلىشتا يالغۇز ھەربىي پەن - تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، قورال - جابدۇقلارنى ياخشىلاپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە مۇناسىپ ھالدا ئۆزىنىڭ ھەربىي ئىلىم - پەن ئىدىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇشى، ئىلغار ئۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىشى ۋە ئىگىلىشى لازىم. ئەگەر بۇ ئىككى تامانىنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمىسەك، ياكى بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا قورال - جابدۇقلارنىڭ ياخشىلىنىشىنى تەكىتلەپ ۋە پاسسىپ ھالدا كۈتۈپ تۇرۇپ، ئىلغار ئۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىش ۋە مۇھاكىمە قىلىشقا سەل قارىساق، ھازىرقى زامان ئۇرۇشىدا ئارقىدا قالىمىز - دە، دۈشمەن تەرەپتىن دۇمبالىنىمىز.

ھەربىي ئىلىم - ئۇرۇش ۋە ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر خىل پەن. ئۇ، ئۇرۇش ئەمەلىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ، پەقەت ئۆزگەرمەيدىغان ھەربىي پرىنسىپ ۋە ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلى بولمايدۇ. 2000 نەچچە يىل ئىلگىرى، دۆلىتىمىزنىڭ ئاتاقلىق ھەربىي ئالىمى سۇنزى: «ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، شۇ ئۇرۇشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان چارە - تەدبىرلەر بولۇشى كېرەك. مۇنداق ئۆزگەرگەن ئەھۋالغا قاراپ، يېڭى چارە - تەدبىر قوللىنىش ئىشلىرى مەڭگۈ بولۇپ تۇرىدۇ» دېگەنىدى. مانا بۇ، ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغان ئۇسۇللاردا كونا بىر نېمىلەرنى قايتا تەكرارلىماسلىق، بەلكى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن جانلىق ھالدا كۆپ ئۆزگەرتىپ تۇرۇش دېگەنلىكتۇر. يولداش ماۋزېدۇڭ ئۇرۇشنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىشتا ئۇرۇشنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تەرەققىياتىنى چوقۇم نەزەردە تۇتۇش كېرەكلىكىنى ئىزچىل تۈردە تەكىتلەپ كەلدى.

بۇ نۇقتىنى ئېنىقلا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىزدىن ھەربىي ئىلىم
ئىدىيىسىنى جانلاندۇرۇپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى چىقىش قىلىپ،
دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم بويىچە ئىش كۆرۈپ، دۈشمەن بىلەن
ئۆزىمىزدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى ئۈزلۈكسىز
ئىگىلەپ ۋە تەتقىق قىلىپ، ھازىرقى زامان شارائىتىدىكى
ئۇرۇشنىڭ قانۇنىيىتىنى تىرىشىپ ئىزدىنىش لازىم.

## 4 – بۆلۈم قوماندان ئۇرۇشنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشى كېرەك

مەيلى قەدىمىي ۋە ھازىرقى تارىخ شۇنى
ئىسپاتلىدىكى، ھەممىدە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن
ئىزدەشتىن ئىبارەت بۇ پرىنسىپقا خىلاپلىق قىلىشقا بولماي-
دۇ. ئۇرۇش مەسىلىسىدە تېخىمۇ شۇنداق. ھەقىقەتنى ئەمەلى-
يەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرغاندا، غەلىبىلىك ئۇرۇش قىلغىلى
بولىدۇ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشكە خىلاپلىق قىلغاندا
ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. بىز كەلگۈ-
سىدىكى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇشنىڭ يېتەكچى قانۇنىيى-
تى ھەققىدە ئىزدىنىدىكەنمىز، كونكرېت شەيئىلەرنى كونكرېت
تەھلىل قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت
ماركسىزمنىڭ بۇتۇن پرىنسىپىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز
لازىم.

بارلىق ھەربىي پرىنسىپلار ئۇرۇش ئەمەلىيىتى تەجرى-
بىلىرىنىڭ يەكۈنى بولۇپ، ئۇ، ئۇرۇشنىڭ تەرەققىياتى بويى-
چە تەرەققىي قىلىدۇ، زادىلا ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە بولمايدۇ.
يولداش ماۋزېدۇڭ جۇڭگو ئىنقىلابىي ئۇرۇشىغا يېتەكچىلىك



قىلىش جەريانىدا، ھامان ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ئالاھى-
دىلىك ۋە تەرەققىياتنى نەزەردە تۇتۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلى-
يەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ستراتېگىيە ۋە تاكتىكا پرىنسىپلىرى-
نى تۈزۈپ چىققان ھەم ئىشلەتكەن. ئەزەلدىن بىر نىمە بىلەن-
لا چەكلىنىپ قالمىغان، ئەينەن بويىچە كۆچۈرۈپ كېلىپ،
ئەينى بويىچە يۆتكەپ كېلىشكە، پرىنسىپنى ئۆلۈك ھالدا
ئىشلىتىشكە قەتئىي قارشى تۇرغانىدى.

ماۋزېدۇڭ ھەربىي ئىدىيىسى — ماركسىزم - لېنىنىزم
ئومۇمىي ھەقىقىتىنى جۇڭگو ئىنقىلابىي ئۇرۇشىنىڭ كونكرېت
ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنىڭ مەھسۇلى، ئۇ بىزنىڭ
ئىچكى - تاشقى كۈچلۈك دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىپ،
تارىختىكى بىر قانچە قېتىملىق ئىنقىلابىي ئۇرۇشلارنىڭ
ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزگە يېتەكچىلىك قىلدى،
ماركسىزم - لېنىنىزملىق ھەربىي ئىلىمنى بېيىتتى ۋە راۋاج-
لاندۇردى. ماۋزېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان ۋە شەرھلىگەن ئاسا-
سىي ھەربىي پرىنسىپلار ئۇرۇشنىڭ ئاساسىي قانۇنىيىتىنى
ئەكس ئەتتۈردى، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ. لېكىن
بۇ ئاساسىي ھەربىي پرىنسىپلار كونكرېت ئەھۋالغا بىرلەش-
تۈرۈلۈپ جانلىق قوللىنىلغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ يېتەكچىلىك
رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك
كۈچىنى كۆرسىتەلەيدۇ. مەسىلەن: ماۋجۇشى «ئاساسىي پرىن-
سىپ — ئاكتىپ مۇداپىئەنى ئىجرا قىلىش، پاسسىپ مۇداپى-
ئەگە قارشى تۇرۇش» دەپ ئېيتقانىدى. لېكىن، ھەر قېتىم-
لىق ئىنقىلابىي ئۇرۇش مەزگىلىدە، بۇ پرىنسىپنى ئىزچىللاش-
تۇرۇشنىڭ شەكلى ۋە ئۇسۇلى ئوخشاش بولمىغان. ماۋجۇشى
ئەزەلدىن ئالدىنقى بىر مەزگىلدىكى كونا ئۇسۇلنى شۇ پېتى
كۆچۈرۈپ كېلىپ ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلمايتتى. كەل-
گۈسىدىكى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇش شارائىتىنىڭ ئۆز-

گېرىشى ئېھتىمالى زور بولىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ بۇ پرىنسىپلارنى يېڭى ئەھۋالغا ئاساسەن قوللىنىشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. كونكرېت ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان بارلىق ھەربىي نەزەرىيە ۋە ھەربىي پرىنسىپلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق نەرسە بولۇپ قالىدۇ. بۇلارنىڭ قىلچە كېرىكى بولمايدۇ.

بەزى ھەربىي پرىنسىپلارنىڭ تارىخىي شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، بەزىلىرى ئۇيغۇن كېلىدۇ، بەزىلىرى ئۆزگەرتىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ماۋجۇشى 1947 - يىلى ئوتتۇرىغا قويغان ئون چوڭ ھەربىي پرىنسىپنى «بىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىمىزغا تامامەن ئۇيغۇن» دېگەنىدى، بۇ ئون چوڭ پرىنسىپ (1) ئالدى بىلەن تارقاق ۋە تايانچىسىز دۈشمەنگە زەربە بېرىش. (2) ئالدى بىلەن كىچىك شەھەرلەرنى، ئوتتۇرا شەھەرلەرنى ۋە كەڭ يېزىلارنى ئېلىش، كېيىن چوڭ شەھەرلەرنى ئېلىش. (3) شەھەر ۋە جايلارنى ساقلاپ قېلىش ياكى تارتىۋېلىشنى ئاساسىي نىشان قىلماستىن، دۈشمەننىڭ جانلىق كۈچلىرىنى يوقىتىشنى ئاساسىي نىشان قىلىش، شەھەر ۋە جايلارنى ساقلاپ قېلىش ياكى تارتىۋېلىش — دۈشمەننىڭ جانلىق كۈچلىرىنى يوقىتىشنىڭ نەتىجىسى. ئۇلارنى ئۇزۇل - كېسىل ساقلاپ قېلىش ياكى تارتىۋېلىش بولسا، كۆپىنچە نۇرغۇن قېتىم قولدىن - قولغا ئۆتۈش بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. (4) ھەر قېتىملىق جەڭدە مۇتلەق ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ (دۈشمەننىڭ ئەسكىرىي كۈچىدىن ئىككى ھەسسە، ئۈچ ھەسسە، بەزى ۋاقىتتا بەش ھەسسە ياكى ئالتە ھەسسە ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ)، دۈشمەننى تۆت تەرەپتىن قورشاپ، پۈتۈنلەي يوقىتىشقا تىرىشىش، توردىن چۈشۈرۈپ قويماسلىق ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يەنى بارلىق كۈچنى توپلاپ دۈشمەنگە ئۇدۇلدىن ھەمدە ئۇنىڭ بىر قانىتى ياكى ئىككى قانىتىدىن ھۇجۇم قىلىپ،



بىر قىسمىنى يوقىتىش، يەنە بىر قىسمىنى تارمار قىلىش مەقسىتىگە يېتىش، شۇنداق قىلىپ، ئارمىيىمىزنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى تېز يۆتكەپ، دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ باشقا قىسىملىرىغا ئەجەللىك زەربە بېرىش ئۈچۈن ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇش. پايدىسى زىيىنىنى قاپلىيالمايدىغان ياكى پايدىسى بىلەن زىيىنى تەڭ بولىدىغان خورىتىش ئۇرۇشىنى قىلىشتىن ساقلىنىشقا تىرىشىش. شۇنداق قىلغاندا، بىز ئومۇمىيلىقتا تۆۋەن تۇرساقمۇ (سان جەھەتتىن ئېيتقاندا)، ئەمما ھەربىر قىسمەنلىكتە ۋە ھەربىر كونكرېت ئوپېراتسىيىدە مۇتلەق ئۈستۈن تۇرىمىز، بۇ ئوپېراتسىيىنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەت بېرىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىز ئومۇمىيلىقتا ئۈستۈنلۈككە ئۆتىمىز - دە، ھەممە دۈشمەننى يوقاتقىچە ئۈستۈنلۈكتە تۇرىۋېرىمىز. (5) تەييارلىقى بولمىغان جەڭنى قىلماسلىق، ئىشەنچىلىك بولمىغان جەڭنى قىلماسلىق، ھەربىر جەڭدە تەييارلىق كۆرگەن بولۇشقا تىرىشىش، دۈشمەن بىلەن ئۆزىمىزنىڭ شەرتلىرى سېلىشتۇرمىسىدا غەلىبە قازىنىش ئىشەنچىسى بولۇشقا تىرىشىش. (6) باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىدىغان، ئۆزىنى قۇربان قىلىشتىن قورقمايدىغان، ھېرىش - چارچاشتىن قورقمايدىغان ۋە ئۈزمەي ئۇرۇش قىلىدىغان (يەنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە دەم ئالماستىن ئۇدا بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇش قىلىدىغان) ئىستىلنى جارى قىلدۇرۇش. (7) دۈشمەننى ھەرىكەتلىك ئۇرۇش داۋامىدا يوقىتىشقا تىرىشىش. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاكوپ ئۇرۇشى تاكتىكىسىغا، دۈشمەننىڭ پونكىت ۋە شەھەرلىرىنى تارتىۋېلىشقا ئەھمىيەت بېرىش. (8) شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلىش مەسىلىسىدە، دۈشمەننىڭ مۇداپىئەسى ئاجىز بولغان بارلىق تايانچ پونكىت ۋە شەھەرلىرىنى قەتئىي تارتىۋېلىش؛ دۈشمەننىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇداپىئەسى بولغان ھەم تارتىۋېلىشىمىزغا مۇھىتمۇ يار بەرگەن

بارلىق تايانچ پونكىت ۋە شەھەرلىرىنى پەيتى كەلسە تارتىۋېلىش؛ دۈشمەننىڭ مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولغان بارلىق ئاساسىي تايانچ پونكىت ۋە شەھەرلەرنى بولسا، شەرت - شارائىت پىشىپ يېتىلگەندىن كېيىن تارتىۋېلىش. (9) دۈشمەندىن غەنىيمەت ئېلىنغان بارلىق قوراللار بىلەن ۋە ئەسىر ئېلىنغانلارنىڭ كۆپ قىسمى بىلەن ئۆزىمىزنى تولۇقلاش. ئارمىيىمىزنىڭ ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچىنىڭ مەنبەسى ئاساسەن ئالدىنقى سەپتە. (10) ئىككى چوڭ ئوپېراتسىيە ئارىلىقىدىكى بوش ۋاقىتتىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، قوشۇنلارنى دەم ئالدۇرۇش — تەرتىپكە سېلىش ۋە تەربىيىلەش. دەم ئالدۇرۇش، تەرتىپكە سېلىش ۋە تەربىيىلەش ۋاقتىنى ئومۇمەن بەكمۇ ئۇزۇن قىلىۋەتمەسلىك، دۈشمەننىڭ دەم ئېلىۋېلىشىغا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ۋاقىت بەرمەسلىك ۋەھاكازالار.

ھەربىي پرىنسىپ ئۇرۇش ئەمەلىيىتىدە بارلىققا كەلگەنىكەن، تارىخ ۋە ئۇرۇشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ مۇقەررەر ھالدا يېڭى ھەربىي پرىنسىپلارمۇ بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن، تەييارلىقى بولغان خەلق ئۇرۇشىنى قانداق ئېلىپ بېرىش؛ دۈشمەننىڭ ستراتېگىيىلىك تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا قانداق تاقابىل تۇرۇش؛ پوزىتسىيە ئۇرۇشى، ھەرىكەتچان ئۇرۇش؛ پارتىزانلىق ئۇرۇشىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئۇرۇش قىلىش شەكلىنىڭ ئورنى ۋە ئۇسۇلى قانداق بولۇش؛ بىرنەچچە ئارمىيە تۈرى ۋە ئەسكىرىي تۈرلەرنىڭ بىرلەشمە ئۇرۇشىنى قانداق ئېلىپ بېرىش ۋە ئەسكىرىي كۈچلەرنى قانداق توپلاش قاتارلىق مەسىلىلەرنى چوڭقۇر ئىزدىنىشكە ۋە كونكرېت ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ جەرياندا، مۇقەررەر ھالدا يېڭى پرىنسىپلار مەيدانغا كېلىدۇ. دېمەك، ئارمىيىمىزنىڭ ئۇرۇش قىلىش تەجرىبىلىرىگە سەل قاراش خاتا. لېكىن ھەرقانداق



ئۇرۇش تەجرىبىلىرىنىڭ ھەممىسى تارىخىي چەكلىمىگە ئىگە. ئارمىيىمىزنىڭ ئۇرۇش تەجرىبىلىرىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. ئۆتكەنكى تەجرىبىلەرنى شۇ پېتى كۆچۈرۈپ كېلىدىغان بولساق، زامانىۋىلاشقان ئۇرۇشنىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. بىز يېڭى ئەھۋالغا ئاساسەن، ئۆتكەنكى تەجرىبىلەرنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا تەھلىل قىلىشىمىز كېرەك. ئارمىيىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىشىمىز ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز، ئۆستۈرۈشىمىز ۋە ئۇنىڭغا يېڭى مەزمۇنلارنى قوشۇشىمىز كېرەك. مەسىلەن: ئارمىيىمىز كېچىدە ئۇرۇش قىلىشقا، يېقىن ئارىلىقتا ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر، كەلگۈسىدىكى ئۇرۇشتا يەنىلا بۇنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. لېكىن ھازىر لازېر ئىنفىرا قىزىل نۇرلۇق كېچىدە كۆرۈش سايمانلىرى تەرەققىي قىلدى، ئاساسەن بىرونىلىق نىشانلارغا تاقابىل تۇرۇلىدىغان بۈگۈنكى كۈندە، روشەنكى، يالغۇزلا ئۆتكەنكى ئۇسۇللارغا تايىنىۋالساق كۇپايە قىلمايدۇ. كۆزنى يۇمۇۋېلىپ، ئوبيېكتىپ ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىگە قارىماي، كونا قائىدىلەرگە يېپىشىۋېلىپ، بىر ئىزدىلا توختاپ قالغاندا، ئۇرۇشتا جەزمەن پاسسىپ ھالغا چۈشۈپ قالىمىز.

ھازىرقى زامان ھەربىي تېخنىكىسى ستراتېگىيە، تاكتىكىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، پەرۋا قىلماسلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. بىزدە تېخى يوق، ئۇنى قانداق تەتقىق قىلىمىز، دەپ قاراپ تۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ. دەل بىزدە يوق، دۈشمەندە بار بولغانلىقى ئۈچۈنلا، تېخىمۇ كۈچ سەرپ قىلىپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. تەتقىق قىلمىساق، ئۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرالايمىز؟ گەرچە ھازىر بىزنىڭ تېخنىكا ۋە جابدۇقلىرىمىز تېخى بىر قەدەر قالاق بولسىمۇ، لېكىن دۈشمەننى تولۇق

تەتقىق قىلساقلا، ھامان ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ چارىلىرىنى تاپالايمىز. ناچار قوراللار ۋە جابدۇقلار ئارقىلىق ئۈستۈن قورال - جابدۇقلار بىلەن قوراللانغان دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىشتا، بىزدە ياخشى ئەنئەنە، ياخشى تەجرىبىلەر بار. ئارمىيىمىز زامانىۋىلىشىشنى تېزلەتمەكتە. بىز ھەم رېئاللىقنى نەزەردە تۇتۇشىمىز، ھەم تەرەققىياتنى كۆرۈشىمىز كېرەك، ھازىرقى تەتقىق قىلىشىمىز كەلگۈسىدىكى زامانىۋى ھەربىي تېخنىكىلارنى ئىگىلەشتە تەتقىق قىلىشقا ئاساس سېلىش ئۈچۈندۇر.

## 5 - بۆلۈم قوماندان ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىشقا ئومۇمىي ۋەزىيەتكە ئېتىبار بېرىشى كېرەك

ئۇرۇشنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ھەققىدە يولداش ماۋ زېدۇڭ «جۇڭگو ئىنقىلابىي ئۇرۇشىنىڭ ستراتېگىيە مەسىلىسى» دېگەن ئەسىرىدە مىغىزلىق قىلىپ: «ھەرقايسى تەرەپلەرگە ۋە ھەرقايسى باسقۇچلارغا ئېتىبار بېرىش خاراكتېرىنى ئالغان بولسا، ئۇرۇشنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دەپ كۆرسەتكەنىدى. مەيلى مەملىكەت خاراكتېرلىك ئۇرۇشتا بولسۇن ياكى مەلۇم بىر ستراتېگىيىلىك يۆنىلىش، مەلۇم بىر مۇستەقىل ئۇرۇش رايونى ۋە ياكى مەلۇم جەڭ مەيدانىدا بولسۇن، ھەممىسى ھەرقايسى تەرەپ، ھەرقايسى باسقۇچلاردىكى ھەر تەرەپلىمە ئامىللار بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغاچقا، بارلىق ئۇرۇشلار ھەرقايسى جەھەتتىكە چېتىلىدۇ. ئۇرۇشنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مەسىلە ۋە ھەرىكەتلەر ھامان بولىدۇ. مانا بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا



بولىدۇكى، ھەرقانداق ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش جەھەتتە ئومۇمىي ۋەزىيەت بولىدۇ.

ئۇرۇش ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىدىكى، ئۇرۇشنىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى — ئومۇمىي ۋەزىيەت خاراكتېرلىك ئۇرۇش يېتەكچىلىكىنىڭ توغرا بولۇش - بولماسلىقىغا باغلىق. كوماندىر ئومۇمىي ۋەزىيەتنى بىلگەندىلا، ئاندىن قىسمەنلىكنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيەت ئىچىدىكى ئورنى ۋە رولىنى چوڭقۇر چۈشىنەلەيدۇ. بىرلىككە كەلگەن ئۇرۇش مۇددىئاسى ئاستىدا، ئاكتىپچانلىقنى ۋە تەشەببۇسكارلىقنى جارى قىلدۇرالايدۇ. بەزى ئۇرۇشلار قىسمەنلىكتىن ئېلىپ ئېيتقاندا پايدىلىق بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي ۋەزىيەتكە پايدىسىز بولۇشى، ھەتتا ئۇ، پۈتكۈل ئۇرۇنلاشتۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن. شۇڭا، بۇنداق ئۇرۇشنى قىلماسلىق كېرەك. ھالبۇكى، بەزى ئۇرۇشلار قىسمەنلىكتىن ئېلىپ ئېيتقاندا مەلۇم زىيانلارنى كەلتۈرۈپ چىقارسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي ۋەزىيەتكە نىسبەتەن پايدىلىق. شۇڭا ئۇنداق ئۇرۇشلارنى جەزمەن قىلىش كېرەك.

ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ليۇبوچېڭ، دېڭ شياۋپىڭ قىسىملىرى مەركىزىي كومىتېت ۋە يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئارقا سەپتىن ئايرىلىپ، يىراق يوللارنى بېسىپ دابېيشەن تېغىغا بارىدۇ. بۇ چاغدا، دۈشمەنلەر قىسىملىرىمىزنى ئالدىدىن توسۇپ، ئارقىسىدىن قوغلاپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، قىسىملار قاتتىق قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ، تەمىنات ئۈزۈلۈپ قېلىپ، قىسىملار ئۇن نەچچە كۈنگىچە ئۈزۈكسىز قالىدۇ، سوغۇقتا قاتتىق توڭلايدۇ، يارىدارلار بارغانسېرى كۆپىيىدۇ، قورال - ياراق، ئوق - دورىلار ئۈزلۈكسىز خورايدۇ. قىسمەنلىكتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىل ئەھۋال بىر خىل جاپا ھېسابلىناتتى، شۇڭا بەزى كادىر، جەڭ

چىلەر ئىلگىرىكى كەينى ـ كەينىدىن قىلغان غەلىبىلىك جەڭلەرنى ئەسلەپ، نېمىدەپ ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز جاپا تاپىدىغاندىمىز دېگەن ھېسسىياتقا كېلىشىدۇ. بۇ چاغدا لىيۇبوچېڭ، دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق يولداشلار قىسىمغا قىسمەنلىك بىلەن ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، يولداشلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئايدىڭلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار 1000 چاقىرىم ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندايدۇ. 1000 چاقىرىم ئىلگىرىلەش، ئەمەلىيەتتە «ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى كونترول قىلىش» نىڭ باشلامچىسى ۋە ستراتېگىيىلىك ۋەزىيەتنى بۇراشنىڭ ئاچقۇچى ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ماۋ زېدۇڭنىڭ ھەربىي ئىدىيە سىستېمىسى ۋە ئاكتىپ مۇداپىئەدىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك فاڭجېنى ئارقىلىق پۈتۈن ئارمىيىنىڭ ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەربىر كوماندىرنى مۇئەييەن ستراتېگىيىلىك نۇقتىئىنەزەرگە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى ئومۇمىي ۋەزىيەت خاراكتېرلىك نەرسىلەرنى چۈشەنگەندىلا، قىسمەنلىككە ياتىدىغان نەرسىلەرنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەتكىلى بولىدۇ. قايسى مەسىلە ۋە قايسى ھەرىكەتلەردە ئومۇمىي ۋەزىيەتكە ئېتىبار بېرىش لازىملىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. كەلگۈسىدىكى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى مۇداپىئە ئۇرۇشى داۋامىدا يەنى دۈشمەننىڭ غايەت زور ھەربىي بېسىمى ئالدىدا، غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسىنى باشتىن ـ ئاخىرى ساقلاپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە تەۋە قىيىنچىلىقلارنى رازىمەنلىك بىلەن ئۈستىگە ئېلىپ، قىسمەن قۇربانلارنى بەرگىلى بولىدۇ.

ھەربىي نەزەرىيە ئۇرۇش توغرىسىدىكى ئىدراكىي بىلىشتۇر. ئىلمىي نەزەرىيە ئۇرۇش جەريانىدا ئابستراكت شەكىللەنگەن ھەمدە ئىلمىي ئىسپاتلانغان نەزەرىيە



بولۇپ، ئۇرۇشنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتىنىڭ توغرا ئىنكاسىدۇر.

ھەربىي نەزەرىيىنى ئاساسىي نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي نەزەرىيە دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. ئاساسىي ھەربىي نەزەرىيە ھەربىي ئىشلارغا ئائىت ئاساسىي پرىنسىپلار ھەققىدىكى نەزەرىيە بولۇپ، ئاساسەن ئۇرۇش قىلىش كۆز قارىشى، ھەربىي بىلەن سىياسىي، ھەربىي بىلەن ئىقتىسادنىڭ مۇناسىۋىتى، ئارمىيە قۇرۇش مەسىلىسىدىكى بىلىش نەزەرىيىسى ۋە مېتودولوگىيە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئادەتتە ئېيتىلىۋاتقان ئۇرۇش نەزەرىيىسى ئارمىيە قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ئۇ پەقەت ھەربىي ئىشلارغا ئائىت تۈپ نەزەرىيىنىڭ پۈتۈن مەزمۇنى ۋە ئەمەلىي نەزەرىيە ئىچىدىكى ئۇرۇش قىلىش نەزەرىيىسى بولۇپ، ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، ھەربىي نەزەرىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىش نەزەرىيىسىنىڭ ھەم ئوخشاشلىق تەرىپى بار، ھەم مۇئەييەن پەرقىمۇ بار. قوشۇلما ئارمىيىنىڭ ھەمكارلىشىپ ئۇرۇش قىلىش تەلىم ـ تەربىيىسىنى كۈچەيتىش ھازىرقى زامان ئۇرۇشىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى، ئارمىيىمىزنىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم ھالقىسى. ھازىرقى زامان ئۇرۇشىنىڭ مۇھىم بىر قانۇنىيىتى — بىرقانچە ئارمىيە تۈرى ۋە ئەسكىرىي تۈرلەرنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىلىك قۇۋۋىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، زىچ ھەمكارلىشىپ، ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلىپ، كەمچىلىكنى تۈگىتىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. كىمكى بۇ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىدىكەن، ئۇ ئۇرۇشتا ئەدىپىنى يەيدۇ. لېنىن «ئىلىم ـ پەن بولمىسا زامانىۋىلاشقان ئارمىيە قۇرغىلى بولمايدۇ» دەپ تەلىم بەرگىنىدەك، بىز ئارمىيىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، مۇنتىزىملاشتۇرۇش، قوشۇلما ئارمىيىنىڭ ھەمكارلىشىپ ئۇرۇش قىلىش ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشىمىز دەيدىكەنمىز، كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ ئىلىم ـ پەن

مەۋيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز لازىم.

بىز دەۋاتقان تەلىم – تەربىيە ئومۇمەن ھەربىي تەلىم – تەربىيە (جۈملىدىن ئارقا سەپ تەلىم – تەربىيىسى)، سىياسىي تەربىيە ۋە مەدەنىيەت تەربىيىسى، شۇنىڭدەك ئىستىل، ئىنتىزام يېتىشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قىسىملارنىڭ جەڭگىۋار كۈچى كۆپ خىل ئامىللارنىڭ ئومۇمىي ئىپادىسى. ئېنگېلس: «ھەرقانداق ئارمىيە ھەربىي بىلىمى بولمىسا ئۇرۇش قىلالمايدۇ» دەپ تەلىم بەرگەنىدى. كوماندىر – جەڭچىلىرىمىزنى يۈكسەك ھەربىي سۈپەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ھەربىي پەن – تېخنىكا تەربىيىسىنى كۈچەپ ئېلىپ بارماي بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يۈكسەك سىياسىي ئاڭغا ئىگە بولغان، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى ھەر قانداق ۋاقىتتا قەتئىي ھىمايە قىلغان ھەمدە مۇشۇ ئاساستا ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنقىلابىي قەھرىمانلىقنى جارى قىلدۇرغاندىلا، ئەسكەر تەربىيىلەش ۋە ئۇرۇش قىلىشتىن ئىبارەت ئاكتىپچانلىقنى ۋە ئاڭلىقلىقنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. يەنە كوماندىر – جەڭچىلەرنىڭ پەن مەدەنىيەت بىلىمى بولۇشى كېرەك. بۇنداق بولمىسا، زامانىۋى قورال – جابدۇقلارنى پىششىق ئىگىلىگىلى بولمايدۇ. بىر جەڭچىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆز قولىدىكى قورالدىن باشقا بىرنەچچە خىل قوراللارنى بۇزۇشى، تۈزىشى، ئۇنىڭ جەڭگىۋارلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلىشى؛ كوماندىرلار ئۆز ئەسكىرىي تۈرىدىن باشقا يەنە بىرنەچچە خىل ئارمىيە تۈرلىرىنىڭ ئاساسلىق جەڭگىۋارلىق خۇسۇسىيەتلىرىدىن خەۋىرى بولۇشى لازىم. ئۇرۇشتا قاتتىق جەڭگىۋار ئىستىل ۋە قاتتىق تەشكىلىي ئىنتىزام بولۇشى كېرەك. قىسىملار چېچىلاڭغۇ بولسا، جەڭگىۋارلىقتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. دېمەك تەربىيە ۋە تەلىمنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرى ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولىدۇ.



بىر – بىرىنى تولۇقلايدۇ. قايسى بىر تەرەپكە سەل قارالسا، قىسىملارنىڭ جەڭگىۋار كۈچى ئاجىزلاپ كېتىدۇ.

توغرا ئىدىيىۋى لۇشيەننىڭ تۇرغۇزۇلۇشى – ئارمىيىمىزنىڭ تەلىم – تەربىيە سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش – پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيىۋى لۇشيەنىنىڭ تۈپ نۇقتىسى. مۇشۇ ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرغاندىلا، تەربىيە ۋە تەلىمگە يېتەكچىلىك قىلىشتا پىكىر قىلىش ھوقۇقىغا ۋە تەشەببۇسكارلىققا ئىگە بولالايمىز. ھەرقانداق ھەربىي نەزەرىيە ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتتىن، شۇنداقلا ئوخشاشمىغان سىنىپلارنىڭ مەنپەئىتىدىن ۋە دۇنيا قارىشىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. قەدىمكى دەۋرلەردە مەملىكىتىمىزدە ئۆتكەن داڭلىق ھەربىي ئەربابلار سانسىزلىغان ئۇرۇش مۆجىزىلىرىنى ياراتقان ھەم مەشھۇر ھەربىي ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغانىدى. مەسىلەن: «سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇرى» قاتارلىق ئەسەرلەردە، مۇئەييەن دائىرە ۋە مۇئەييەن دەرىجىدە ئادەتتىكى ئۇرۇشلارنىڭ قانۇنىيىتى ئېچىپ بېرىلگەن، ئاممىباب دىئالېكتىكا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، لېكىن، سىنىپىي چەكلىمە ۋە مەۋجۇت بۇرژۇئا ھەربىي نەزەرىيىسى گەرچە ئۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى ئوخشاشمىغان دەرىجىدە توغرا ئەكس ئەتتۈرەلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىجتىمائىي سىياسىي خاھىشتىن ئېيتقاندا، ھەممىسى بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇرژۇئا بىلىش نەزەرىيىسى بولسا، قويۇق ئىدېئالىزم ۋە مېتافىزىكىلىق تۈس ئالغان بولىدۇ. ناپولېئون، كوتۇزوۋ قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى بۇرژۇئا ھەربىي نەزەرىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەرلەردۇر. بىز بۇرژۇئا ھەربىي نەزەرىيىسىنىڭ ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى ھەربىي

ئەسەرلىرىنىڭ جەۋھىرىنى تەنقىدىي يوسۇندا قوبۇل قىلىپ،
قەدىمكىنى ھازىرقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مەقسىتىگە
يېتىشىمىز كېرەك.

ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ۋە ماۋ زېدۇڭنىڭ
ھەربىي نەزەرىيىسى پرولېتارىيات ۋە ئىنقىلابىي خەلق ئېلىپ
بارغان ئۇرۇشلارنىڭ ئىلمىي يەكۈنى، ئۇنىڭدا، دىئالېكتىك
ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم ئاساس قىلىنغان. بىز
ھەربىي نەزەرىيەلەرنى ئۇقتىلىق ئۆگىنىشىمىز، ماركسىزمنى
تەتقىق قىلىپ، ئۇرۇشنىڭ مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇللى-
رىنى تەتقىق قىلىپ، زامانىۋى ئۇرۇشلاردا ئوتتۇرىغا چىققان
بىر قاتار يېڭى مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىپ ۋە ئۇلارنى ھەل
قىلىپ، پرولېتارىياتنىڭ ھەربىي نەزەرىيىسىنى تېخىمۇ شانلىق
نۇر چاچقۇزۇپ، ئارمىيىمىزنىڭ تەلىم - تەربىيىسىگە كۆڭۈل
بۆلۈپ، ۋەزىپە تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، تۆت پرىنسىپتا چىڭ
تۇرۇپ، زامانىۋىلىشىش، مۇنتىزىملىشىش قەدىمىنى تېزلىتىشى-
مىز كېرەك.

## 6 - بۆلۈم قوماندانىنىڭ ئەسكەر ئىشلىتىش سەنئىتى

ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ دۈشمەننى بىر - بىرلەپ
يوقىتىش قوماندانىنىڭ ئۇرۇشتا ئەسكەر ئىشلىتىش سەنئىتىنىڭ
دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان بىر تەرەپتۇر. بۇ يەردىكى ماھىيەت-
لىك مەسىلە — يوقىتىش جېڭى ئېلىپ بېرىش - ئېلىپ
بارماسلىقتا. ئۇرۇشنىڭ پۈتۈن جەريانى بويىچە ئېتىي-
قاندا، پەقەت دۈشمەننى ئۈزلۈكسىز يوقاتقاندىلا ئاندىن
دۈشمەننىڭ ئاساسىي كۈچلىرىنى تەدرىجىي ھالدا يوقاتقىلى،



دۈشمەن بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتكىلى، ئۇرۇش
ۋەزىيىتىدە بۇرۇلۇش ياسىغىلى، ئاخىرىدا ئۇرۇش ئارقىلىق مە-
سىلىنى ھەل قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. كەلگۈسىدە
تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كەلسە، ئېھ-
تىمال بىز ناچار قورال - جابدۇقلار ئارقىلىق زامانىۋى قورال -
جابدۇقلار بىلەن قوراللانغان دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش-
مىز، كۈچلۈك ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدىكى،
زەربە بېرىش كۈچى ۋە مۇداپىئەلىنىش كۈچىگە ئىگە دۈش-
مەنلەرنىڭ تانكا ۋە بىرونېۋىك قىسىملىرىغا تاقابىل تۇرۇ-
شىمىز مۇمكىن. دېمەك، يوقىتىش جېڭىنىڭ كۆلىمى مۇقەررەر
يوسۇندا كىچىكلىكتىن چوڭىيىشتەك تەرەققىيات جەريانىنى
بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ. لېكىن، مەيلى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەز-
گىلى، ئوتتۇرا مەزگىلى ۋە ئاخىرقى مەزگىلىدە بولسۇن، بىز
ھامان ئۇرۇش پەيتىنى پائال يارىتىپ ۋە ئىزدەپ، دۈشمەن-
لەرنىڭ بوشلۇقىدىن پايدىلىنىپ، بارلىق پايدىلىق يوقى-
تىش جېڭىنى قولدىن بەرمەسلىكىمىز لازىم. بۇ، ئۇرۇشقا يې-
تەكچىلىك قىلىش ئىدىيىسىدىكى موھىم مەسىلە ھەمدە ئاكتىپ
مۇداپىئە ياكى پاسسىپ مۇداپىئەنى پەرق ئېتىشنىڭ مۇھىم
بەلگىسى. يوقىتىش جېڭى ئېلىپ بېرىلىدىكەن، كۆلىمىنىڭ
چوڭ كىچىكلىكىدىن قەتئىينەزەر، ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچنى
توپلاپ دۈشمەننى بىر - بىرلەپ يوقىتىشتىن ئىبارەت بۇ جەڭ
پرىنسىپىنى ئىجرا قىلىش لازىم. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كې-
رەككى، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئارمىيىنىڭ قورال -
جابدۇقلىرى ناچار ھالەتتە تۇرغان شارائىتتا، تانكىنى
ئاساس قىلغان دۈشمەن ئارمىيىسىگە نىسبەتەن يوقىتىش ئۇ-
رۇشى قىلغاندا، كۆپ ئەسكىرىي كۈچنى توپلىشىمىز قىيىنغا
چۈشىدۇ. ئەگەر ئېھتىيات قىلمىساق، دۈشمەننى پۈتۈنلەي يو-
قىتىپ تېز ھەل قىلىش جېڭى ئەمەلگە ئاشۇرۇلمايلا قال-

ماستىن، بەلكى ئارمىيىمىزنى زىيانغا ئۇچرىتىپ قويىمىز، پايدا زىياننى قاپلىيالماي قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يېتەكچى ئىدىيىدە يوقىتىش جېڭى ئېلىپ بېرىشنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاز - ئازدىن يوقىتىشقىلا بولىدۇكى، بىر ۋاقىت ئىچىدە، بىر چاغدا ناھايىتى كۆپ ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ، كۆپلىگەن دۈشمەننى بىر قېتىمدىلا يوقىتىشنى مەقسەت قىلىشقا بولمايدۇ. دېمەك، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە دۈشمەننىڭ چوڭ قوشۇنلىرى بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشتىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت بۇ ئالدىنقى شەرتكە خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يوقىتىش جېڭى قىلىشتا، تاللىغان نىشان كىچىكرەك بولۇشى كېرەك. ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ دۈشمەننى بىر - بىرلەپ يوقىتىشتىن ئىبارەت بۇ پرىنسىپنى كونكرېت ئىشلەتكەندە، قىسىم ئاز بولسا، بىر قېتىمدا كىچىك ياكى كىچىكرەك بىر نىشانغا قارىتا ئۈستۈنلۈكنى شەكىللەندۈرۈشكە بولىدۇ. قىسىم كۆپ بولغاندا، بىر ۋاقىت ئىچىدە بىرنەچچە كىچىك ياكى كىچىكرەك نىشانغا قارىتا ئۈستۈنلۈكنى شەكىللەندۈرۈشكە بولىدۇ. ھۇجۇم قىلىشتا، دۈشمەنگە يوشۇرۇن ھالدا يېقىنلىشىش، شىددەتلىك ئۇرۇش قىلىپ، تېز ھەل قىلىش، تېز چېكىنىپ يىراققا كېتىشتىن ئىبارەت ئۇسۇلنى قوللىنىش لازىم. ھەر قېتىمدىكى ئۇرۇشتا، جەڭ باشلىنىشتىن بۇرۇن بەلگىلەنگەن زەربە بېرىش نىشانىغا ئاساسەن، ئەسكىرىي كۈچ ۋە قورال - جابدۇقلارنى تارقاق ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىرنەچچە يولغا بۆلۈنۈپ، تەڭ ئىلگىرىلەپ، دۈشمەنگە يوشۇرۇن ھالدا يېقىنلىشىش لازىم. جەڭ باشلانغاندىن كېيىن، زەربە بېرىش نىشانى مەركەزلىك بولۇشى، قىسىملار ھەر تەرەپتىن كېلىپ شىددەت بىلەن ئاتاكا قىلىپ بۆسۈپ ئۆتۈشى، دۈشمەننى يېقىن ئارىلىقتا يوقىتىپ تېز ھەل قىلىشنى ئەمەلگە



ئاشۇرۇش كېرەك. جەڭ ئاياغلاشقاندىن كېيىن، دەرھال تارقىلىپ يۆتكىلىش، تېز چېكىنىپ يىراققا كېتىش ھەمدە ماسكىروۋكا قىلىش ۋە قوغدىنىشقا دىققەت قىلىپ، دۈشمەننىڭ ھاۋادىن ۋە يەردىن ئوت كۈچى ئارقىلىق ئۆچ ئېلىپ قىرغىنچىلىق قىلىشىدىن ئىمكان قەدەر ساقلىنىش كېرەك. ئەسكىرىي كۈچنى توپلاش — ئاساسەن دۈشمەننىڭ تانكا ۋە برونېۋىكلىرىغا قارىتا ئېيتىلغان؛ ئۈستۈنلۈكنى ھاسىل قىلىش ئەسكىرىي كۈچنىڭ سېلىشتۇرمىسىدىلا كۆرسىتىپ قالماستىن، بەلكى ئوت كۈچى سېلىشتۇرمىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، ئەسكىرىي كۈچ جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ، ئوت كۈچى جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولالماي ناچار ھالەتتە قېلىشتەك ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. شۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، ئارمىيىمىزنىڭ ھازىرقى شتاتلىق قورال - جابدۇقلىرى بىلەن دۈشمەننىڭ تانكا، توپىغا تاقابىل تۇرۇشتا ئەسكىرىي كۈچلەرنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئورۇنلاشتۇرماي تۇرۇپ، مۇشۇنداق ئوت كۈچى سېلىشتۇرمىسى ئۈستۈنلۈكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ناھايىتى تەس. شۇڭا تانكىغا قارشى قوراللار ۋە باشقا ئېغىر قوراللارنى تەتقىق قىلىپ ياساش، جەڭ ۋاقتىدا، ھەر دەرىجىلىك كوماندىرلاردىن ئوپېراتسىيە ۋە جەڭنى پىلانلاپ ئۇيۇشتۇرغاندا، قۇدرىتى يەتكەن ئەھۋال ئاستىدا، جەڭ قىلىدىغان قىسىمغا، بولۇپمۇ ئاساسلىق جەڭ قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان قىسىمغا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە زەمبىرەك ۋە تانكىغا قارشى قورال - جابدۇقلارنى كۆپەيتىپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەلۋەتتە ئوت كۈچىنى ئىشلىتىشتە، ئوت قوراللىرى تارقاق، ئوت كۈچى مەركەزلىك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ، دۈشمەننى بىر -

بىرلەپ يوقىتىشتىن ئىبارەت ئۇرۇش پرىنسىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يوقىتىش جېڭىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش — بارالماسلىقتىكى ئىنتايىن موھىم بىر مەسىلە كوماندىر جەڭچىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ھەرىكەتچانلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش — قىلدۇرماسلىقتا. يەنى بۇنى كوماندىرلارنىڭ قوماندانلىق سەنئىتى ۋە قىسىملارنىڭ جەڭگىۋارلىق روھىغا باغلىق دېيىشكە بولىدۇ. گەرچە قورال ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ياكى مەغلۇبىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىل بولسىمۇ، لېكىن ھەل قىلغۇچ ئامىل ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئادەم. بىزنىڭ ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ، دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش دېگىنىمىز — بىرگە ئىككى، بىرگە ئۈچ، بىرگە تۆت، بىرگە بەش، ھەتتا تېخىمۇ كۆپرەك بولغاندا، چوقۇم غەلىبە قىلالايمىز دېگەنلىكمۇ ئەمەس. ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچنى توپلاش بىر ئادەتتىكى پرىنسىپ، ھەرگىز مۇتلەقلەشتۈرۈلگەن بىر ھەل قىلغۇچ شەرت ئەمەس. بۇ يەردە ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە كوماندىرلارنىڭ سۇبيېكتىپ ھەرىكەتچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا ماھىر بولۇشقا تايىنىشتىن ئىبارەت. ئەسكىرىي كۈچنى توپلاشتىن ئىبارەت پرىنسىپنى ئۆلۈك نەرسە دەپ قاراپ، ئۇنى مۇتلەقلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ھازىرقى زامان قوراللىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان جەڭلەردە يەنىلا بۇرۇنقىدەك بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت، بەش، ئالتە ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچنى بىر يەرگە توپلاشقا بولمايدۇ. بۇنداق جىق ئەسكىرىي كۈچنى بىر يەرگە يىغقاندا، نىشان چوڭ بولۇپ قېلىپ قىسىملارنى سەپكە يېيىلدۇرۇش قىيىنغا توختايدۇ. بۇنداق بولغاندا يەنە، قاتناش قولايسىز، قوماندانلىق قىلىش تەس بولۇپ قېلىپ، ئاسانلا دۈشمەننىڭ ھاۋا ھۇجۇمىغا ئۇچراپ چوڭ زىيان تارتىپ قالىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭدىن كېيىن زامانىۋى ئۇرۇشلاردا بىر ياكى ئىككى،



ئېشىپ كەتسە ئۈچ ھەسسە ئەسكىرىي كۈچنى يىغىپ دۈشمەنگە زەربە بېرىش ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بىر ئوپېراتسىيە ياكى بىر جەڭدە ئەگەر بىز ئەسكىرىي كۈچ ۋە ئوت كۈچى جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ، دۈشمەن ناچار ئەھۋالدا تۇرغان بولسا، بىز غەلىبە قىلالايمىز. ھەرقانداق جەڭ ئېلىپ بارغاندا كوماندىرلارنىڭ سۇبيېكتىپ ھەرىكەتچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك، كوماندىرلار دۈشمەننىڭ ئەسكىرىي كۈچى، قورال — جابدۇقلىرى، سۈپىتى ۋە ئەسكەرلەرنىڭ روھىي كەيپىياتى، شۇنىڭدەك دۈشمەن تەرەپنىڭ قوماندانلىرىنىڭ قابىلىيىتى، ئۇلارنىڭ ئۇسلۇبى ۋە مىجەزىنى تولۇق تەھلىل قىلىش ئارقىلىق توغرا ھۆكۈم چىقىرالايدىغان بولۇشى لازىم. «مىجەز» دېگەندە دۈشمەن قوماندانلىرىنىڭ ئۇرۇش ۋاقتىدا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، قاتتىق ئۇرۇش قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغانلىقى — قىلالمايدىغانلىقى ياكى ماھىرلىق بىلەن پەم ئىشلىتىپ ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرىدىغان يا بولمىسا، قورقۇنچاقلىق قىلىپ بىر قارارغا كېلەلمەيدىغانلىقى قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىز دۈشمەن بىلەن ئۆزىمىزدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىكى ئەھۋاللارنى پىششىق بىلسەكلا، پايدىلىق ئۇرۇش پەيتىنى يارىتالايمىز ۋە ئۇرۇش پەيتىنى تۇتالايمىز. ئۇرۇش پەيتىنى يارىتىش دېگىنىمىز — دۈشمەننى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، دۈشمەندە گۇمان ۋە خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلىپ، دۈشمەننىڭ خاتالىقىنى، ئاجىزلىقىنى زورايتىپ، ئۇنى خاتالاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. ئەسكىرىي كۈچنى مۇۋاپىق پەيتتە ئىشلەتكەندە، بىز ئۈستۈنلۈكتە تۇرمىغان ياكى دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ كۈچىمىز تەڭ بولغان، ھەتتا بىز ناچار شارائىتتا تۇرغان ئەھۋالدىمۇ، ناچار ئەھۋالنى ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇپ، ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

دېمەك، بارلىق كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقى ۋە باتۇر قەيسەر بولۇشتەك جەڭگىۋار روھى جارى قىلدۇرۇلسا، ئاندىن ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ، دۈشمەننى بىر ـ بىرلەپ يوقىتىش پرىنسىپىنى توغرا ئىشقا ئاشۇرۇپ، يوقىتىش جېڭىنى غەلىبىلىك قىلغىلى بولىدۇ.

责任编辑：魏力
封面设计：热孜宛

**战争与指挥员**　（维吾尔文）
艾孜左夫·哈斯木　著

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号　邮政编码830001）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米　32开8印张4插页
1993年12月第1版　1994年4月第1次印刷
印数：1—2050

ISBN 7—228—02708—6/K·283　定价：5.00元